● ئۇيغۇر سەنئىتىگە دۇنياۋى شەرەپ كەلتۈرگەن ئۇسسۇل چولپىنى دىلنار ئابدۇللا ●



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANGCIVILIZATION

1
1998



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى 1997-يىل 25-سىنتەبىردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى زوردۇن سابىرنىڭ 60 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «زوردۇن سابىر ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزدى. يىغىندا بۇ شۆھرەتلىك خەلق يازغۇچىسىنى قۇتلۇقلاپ تون كىيگۈزۈلدى.

- يازغۇچىنىڭ يېقىنقى سۈرىتى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
47 - يىل نەشرى 1998 - يىل 1- سان (ئومۇمىي 230 - سان)

# بۇستاندا

## مەدەنىيەت تارىخىمىزدا

مىرەن خارابىسىدىن تېپىلغان بۇددىزم يادىكارلىقلىرى ............ ئابدۇقەييۇم خوجا 2

## ئەدەبىيات گۈلزارى

بېلىقچى ھەققىدە ھېكايە ............ (ھېكايە) ............ ياسىنجان سادىق 9
پاجىئەنىڭ يەنە بىر يۈزى ............ (ئەبجەش خاتىرە) ............ ئابباس مۇنىياز 19
تۆشۈك نان ............ (ھېكايە) ............ ھەبىبۇللا مىجىت 20
ئانا ............ (داستان) ............ ئابدۇلباسىت ئابدۇراھمان 22
شېئىرغا كىرىش ............ بۇغدا ئابدۇللا 27

## مۇھاكىمە

تۇران بىلەن ئىراننىڭ سۆھبىتى ............ ئەسەت سۇلايمان 29

## دانالار خەزىنىسى

ھايات ھەقىقەتلىرى ............ تەييارلىغۇچىلار: م. مۇھەممىدى 63
ئە. ئەخەت، ئېلتىكىن، م. توختى، ئۇ. مەتنىياز، ش. ئابدۇلئەھەد، ئە. تاشتۆمۈر، ئا. ئوبۇلقاسىم، د. قۇربان

## مەدەنىيەت- سەنئەت گېزىتى

ئۇچۇرلار ............ رىسالەت مۇھەممەت، گۈلچېھرە ئەزىز 80

مۇقاۋىدا: ياپونىيىنىڭ دابەن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا سەنئەت بايرىمىدا «ئەڭ ئالىي ئورۇنداش مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ئاتاقلىق ياش ئۇسسۇلچى دىلنار ئابدۇللا.
مۇقاۋىلايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)
مۇھەررىر ۋە كاتىپ: رىسالەت مۇھەممەت مەركۇر سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مىرەن خارابىسىدىن تېپىلغان بۇددىزم يادىكارلىقلىرى

ئابدۇقەييۇم خوجا

چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى تەخمىنەن 35 كىلومېتىر يىراقلىقتا قەدىمكى مىرەن شەھىرىنىڭ خارابىسى جايلاشقان بولۇپ، ئۇ، تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكى، ئالتۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ شەھەر ئەينى زاماندا «كارۋان يولى» (يىپەك يولى) دىكى مۇھىم ئۆتكەللەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمكى كىروران (پىشامشان) دۆلىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە بۇددا دىنى مەدەنىيىتىدە نۇقتىلىق شەھەر ھېسابلىناتتى. مىرەن شەھىرى خارابىسىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى شەرقتىن غەربكە بىر نەچچە كىلومېتىر دائىرىگىچە سوزۇلغان بولۇپ، ھازىر ئۇن نەچچە ئورۇندا بۇ خىل چوڭ-كىچىك قالدۇق ئىزلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئېگىز تۆپىلىككە جايلاشقان خارابىنىڭ ساقلىنىشى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، ئۇنىڭ سېپىل تاملىرى شەرقتىن غەربكە (ئۇزۇنلۇقى) 60-70 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا (ئۇزۇنلۇقى) تەخمىنەن 30 مېتىر كېلىدۇ. سېپىل تاملىرىنىڭ كەڭلىكى 2 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، توپا قۇرۇلمىلىق، قاڭداپ ياسالغان. سېپىل تاملىرىنىڭ ھەر 2-3 قاتلام ئارىلىقىغا بىر قۇر يۇلغۇن شاخلىرى ياتقۇزۇلۇپ سوقۇلغان.

قەدىمكى «مىرەن شەھىرى» خارابىسىدىكى ئۆي-ئىمارەت، قۇرۇلۇشلار ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان، ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ھازىر يەنىلا بەزى ئۆيلەرنىڭ، بۇددا ئىبادەتخانىسى، بۇددا مۇنارىسى (راۋىقى) قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ قالدۇق خارابە-ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە بۇددا دىنى كىروران-مىرەن تەۋەسىگە تارقالغاندىن تارتىپ، ئىسلام دىنى تارىم ۋادىسى ئەتراپىغا ئومۇملاشقانغا قەدەر بۇددىزم مەدەنىيىتى كىروران-مىرەن مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر قىلغانىدى. مىڭ يىلدىن ئاشىدىغان بۇ ئۇزاق ئەسىرلەر-قەدىمكى كىروران-مىرەن تارىخىدىكى ئەڭ شانلىق مەزگىللەر بولۇپ، ئۇ زامانلاردا بۇددا دىنى، بۇددىزم مەدەنىيەت-سەنئىتى روناق تاپقان كىروران-مىرەن شەھەرلىرى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت، سودا-ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدىمۇ زور رول ئوينىغانىدى. دەلىللىنىشىچە، جاڭ چيەن چاڭئەندىن چىقىپ، كىروران ئارقىلىق تۇخارستانغا بارغان، شۇڭا يىپەك يولىدىكى كىروران-«يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل» دەپ قارالماقتا.

## مىرەندىكى يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلىش جەريانى

1906-يىلى، ئاۋرېل ستېيىن (Aurel Stein) تارىم-لوپنۇر ۋادىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان چېغىدا قەدىمكى مىرەن شەھىرى خارابىسىنىمۇ ئەتراپلىق قىدىرىپ تەكشۈردى. شۇ چاغدا ئۇ قەدىمكى مىرەن خارابىسىدىكى كىروران (پىشامشان) دۆلىتى دەۋرلىرىگە خاس بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ئىزلىرىدىن 14 نۇقتىنى قېزىپ تەكشۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ستېيىن ئۆزى M. I، M. II، M. V دەپ نومۇر بەرگەن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ئىزلىرىدىن بۇددىزم مەدەنىيەت-سەنئىتىگە ئائىت ئىنتايىن نەپىس سىزىلغان تام رەسىملىرى، بۇددا ھەيكىلى، بۇددا مۇنارىغا مۇناسىۋەتلىك ئىسىل نەقىشلەر قاتارلىقلارنى تاپىدۇ.[1] M. II نومۇرلۇق ئىز مۇنار شەكلىدە ياسالغان قۇرۇلۇش بولۇپ، بۇددا مۇنارىسىنىڭ سىرتقى تەرىپى تام

بىلەن قورشىلىپ ئىچىگە ئايلانما كارىدور چىقىرىلغان. ئاۋرېل ستېيىن بۇ خارابىنى تەكشۈرگەن مەزگىللەردە بۇددا مۇنارىنىڭ مەركىزىي قۇرۇلمىسىنىڭ يېرىمى ساقلىنىپ قال-



(1. سۈرەت: مىرەندىكى M.Ⅰ- نومۇرلۇق بۇددا مۇنارى خارابىسىدىن تېپىلغان بۇت بېشى)

غان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە بىر قاتار بۇت تەكچىلىرى بار ئىكەن. بۇت تەكچىلىرى بىر-بىرىدىن يېرىم تۈۋرۈكلۈك قاپارتما نەقىشلەر بىلەن ئايرىۋېتىل-گەن. باش تەرىپى قايىنام شەكىللىك قىلىپ چىقىرىلغان قاپارتما نەقىشلىك تۈۋرۈكلەرنىڭ ئاستىغا قاپارتما نەقىشلىك قوش تۈۋرۈك چىقىرىلغان. بۇت تەكچىلىرىگە يەنە ھەيۋەتلىك بۇددا ھەيكەللىرى تىكلەنگەن. بۇت تەكچە تۈۋرۈكلىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا قاتار ئولتۇرغان قىياپەتتىكى ناھايىتى چوڭ بۇددا ھەيكەللىرى تىكلەنگەن بولۇپ (ھەيكەللەرنىڭ باشلىرى يوقاپ كەتكەن)، ھەيكەللەرنىڭ ئىككى تىزىنىڭ ئارىلىقى 1.8 مېتىر كېلىدىكەن. ئا. ستېيىن ئايلانما كارىدوردىكى توپا ئارىسىدىن ئېگىزلىكى 90 سانتىمېتر كېلىدىغان بۇددا ھەيكىلىنىڭ بېشىنى تېپىۋالغان (1- سۈرەتكە قاراڭ). يەنە بىر ھەيكەلنىڭ ئاستى تەرىپىدىن براھمى يېزىقى پۈتۈلگەن قولۇلە (سەدەپ) قېپىنىمۇ تېپىۋالغان. ئىسپاتلىنىشىچە، قولۇلە قېپىغا يېزىلغان بۇ خىل براھمىچە يېزىق شەكلىنىڭ دەۋرى ئەڭ كېيىن ھېسابلىغاندىمۇ مىلادى Ⅳ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدىكەن. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا M.Ⅱ نومۇرلۇق بۇددا مۇنارىنىڭ ياسالغان دەۋرى يەنىلا مىلادى Ⅳ ئەسىردىن ئىلگىرى بولۇپ چىقىدۇ.

M.Ⅲ نومۇرلۇق بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىزى مىرەن خارابىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، يۇملاق شەكىللىك بۇ قۇرۇلۇشنىڭ مەركىزى قىسمىدىكى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان مۇنار (دىئامېتىرى 2.7 مېتىر) نىڭ ئەتراپى تام (دائىرە تامنىڭ ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 9 مېتىر) بىلەن قورشالغان. مەركىزىي مۇنارنىڭ ئەتراپىدا 1.2 مېتىر كەڭلىكتە ياسالغان ئايلانما كارىدور بار بولۇپ، ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى تاملارغا «قاناتلىق پەرىشتە» لەر رەسىملىرى قويۇق كلاسسىك سەنئەت ئۇسلۇبىدا ناھايىتى كۆركەم قىلىپ سىزىلغان. ئاۋرېل ستېيىن بۇ رەسىملەرنى بۇددا مۇنارىنىڭ ئايلانما كارىدور تاملىرىدىن تاپقان چېغىدا، ئاسىيانىڭ كىندىكىگە جايلاشقان چەكسىز كەتكەن دەشتى-باياۋان لوپنۇر ۋادىسىدىكى بۇ خىل كلاسسىك ئۇسلۇپتا سىزىلغان كۆركەم پەرىشتە رەسىملىرىگە قاراپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەن ھالدا ھەيران قالغان. شۇڭا بۇ ئالىم ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە: «. . . مەن ناھايىتى ھاياجان ئىلكىدە، بۇ رەسىملەرنى كۆمۈپ تاشلىغان توپا-تىندۇرمىلارنى قوللىرىم بىلەن بىرمۇ-بىر ئاۋايلاپ تازىلاپ چىقتىم. شۇنىسى ماڭا ئايانكى، قورۇم تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتىكىدىكى ھەرقايسى يەرلەردە مەن ئۇچراتقان ھەرقايسى دەۋرلەرگە خاس تام رەسىملەر ئىچىدە بۇ تام رەسىملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن رەڭلىرى كلاسسىك سەنئەت ئۇسلۇبىدا ئىدى. رەسىملەردىكى پەرىشتىلەرنىڭ يوغان، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن بولۇپ، نېپىز لەۋلىرىدىن كۈلۈمسىرەشى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ نازۇك ھېسسىياتلىق قىياپەتلىرى خىياللىرىمنى مىسىر، رىم قاتارلىق يەرلەردىن تېپىلغان قەدىمكى يۇنان قىزلىرىنىڭ گۈزەل كۆركىگە ئېلىپ كەتتى . . .» دەپ يازغان.[2] (ماۋزۇ سۈرىتى ۋە 2-، 3-، 4- سۈرەتلەرگە قاراڭ)



(2. سۈرەت: مىرەندىكى M.Ⅱ- نومۇرلۇق بۇددا مۇنارىنىڭ ئايلانما كارىدور تاملىرىغا سىزىلغان قاناتلىق پەرىشتە رەسىمى)

قاناتلىق پەرىشتە رەسىملىرى ئىچىدە 7 پارچىسى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەسىم مەيدانىدىكى ئورنى ۋە قىياپەتلىرى ناھايىتى زىل لايىھىلەنگەن (بۇ ماقالىدە پەرىشتە رەسىملىرىنىڭ بىر نەچچە پارچە سۈرىتى بېرىلدى). ئۇلارنىڭ ئۇزۇن قارا (قويۇق) قاشلىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرى ئايلانما كارىدورنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تاملىرىغا سىزىلغان راھىبلار رەسىملىرىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قارىشىپ تۇرغان ھالەتتە بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا بۇ ئىبادەتخانىنى تاۋاپ قىلغان تاپىنغۇچىلار (راھىبلار) غا بىر خىل بەختلىك

www.uyghurkitap.com

تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى.

Ⅲ .M- نومۇرلۇق ئىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تېمىدىكى تام رەسىملىرىدە بۇددانىڭ نوم تەرغىب قىلىشىغا ئائىت ھېكايىلەر تەسۋىرلەنگەن. رەسىم مەيدانىنىڭ سول تەرىپىدە ئۈستىگە قىزغۇچ رەڭ-



(3. 4. سۈرەت: ئوڭدا: مىرەندىكى Ⅲ .M- نومۇرلۇق بۇددا مۇنارىنىڭ ئايلانما كارىدور تاملىرىغا سىزىلغان «كېرورەن گۈزەللىرى»؛ سولدا: مىرەندىكى Ⅲ .M. نومۇرلۇق بۇددا مۇنارىنىڭ ئايلانما كارىدور تاملىرىغا سىزىلغان شاھزادە رەسىمى)

ىڭ كاسايا كىيگەن بۇددا (بۇددانىڭ باش سمىنىڭ كەينىدە نۇر چەمبىرىكى، ئوڭ قولىنى ئېچىپ تۇرغان قىياپەتتە) رەسىمى، رەسىم مەيدانىنىڭ ئوڭ بۆلىكىدە 6 نەپەر يالىڭاباش راھىبلار (يۇقىرى، تۆۋەن 2 قاتار، ھەر قاتاردا 3 نەپەر) رەسىمى سىزىلغان. رەسىملەر ناھايىتى قاملاشتۇرۇلۇپ ئوبرازلىق سىزىلغان بولۇپ، بۇددا ۋە راھىبلارنىڭ كۆركى، يوغان، نۇرلۇق كۆزلىرى قاناتلىق پەرىشتە رەسىملىرى بىلەن ئوخشايدۇ (5- سۈرەتكە قاراڭ).

Ⅴ .M- نومۇرلۇق بۇددا ئىبادەتخانە ئىزى تۆت بۇرجەك بولۇپ، Ⅲ .M - ئىزغا ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئىبادەتخانە تاملىرىنىڭ ھەر تەرىپى 12 مېتىر، ئايلانما كارىدورىنىڭ كەڭلىكى 2.1 مېتىر، مۇنارنىڭ دىئامېتىرى 4 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىبادەتخانىدىكى تام رەسىملىرى بۇددا مۇنارىنىڭ ئايلانما كارىدورىنىڭ ئىككى تاملىرىغا سىزىلغان بولۇپ، Ⅲ .M- نومۇرلۇق ئىبادەتخانىنىڭ ئايلانما كارىدور تاملىرىغا سىزىلغان قاناتلىق پەرىشتە رەسىملىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋال Ⅲ .M- ۋە Ⅴ .M- بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بىر دەۋردە ياسالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. (6- سۈرەتكە قاراڭ).

Ⅴ .M- ئىبادەتخانىدىكى ئايلانما كارىدور تاملىرىغا ناھايىتى چوڭ ھەجىمدە سىزىلغان 2 پارچە رەسىمنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە شاھزادە سۇددانانىڭ يارالمىش قىسسىلىرىگە ئائىت تەسىرلىك ھېكايە تەسۋىرلەنگەن (تام رەسىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.5 مېتىر، سولدىن ئوڭغا قارىتىپ سىزىلغان) بولۇپ، ئۇنىڭدا شاھزادە ئاتقا مىنگەن، ئايالى بىلەن ئوغلى 4 ئاتلىق ھارۋىدا ئولتۇرغان، شاھزادە سەدىقە، خەير- ساخاۋەت ئىشلىرىدا سەھۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن خان ئاتىسى (پادىشا) تەرىپىدىن ئوردىدىن قوغلانغانلىقىغا ئائىت ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەن؛ ئايلانما كارىدورىنىڭ شىمالىي تېمىغا سىزىلغان تام رەسىملىرىدە شاھزادە سۇددانا بىلەن خوتۇنىنىڭ خىلۋەت جىلغىدا تەركىدۇنيالىقتا دەرۋىش بولۇپ ياشىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئوردىغا يېنىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقەلىكلەر تەسۋىرلەنگەن. ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا ھەر خىل بۇزغۇنچىلىقلار سەۋەبىدىن يارالمىش قىسسىلىرىغا ئائىت بۇ گۈزەل سەنئەت يادىكارلىقلىرى تولۇق ساقلىنىپ قالالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا رەسىملەردە تەسۋىرلەنگەن ئاساسىي ۋەقەلىكلەرنى ئۇققىلى بولىدۇ. گەرچە تام رەسىملىرى بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ سىزىلغان بولسىمۇ، ھەر قايسى رەسىم بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنۈشلەر بىلەن باشقا پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ناھايىتى ماسلاشتۇرۇلۇپ سىزىلغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. كۆرۈنۈش (مەنزىرە) بىلەن ئادەم سىزمىلىرىنى سىزىش ئۇسۇلىدا رېئاللىقنى تەسۋىرلەش بىلەن بىللە، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى قاتارلىقلار كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ. تام رەسىملىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدە يارالمىش قىسسىلىرىغا ئائىت چوڭ ئاق پىلنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، پىلنىڭ كۆكرەك قىسمىدا كارۇشتى يېزىقىدا بېغىشلىما يېزىلغان.



(5. سۈرەت: مىرەندىكى Ⅲ .M- نومۇرلۇق بۇددا مۇنارىنىڭ ئايلانما كارىدور تاملىرىغا سىزىلغان بۇددا ۋە راھىبلار رەسىملىرى)

ئۇنىڭدا رەسسامنىڭ ئىسمى بىلەن رەسىم سىزغان ھەققى ئۈچۈن ئالغان پۇلى قاتارلىق مەزمۇنلار يېزىلغانىكەن. ئاۋرېل ستېيىن بۇ بېغىشلىمىنى فرانسىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس بۇرروۋ (T. Burrow)نىڭ تەتقىق قىلىپ چىقىشىغا ھاۋالە قىلغان. ئالىم بۇرروۋ ئۇنى تۆۋەندىكىچە يېشىپ چىققان:

ترانسكرىپتسىيىسى (ئوقۇلۇشى):

[titasa esaghali/hastaKriea (bhamma) Ka/3000]

مەنىسى: بۇ رەسىملەرنى تىتا (Tita) سىزغان، بۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن 3000 بىھاما ئالدىم.

ئاۋرېل ستېيىن تىتا (Tita) ئاتالغۇسىنى: «بۇ ئېھتىمال رىملىق تىتۇس (Titus) دېگەن ئادەمنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ سانسكرىت تىللىرىدا

تاۋۇش ئۆزگىرىشى ياساپ تىتا (Tita) غا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر ئېھتىمال ئۇ ئەسلىدە رىملىق سەنئەتكار ياكى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەندىھار رايونىغا كەلگەن رىملىقلارنىڭ ئەۋلادى ياكى بولمىسا، ئۇلۇغ توخرى (كۇشان) كۆچمەنلىرى بىلەن گىرورەن (پىشامشان) دۆلىتىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان سەنئەتكار بولۇشى مۇمكىن . . .» دەپ، پەرەز قىلىدۇ.



(6. سۈرەت: مىرەندىكى M.V- نومۇرلۇق بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان قاناتلىق پەرىشتە رەسىملىرى)

هازىرغىچە مىرەندىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى تاملىرىغا سىزىلغان بىباھا گۈزەل سەنئەت يالدامىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي سەۋەبلەر توغرىسىدا ھەر خىل ئىلمىي پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. تۆۋەندە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى:

ئۇلۇغ توخرى دۆلىتى (كوشان ئىمپېرىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ③ قۇللۇق جەمئىيەت ئاساسىدا شەكىللەنگەن ھوقۇق مەركەزلەشكەن چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ، ئۇ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى سودا (يىپەك) يولىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ جۇڭگوغا تۇتىشىدىغان سودا يولى بولۇپلا قالماستىن، جەنۇبتا ھىندىستانغا تۇتىشىدىغان شۇنداقلا خارەزم، ئالان ئارقىلىق شەرقىي ياۋروپاغا بارىدىغان سودا يوللىرىمۇ بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم ۋاستىچىلىق رولىنى ئوينىغان.

كانىشكاخان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ئۇلۇغ توخرى دۆلىتىدە بۇددا دىنى (جۈملىدىن بۇددىزم مەدەنىيىتى) زور كۈچ بىلەن تەرغىب قىلىنغاچقا قەندىھار بىلەن كەشمىر بىر مەھەل بۇددا دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. تەتقىقاتچىلار ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىدە بۇددا ھەيكەللىرىنى ياساش ئادەتتە ماھايانا مەزھىپى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، يەنى مىلادى II ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە باشلانغان دەپ قارايدۇ.

بۇددىزم سەنئىتى (ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق، نەققاشچىلىق قاتارلىقلار) ئۆز زامانىسىدىكى قەندىھاردا ئالاھىدە تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. قەندىھار ھازىرقى پاكىستان بىلەن ئافغانىستاننىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربتە قۇندۇز دەرياسى ۋادىسى، شەرقتە ھىندى دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەين (ئالېكساندىر ماكېدونىسكىي) دەۋرى ۋە كوشان ئىمپېرىيىسى دەۋرلىرىدە ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن بۇ جايدىن يۇنانلىقلار كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىنىڭ خانلىرى بۇددا دىنىنى كۈچەپ تەرغىب قىلغاچقا، يۇنانلاشقان سەنئەت بىلەن قەندىھاردىكى بۇددىزم سەنئىتى ئۆزئارا قويۇق بىرلىشىپ ئاتالمىش «قەندىھار مەدەنىيىتى» بارلىققا كەلگەن④. ئۆز زامانىسىدا قەندىھاردىكى يەرلىك ئاھالە بىلەن يۇنانلىق كۆچمەنلەر ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئالاھىدە كۆپ بولۇپ، «قەندىھار مەدەنىيىتى» نى قەندىھاردىكى يەرلىك بۇددا مۇرىتلىرىدىن چىققان سەنئەتكارلار بىلەن يۇنان (رىم) لىق سەنئەتكارلار ئورتاق ياراتقانىدى.

«قەندىھار مەدەنىيىتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردە بارلىققا كېلىپ، مىلادىدىن كېيىنكى IV - V ئەسىرلەرگىچە داۋاملاشقان. ئۇ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردىن مىلادىدىن كېيىنكى II ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئەڭ گۈللەنگەن بولۇپ، بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنىڭ بۇددىزم سەنئىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.»⑤



(7. سۈرەت: لوپ ناھىيە سانپۇل يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان رەڭدار يۇڭ توقۇلما ئىشتان پۇشقىقىغا توقۇپ چۈشۈرۈلگەن ئادەم ئوبرازى)

تارىخچىلارنىڭ دەلىللىشىچە، مىلادى 171- يىللىرى ئەتراپىدا ئۇلۇغ توخرىلار ئىمپېرىيىسىدە

www.uyghurkitap.com

چوڭ يېغىلىق- قالايمىقانچىلىق پەيدا بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئاھالىلار ئۇرۇش ئاپەتلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تەرەپ- تەرەپكە كۆچۈشكە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە زور بىر تۈركۈم كۆچمەنلەر كىرورەن (پىشامشان) غا ئورۇنلىشىدۇ. كۆچمەن توخرى ئاھالىلىرى ئىچىدىكى ئەسلىدە بار بولغان بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت قەدىمكى كىرورەن مەدەنىيىتىگە، بولۇپمۇ دىنىي ئېتىقاد، تىل-يېزىق مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىرورەن دۆلىتى تەۋەسىدە كارۇشتى يېزىقىنىڭ كەڭ تۈردە قوللىنىلىشى ئەنە شۇنداق تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالىدۇ.

ئۇلۇغ توخرىلار (كوشان) دۆلىتىدىن كۆچكەن ئاھالىلارنىڭ نىمە سەۋەبتىن كىرورەن دۆلىتى زېمىنىنى تاللاپ ئورۇنلاشقانلىقىغا كەلسەك، بۇ يىراق قەدىمكى زامانلاردا كىرورەن (تارىم) دا ياشىغان ئىپتىدائىي ئاھالىلارنىڭ ئىرقى تەركىبلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ. ئىنسانشۇناسلىق، ئىرقشۇناسلىق تەتقىقاتى نەتىجىلىرىدە توخرىلار بىلەن ساكلارنىڭ چوڭقۇر تارىخىي يىلتىزداشلىقىنىڭ بارلىقى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ يەنە كىرورەن، ئۇدۇن دۆلىتى تەۋەسىدە ياشىغان يەرلىك ئاھالىلار بىلەنمۇ مەلۇم ئىرقى باغلىنىشىنىڭ بارلىقى بايان قىلىنغان.



(8. سۈرەت: نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئادەم ئوبرازى ئۆرنەك قىلىپ بېسىلغان پاختا توقۇلما ھەمزەك)

ئۇلۇغ توخرىلار دۆلىتىدىن كۆچكەن ئاھالىلار تارىم- كىرورەن تەۋەسىگە ئورۇنلاشقان ۋاقتىدا، ئۇلار قەدىمدە ئېتىقاد قىلغان ئاتەشپەرەسلىك (ئاتەشپەرەسلىك دىن سەنئىتى)، بۇددا دىنى ئېتىقادى (بۇددىزم سەنئىتى) قاتارلىقلارنى بىللە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، شۇ خىل دىنىي ئېتىقادلار تۈرتكىسىدە يارىتىلغان «قەندىھار مەدەنىيىتى» كىرورەن، ئۇدۇن دۆلىتى تەۋەسىدە ئەسلىدە بار بولغان مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، تېخىمۇ گۈللەنگەنلىكىنى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن كۆرۈپ ئالالايمىز.

دۇنيادا ھەرقانداق شەكىلدىكى مەدەنىيەت- ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزلىرى ياشاپ كەلگەن يېرىدە ياراتقان مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا كىرورەن (تارىم) مەدەنىيىتىمۇ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى ئېقىنىدا ئۆزىدىن باشقا تۈرلۈك مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان، خاسلىققا، رەڭدارلىققا، ئەنئەنىۋىيلىككە ئىگە بولغان. كىرورەن خارابىسى ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارغا جايلاشقان ئۇدۇن، لوپ ناھىيىسىنىڭ سانپۇل يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر، نىيە خارابىسى قاتارلىق يەرلەردىن ھەر خىل ئادەم ئوبرازلىرى توقۇپ چىقىرىلغان رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلار قېزىۋېلىندى. مەسىلەن، 1984- يىلى لوپ ناھىيە سانپۇل يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان رەڭدار يۇڭ توقۇلما ئىشتاننىڭ پۇشقىقىغا قولىدا نەيزە تۇتقان قوراللىق ئادەمنىڭ ئوبرازى كۆپتۈرمە (سېترېئولىق) توقۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ باتۇر قىياپىتى، يوغان ۋە نۇرلۇق كۆكۈش كۆزلىرى، قويۇق ئەگمە قاشلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى، قېلىن (يۇمۇلغان) كالپۇكلىرى مىرەن خارابىسىدىكى بۇددا مۇنارىنىڭ ئايلانما كارىدور تاملىرىغا سىزىلغان قاناتلىق پەرىشتە، بۇددا راھىبلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازىغا بەكلا ئوخشايدۇ (7- سۈرەتكە قاراڭ). سانپۇل قەدىمكى قەبرىلىرىدىن ئېلىنغان ئەۋرىشكىلەرنى كاربون 14 ($C_{14}$) ئانالىزى ئارقىلىق تەھلىل قىلىپ چىقىرىلغان يەكۈندە ئۇلارنىڭ دەۋرىنى 2 باسقۇچقا بۆلۈپ خۇلاسىلىغان. 1- باسقۇچقا خاسلىرى: $2295 \pm 75$ يەنى بۇنىڭدىن 2 مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى دەۋرگە خاس؛

2- باسقۇچقا خاسلىرى: $\begin{matrix}1960\pm80\\1715\pm100\end{matrix}$ يىللار دەپ بېكىتىلگەن[6]

1959- يىلى كۈزدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى نىيەخارابىسىدىن قېزىۋالغان ئادەم رەسىمى ئۆرنەك قىلىپ بېسىلغان رەڭلىك پاختا توقۇلما (ھەمزەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە ئۈزۈم ساپاقلىرى بىلەن ئادەم ئوبرازى ئۆرنەك قىلىپ توقۇپ چىقىرىلغان رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلاردىكى ئادەم ئوبرازلىرىدا بۇددىزم سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ناھايىتى

ئىنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ (8- سۈرەتكە قاراڭ).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئا. ستېيىن قەدىمكى كىرورەن خارابىسىنى تەكشۈرگەندە، ئادەم ئوبرازى توقۇپ چۈشۈرۈلگەن رەڭدار يۇڭ توقۇلما پارچىسىنى تاپقان (بۇ يۇڭ توقۇلمىدىكى ئادەم يۈزىنىڭ يېرىمى ساقلىنىپ قالغان) بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئادەم ئوبرازى بىلەن سانپۇلدىن قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلما ئىشتاننىڭ پۇشقىقىغا توقۇپ چىقىرىلغان ئادەم ئوبرازىمۇ ئوخشايدۇ.

## كاروشتى يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ كىرورەن، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا تارقىلىشى

كاروشتى يېزىقىنىڭ ئىجاد قىلىنىپ، قوللىنىلغان دەۋرى ۋە كاروشتى يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ تارقالغان رايونلىرى توغرىسىدا كاروشتى يېزىقى ئويۇلغان تاش ئابىدىلەر ۋە كاروشتى پۈتۈكلىرى (يازما يادىكارلىقلار) گە ئاساسەن تەتقىق قىلغان مەشھۇر ئالىملاردىن ئەنگلىيىلىك تايلۇر، گېرمانىيە ئالىمى بىلېكىن قاتارلىقلار ئۆز تەتقىقاتلىرىدا بۇ يېزىقنىڭ تەخمىنەن مىلادىدىن 5 ئەسىر ئىلگىرى قەدىمكى پېرسىيە (ئىران) نىڭ ئاخمېند سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەرەم يېزىقىنى مەنبە قىلىپ ئىجاد قىلىنغانلىقىنى، كېيىنكى مەزگىللەردە ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ رايونلىرىغا تارقالغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن.



(9. سۈرەت: ئاۋرېل ستېيىن نىيە خارابىسىدىن تاپقان كاروشتى يېزىقىدىكى تارشاپۈتۈك)

كاروشتى يېزىقىدا پۈتۈلگەن يادىكارلىقلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كىرورەن (پىشامشان)، مىرەن، ئۇدۇن (خوتەن)، نىيە، ئەندىرە قاتارلىق جايلىرىدىكى قەدىمكى خارابىلاردىن تېپىلغان تارشاپۈتۈكلەر، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىكى تام رەسىملىرىگە يېزىلغان بېغىشلىما، ئۇدۇن (خوتەن) دۆلىتىدە ئىشلىتىلگەن خەنزۇچە- كاروشتىچە خەتلىك مىس يارماق، بۇددا نومى، توقۇلمىلارغا چۈشۈرۈلگەن يېزىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، كاروشتى يېزىقى تارىم ۋادىسىغا جايلاشقان كىرورەن، مىرەن، نىيە، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا مىلادى II ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن IV، V ئەسىرلەرگىچە قوللىنىلغان.

مەشھۇر ئارخېئولوگ- ئالىم ئاۋرېل ستېيىن تۇنجى قېتىم (1901- يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىدە نىيە ناھىيىسىگە كەلگەندە، بۇ يەردىكى ئىبراھىم ئىسىملىك ئۇيغۇردىن 2 دانە كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈكنى قولغا چۈشۈرىدۇ. مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئىبراھىم ئاۋرېل ستېيىنگە يول باشلىغۇچى بولۇپ (كارۋان بېشى ۋە ياللىۋالغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى بىلەن بىللە) نىيە خارابىسىغا باشلاپ بارىدۇ. بۇ خارابىدىكى 2 ھەپتىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە جەمئىي 524 دانە كاروشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ. (9- سۈرەتكە قاراڭ) ئا. ستېيىن 1906- 1907-، 1913- 1916- يىللىرى ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىدە ئەندىرە خارابىسىدىن 6 دانە، كىرورەن خارابىسىدىن كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن 48 دانە تارشا پۈتۈكنى تاپىدۇ. ئاشۇ يىللاردا ئا. ستېيىن تاپقان تارشاپۈتۈكلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 750 پارچىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. كاروشتى يېزىقىدىكى بۇ تارشا پۈتۈكلەرنى رابسون، سەينا قاتارلىق ئالىملار ئوقۇپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن «ئاۋرېل ستېيىننىڭ جۇڭگو تۈركىستانىدىن تاپقان كاروشتى پۈتۈكلىرى» - (斯坦因在中国突厥斯坦所发现的佉卢文书) دېگەن كىتابنى نەشىر قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىرورەن، ئۇدۇن، نىيە دۆلىتىنىڭ كاروشتى يېزىق مەدەنىيىتى چۈمپەردىسى ئېچىلىدۇ (10- سۈرەتكە قاراڭ).

كاروشتى يېزىق مەدەنىيىتى كىرورەن، ئۇدۇن دۆلەتلىرىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، كىرورەن خارابىسىدىن تېپىلغان كاروشتى پۈتۈكلىرى- پادىشاھنىڭ ھەر خىل يارلىقلىرى، دۆلەت ئىچىدىكى ئەرز- دەۋالارغا چىقىرىلغان ھۆكۈملەر، ئېلان، توختامنامە قاتارلىق مەزمۇنلاردا پۈتۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغان بىر قىسىم ھۆججەتلەرنىڭ باشلىنىش قىسمىدا ئۇلۇغ پادىشاھىم، شاھىنشاھ ئالىيلىرى، غالىب، ئادالەتلىك . . . دېگەندەك سەلتەنەتلىك سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

كىرورەن (پىشامشان) لىقلار كاروشتى يېزىقىنى ئۆز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئىسلاھ قىلىپ ئىشلەتكەچكە كىرورەن، مىرەن، نىيە تەۋەسىدىن تېپىلغان كاروشتى پۈتۈكلىرىدە كىرورەن- ئۇدۇن ساك تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ساقلانغانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تارشا پۈتۈكلەرنىڭ بەزىلىرىگە كىرورەن (كىرورايىنا) دۆلىتىنىڭ نامى پۈتۈلگەن

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، توخرى (كوشان) دۆلىتىنىڭ نامىنى زادىلا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بۇ ئەھۋال بىزگە تارىختا كىروران (پىشامشان) دۆلىتى ئۇلۇغ توخرى (كوشان) ئىمپېرىيىسىگە بېقىنمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.



(10. سۈرەت: ئاۋرېل ستېيىن كىروران خارابىسىدىن تاپقان كاروشتى يېزىقىدىكى تارشاپۈتۈك)

كاروشتى يېزىقىدا پۈتۈلگەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىلى توغرىسىدا ئىلگىرى بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇنى «ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال ئاۋام تىلى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئاۋام تىلى»، «نىيە ئاۋام (قارا) تىلى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغانىدى. كېيىن ئەنگلىيە ئالىمى بايلېي (H. W. Bailei) بۇ خىل تىلنىڭ قەندىھار (گاندارا) رايونىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى دەلىللەپ، ئۇنى «قەندىھار (گاندارا) تىلى» دەپ ئاتىدى. بۇخىل ئاتاش ھازىرمۇ ئىلىم ساھەسىدە قوللىنىلماقتا. ئاتالمىش «قەندىھار تىلى» - ھىندى- ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ لۇغەت فوندىغا قەدىمكى توخرى تىلى، ئۇدۇن ساك تىلى، سوغدى تىلى، يۇنان تىلى قاتارلىقلاردىن نۇرغۇن ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان.

ئومۇمەن، كىروران (پىشامشان) دۆلىتى تەۋەسىدىن تېپىلغان كاروشتى يېزىقىدا پۈتۈلگەن يازما يادىكارلىقلار- مىرەندىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن تېپىلغان گۈزەل، بىباھا تام رەسىملىرىنىڭ ئىجاد قىلىنغان دەۋرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بېكىتىشتە بىزنى مۇھىم پاكىت بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ يەنە ئۆز زامانىسىدا كىروران تەۋەسىدە كاروشتى يېزىقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغانلىقىنى، جۈملىدىن كىرورەندە شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئۇچرىشىپ، بىر- بىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، ھەر خىل مەدەنىيەتلەر مۇجەسسەملەشكەن ھالەت ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە داۋاملاشقانلىقىنىمۇ ئىسپاتلاپ بەردى.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ئۆز زامانىسىدا كىروران (مىرەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئۇدۇن، نىيە قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ئەجدادلاردىن يېتىشىپ چىققان رەسسام (بەدىرچى)، نەققاش، باپكار (ماھىر توقۇمىچى ئۇستىلار)، ھەيكەلتىراش قاتارلىق سەنئەتكارلار ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىنىڭ ۋارىسلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن يېڭىلىقنى قوبۇل قىلغۇچىلار ئىدى. شۇڭا ئۇلار «قەندىھار مەدەنىيىتى» قاتارلىق چەتتىن كىرگەن مەدەنىيەتلەردىن بۇددىزمدا سىمۋوللۇق مەنالارغا ئىگە بولغان نادىر نۇسخا، ئۇسلۇبلارنى بۇددا دىنى بىلەن بىرگە قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى نۇسخىلىرى بىلەن ئىجادىي بىرلەشتۈرگەن. نەتىجىدە سەنئەتكار ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادى، تەبىئەت ئالەم قاراشلىرى، گۈزەللىككە بولغان تونۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش- تۇرمۇش ئادەتلىرىنى مەنبە قىلىش ئاساسىدا بۇددىزىم دەۋرىگە كەلگەندە رەسساملىق، نەققاشچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق، توقۇمىچىلىق ھۈنەر- سەنئىتىدە ئىپتىخارلىنارلىق نادىر نۇسخىلارنى ئىجاد قىلىپ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن.

## ئىزاھلار

① ئاۋرېل ستېيىن بۇ گۈزەل تام رەسىملىرى بىلەن باشقا يادىكارلىقلارنى دېھلى مۇزېيى ۋە لوندوندىكى «برىتانىيە مۇزېيى- Britsh Museum» لەرگە بىخەتەر يۆتكەپ كەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ «سېرىندىيا- Serindia» (جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئارىسىدىكى جايلار، ئوكسفورد، 1921- يىل) دېگەن ئەسىرىنىڭ Ⅳ تومىدا مىرەندىن تاپقان تام رەسىملىرى بىلەن باشقا جايلاردىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارنىڭ سۈرىتىنى تولۇق ئېلان قىلغان.

② ئاۋرېل ستېيىن: «غەربىي دىيار ئارخېئولوگىيىسى- 西域考古记»، شياڭدا تەرجىمىسى، 1936- يىل، 83- بەتكە قارالسۇن.

③ ئۇلۇغ توخرى- «توخار دېگەن ئىسىم مىللەت مەنىسىگە، كوشان دېگەن ئىسىم دۆلەت ۋە سۇلالە مەنىسىگە ئىگە. شۇڭلاشقا بۇنى توخارلار ئىچىدىكى ھوقۇق تۇتقان ئۇرۇقنىڭ ئىسمى دەپ قاراش مۇمكىن» (غاپۇرۇپ: «تاجىكلار تارىخى» 1- كىتاب 146- بەتكە قارالسۇن)

④ قەندىھار- ياۋروپا تىللىرىدا گاندارا- Gandara خەنزۇچىدا- 犍陀罗 - جەنتولو دېيىلىدۇ.

⑤ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» I، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993- يىل نەشرى، 252-، 253- بەتلەرگە قاراڭ.

⑥ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1989- يىل 3- سان «سانپۇل قەدىمكى قەبرىلىرىنى قېزىپ تەكشۈرۈش دوكلادى» غا قاراڭ.

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تەتقىقاتچىسى

(M2)



# بېلىقچى ھەققىدە ھېكايە

( ھېكايە )

ياسىنجان سادىق

يانتوقاي يۇرت- مەھەللىدىن يىراق، دەريا ساھىلىغا جايلاشقان، زەي- سىزمال سۇلارنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان بىر كۆلچەك. يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «ئامبار» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ئۇ، دەريا ساھىلىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈنمۇ سۈيىنى بىر قىسىم زەي سۇلارغا سېلىشتۇرغاندا تۇزلۇق- ئاچچىق ئەمەس. ئۇنىڭغا ئەتراپىدىن زەي- سىزمال سۇلار چۈشۈپ تۇرغان بىلەن، ئۇنىڭ سۈيىمۇ دەرياغا سىزىپ تۇرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يانتوقاينىڭ سۈيى «يا ئاقمايدىغان، يا تاشمايدىغان» ھالەتتە تۇرغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە «ئۆلۈك» سۇ ئەمەس. ئۇنىڭ كۆلىمى 8-10 مو ئەتراپىدا كېلىدۇ. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى پارچە كىگىزنىڭ ئورنىدەك يەردە تېرەك بويى ئېگىزلىكتە بورا قومۇش، يېكەنلەر ئۈنۈپ چىققان بولۇپ، كۆلگە ئۆزگىچە بىر گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇرىدۇ. يانتوقاي مانا مۇشۇنداق جاڭگاللىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تەبىئىي شەكىللەنگەن بىر كۆلچەك. ئەمما بۇ كۆلچەكنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ تۇرغان، قومۇش، يانتاق، يۇلغۇن ۋە ئاندا- ساندا ئۆسكەن توغراقلار بىلەن قاپلانغان بۇ كۆز يەتكۈسىز جاڭگاللىقنىڭ ئىسمىمۇ يانتوقاي. كىشىلەر جاڭگالنىڭ ئىسمىنى كۆلگە قويغانمۇ ياكى بۇ جاڭگال كۆلنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانمۇ، بۇنىسى نامەلۇم.

يانتوقاي كۆلى يۇرت- مەھەللە ئىچىگە ئېشەك ھارۋىلىق قاق يېرىم كۈنلۈك يول. شۇڭلاشقا ئوۋچىلار بۇ يەرگە ناگان- ناگاندا كېلىپ قالمىسا، پادىچىلار زىنھار كەلمەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر يانتوقاي كۆلىنى پەقەت ئاشۇ ئاز ساندىكى ئوۋچىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن،

**ئەدەبىيات گۈلزارى**

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بۇ كۆل سىرلىق، نامەلۇم بىر جاي. تاسادىپىي پۇرسەتتە توشقان ئۇۋلاپ كېلىپ قالغان قاۋۇز ئاكا يانتوقاي كۆلىگە شۇنداقلا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ قالدى. ھەئە، بىردىنلا خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ، يېقىندىن بېرى مۇشۇنداق يۇرت- مەھەللىدىن يىراق، سۈيىمۇ، ئوت- چۆپىمۇ بار خىلۋەت- تىپتىنچ بىر ماكاننى تېپىپ شۇ يەردە بالا- چاقىلىرى بىلەن خاتىرجەم، ئارامخۇدا ھايات كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

يانتوقاي ئۇنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك بىر ماكان ئىدى.

بىر قاراپلا ئۇ يانتوقاينى ياقتۇرۇپ قالدى. خۇدايىم ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجاۋەت قىلىپ، ئارزۇسىغا يەتكۈزگەنىدى. ئۇ، ئازراقمۇ ئىككىلەنمىدى.

«خۇدايىم بۇيرۇسا قىش چىقىپ، ھاۋا- جاھان سەل ئىللىسا، بىر كېچىدىلا ئىنىسى- جىنغا تۇيدۇرماي خوتۇن- باللىرىمنى ئېلىپلا مۇشۇ يەرگە كېلىۋالاي». ئۇ، يانچۇق چىلىمىنىڭ سەيخانىسىغا تاماكا خالتىسىدىكى كۆك تاماكىدىن چىمدىپ باستى-دە، ئوت يېقىپ بىر نەچچىنى قېنىپ شورىۋالغاندىن كېيىن خىيالىنى داۋاملاشتۇردى: «يۇرتتىكى يەرنى كەم تېرىسا تېرىسۇن. ناخشاخۇن سېكرېتار ئۆزى تېرىسىمۇ، چېكىنسىگە تاشلىسىمۇ مەيلى. ھە دېسىلا، ئىككى گەپنىڭ بىرىدە: ھەق- سېلىقنى ئېغىر كۆرسىلە، يەرنى تاشلىسىلا، يۇرتنى باكالىسىلا، ئورنىلىرىغا يەر تېرىيدىغان ئادەم بار، دەپ دەشكۇشلەيتتى. تايىنلىق مۇرادىغا يېتىۋالسۇن. خۇدايا توۋا، دېھقان بولغانغا، يەر تېرىغانغا شۇنداقمۇ تويامدۇ ئادەم، بۇرنى- قۇلىقىغىچە ئىگەكىم. كوممۇنانى بىكار قىلىپ، يەرنى قولىمىزغا بەرگەندە، ئۆزىمىزگە تەقسىم بولغان يەرنىڭ بېشىغا چىقىپ تولىمۇ خۇش بولغان، خۇشلىقىمىزدىن يىغلاپمۇ كەتكەنىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن كەتمەننى راۋرۇس چاپتۇق. مەھەللە باشلىقى ھەيدەكچىلىك قىلمىسىمۇ، ئېتىز بېشىدىن ئۆيگە كىرگىمىز كەلمىدى. ئاشۇنداق راۋرۇس ئىشلىۋىدۇق، پېشكى نەپمۇ ئالغان، خېلى ئوبدان پېتلىنىپمۇ قالغانىدۇق. لېكىنزە «بەشتە بىر تۇتاش» نىڭ .. بولۇپمۇ پاختىنىڭ گېپى چىقىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت كېۋەز تېرىش ۋەزىپىسىمىزنى كۆپەيتكەندىن بېرى ئالتە ئاي ياز دېھقانچىلىق قىلدۇق دېگىنىمىز بىلەن، كېۋەز تېرىشتىن باشقا ئىش قىلمىدۇق. يۇقىرىدىن چۈشۈرگەن پاختا ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندايمىز، دەپ باشقا زىرائەتنى تېرىغىلى قويمىدى. ھەتتا سەي- كۆكتات، قوغۇن- تاۋۇز تېرىشقىمۇ يول قويمىدى. تېرىساق يۇلىۋەتتى. ھەيدەتكۈزۈۋەتتى. تېرىغان تۆپىلەپ جەرىمانە ئالدى. مولىقىدىن 250 جىڭدىن 300 جىڭغىچە ساپ پاختا ئېلىپ، يۇقىرى سەۋىيە يارىتىمىز دەپ يەرگە خىمىيىۋى ئوغۇت- كۆنجىرىلەرنى ھەددىدىن زىيادە چاچقىلى سالىدۇ. كېۋەز مايسىسى بەك شاخلاپ كېتىپ، چېچەك غوزىغا ماڭمىسا ئۈچىنى ئۈزگىلى، شېخىنى پۇتىغىلى سالىدۇ. تېز ئېچىلمىدى دەپ دېھقانچىلىق دورىسى چاچقىلى سالدى. مۇشۇ جەرياندا يەرگە خىمىيىۋى ئوغۇت، كۆنجىرىلەرنى بەلگىلىمىدىن ئاز سېلىپسەن دەپ جەرىمانە، ئوغۇتنى زىيادە جىق سالغانلىقتىن مايسىلار پاك بولۇپ شاخلاپ كەتسە، ئۈچىنى ئۈزۈپ، شاخلىرىنى پۇتىماپسەن دەپ جەرىمانە، كېۋەز مايسىلىرىنىڭ يوپۇرمىقىنى قۇرۇتىدىغان، غوزىسىنى تېز ئېچىلدۇرىدىغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى چاچماپسەن دەپ جەرىمانە، كېۋەزلىكنىڭ قىرلىرىغا ئۈنۈپ قالغان زاراڭزا، ئاپتاپپەرەس، قوناق ... قاتارلىق مايلىقدان، زىرائەتلەرنى يۇلىۋەتمەپسەن دەپ جەرىمانە... ئىشقىلىپ تېرىغان كېۋىزىڭ ئۈنۈپ، غوزا بولۇپ ئېچىلغىچە گەدەنگىچە جەرىمانىگە بوغۇلۇپ كېتىسەن. شۇنداقتىمۇ چىشىڭنى چىشىڭغا چىشلەپ، ئالتە ئاي ياز كېۋەزنىڭ تۈۋىدە ئۆمىلەكلەپ ئالغان پاختىنى ساتقىلى ئاپارساڭ، ئەتىيازدا، يەرگە چىكىت سالغان چاغدىكى «بۇ يىل پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى چوقۇم ئۆسىدۇ» دېگەن چىرايلىق، ناۋاتتەك گەپلەر ھېچيەردە يوق. يەنە شۇ ئۆتكەن يىلقى باھا. ئۆزۈڭ تېرىپ، مېھنەت سىڭدۈرۈپ ساتقىلى ئەكەلگەن نەرسىگە ئۆزۈڭ باھا قويالمايسەن. بۇنداق قىلىشقا ھېچقانداق ھەققىڭ- ھوقۇقۇڭ يوق. سېنىڭ پەقەت سېتىشلا مەجبۇرىيىتىڭ بار. باھانى قانداق قويۇش سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئىختىيارى. لېكىن بۇنىڭغا ماقۇل دېمەسلىككە ئامالىڭ يوق. ياق دەيدىكەنسەن، جازا- جەرىمانە تەييار. چۈنكى سېنىڭ نامىڭ دېھقان. ئېتىبارسىز تەر تۆكۈپ، قىممەتسىز بايلىق ياراتقۇچى. ئەمما ئاشۇ پاختىنى ساتقىلى ئەپكەلسەڭ مۇز چىراي پىرىيومچىلارنىڭ ھالى ئاندىن يامان. گۇلە- قاق، بادام- ياڭاق ئالغاچ بارمىساڭ، تۇرلۇك باھانە- سەۋەبلەر بىلەن پىرىيوم قىلمايدۇ، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە پاختىنى ساتسەڭمۇ ئەمما پۇلىسى يېزا، كەنت بوغالتىرلىرىنىڭ چوتىنىڭ ئۇرۇقىدا قالىدۇ. قولۇڭغا تېگىدىغىنى ساتقان پاختىنىڭ جىڭ سانى خاتىرىلەنگەن قۇرۇق تالون. سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرسەڭ، باش باھاردا

باھاسىنى ئېيتىپ بەرمەيلا ساڭا مەجبۇرى ئۆلەشتۈرۈپ بەرگەن ئۇرۇقلۇق چېكىت، سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، كۆنجىرە، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ پۇلى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مۇلازىمەت ھەققىنى تۆلىتىۋالدۇق، دەيدۇ. ئەمما شۇ چاغدىمۇ ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ مۇقىم باھاسىنى بىلمەيسەن. ئەڭ ئاخىرقى غوزا كېۋەزلىرىگىچە ئەكىلىپ ساتساڭمۇ، يەرگە مەبلەغ قىلىپ سالغان ئاشۇ سېلىنمىلارنىڭ پۇلسىنى ئاران تۆلىيەلەيسەن ياكى گەدىنىڭگە ئېشىپ قالىدۇ. تېخى يىللىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش ھۆددە كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندىيالماپسەن دەپ، ناخشاخۇن سېكرېتارغا يەنە بىر مۇنچە جەرىمانە تۆلەيسەن. تىل-ئاھانەت ئاڭلايسەن. ۋادەرىخا، بۇ، يەرنىڭ دەردىنى نىمە دېگۈلۈك. ئەسلىدە بىز دېھقان خەق يەردىن يامانلىساق، يەرنى تاشلاپ قاچساق يامان بولىتتى. لېكىن شۇنداق قىلماي ئامال بولمىدى. نىمە قىلىمەن ئالتە ئاي ياز يامغۇر، بوران، ئاپتاپ دېمەي ئىشەكتەك ئىشلەپمۇ جاننى باقالمىغان يەرنى يەنە تېرىپ. خۇدايىم تىلىكىمنى ئىجاۋەت قىلغان ئوخشايدۇ، مۇشۇنداق بىر خىلۋەت پاناھگاھنى قانچىلىك ئارمان قىلغانىدىم-ھە! بۇ يەر مەھەللىدىن ھەقىقەتەنمۇ يىراق، جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر خىلۋەت يەر ئىكەن. بۇ ئەتراپقا بۇ زامانلاردا ئادەم كەلگەندەك قىلمايدۇ. دېمىسىمۇ، باش ئەتىيازدىن كۈزگىچە ئېتىزلىقتىن، قىشچە ھاشا-بىنامدىن نېرى بولالمايدىغان دېھقانلارنىڭ بۇ يەرگە ئوۋ ئوۋلاپ كەلگىلى نەدە چولىسى. مەنمۇ ئوۋلىغان ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل قاتارلىق ئوۋ غەنىيمەتلىرىدىن بېرىپ ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ جەرىمانە، تىل-دەشناملىرىدىن قۇتۇلارمەن، شۇ باھانىدا بالىلىرىمنى بىرەر قېتىممۇ بولسا گۆش دەيدىغان نەرسىگە ئېغىز تەگكۈزۈۋالارمەن دەپ تەۋەككۇلسىگە ئۆيدىن چىقمىغان بولسام، بۇ يەرگە كېلىش ھەرگىز نېسىپ بولماس ئىكەن. شۇنداق قىلاي، يۇرتقا بېرىپ، بىساتىمدىن پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى سېتىپ، ئازراق پۇل تەخلەپ تۇراي. ئەتىيازلىقتا ئاشۇ پۇلغا كېلىشكە ئۇلاغ-ئۇلمەك، ئوزۇق-تۈلۈك سېتىۋېلىپ، بىر كېچىدىلا خوتۇن-بالىلىرىم بىلەن بۇ يەرگە غىپپىدە كېلىۋالاي. كۆلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئاۋۇ بىر پارچە يەرنى تۈزلەپ بىنام ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلارمەن. ئىشقىلىپ، ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ جەرىمانە-سېلىقلىرىدىن، تىل-ھاقارەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ كەتسەكلا بولدى. ياراتقان ئىگەم يانتوقايدىنمۇ ئۆزىمىزگە چۈشلۈق رىسق بېرەر...»

* * *

ئەتىيازنىڭ ئىللىق ھاۋاسى بىلەن تەڭ يانتوقاي يىللاردىكىدىن بۆلەكچە جانلىنىپ كەتتى. قاۋۇز ئاكا، ئايالى، ئۈچ ئوغۇل، بىر قىزى ۋە 6-5 ئۇلاغ-ئۇلمەك بىر كېچىدىلا پەيدا بولۇپ، بۇ تىپتىنچ كۆل بويىنى باشقىچە بىر تۈسكە كىرگۈزدى. ئۇلار كەلگەن كۈنىلا كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بورا قومۇشى، يېكەنلەرنى ئورۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى يۇلغۇن، توغراق قاقشاللىرى بىلەن ئەپچىلگىنە ئىككى ئېغىز كەپە ياسىۋالدى. ئاندىن كۆلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن بىنام ئېچىشقا كىرىشتى. بىر ھەپتە ئىچىدە 8-7 مو كەلگىدەك يەر تەييار بولدى. بۇ يەرگە كۆلدىن ئېرىق چېپىپ سۇ باشلىدى...

يەر ھالال مېھنەت قىلغۇچىلارنى نېسىۋىسىز قويمايدۇ. ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ھېلىقى ئاچقان بىنامغا تېرىغان قوناقلار باش تارتىپ، دان تۇتۇشقا، قوغۇن پىلەكلىرىدە سويما چاچراشقا باشلىدى. ئۇنىڭغىچە قاۋۇز ئاكىلار يەنە 10-8 مو كەلگىدەك بىنام ئاچقان بولۇپ، كۈزلۈككە بۇغداي تېرىشقا تەييارلاپ قويغانىدى.

- بېلىق!... دادا... دادا... مايەرگە كەلسىلە، كۆلدە بېلىق بار ئىكەن.

قاۋۇز ئاكىنىڭ چوڭ ئوغلى قاسىم ئاخۇن كۆل بويىدا تۇيۇقسىزلا ئەنە ئاشۇنداق چۇقان سېلىشقا باشلىدى. ئۇ، قولىدىكى تۆمۈر ئارىنى سۇغا سانجىغان بولۇپ، ئارىنىڭ دەستىسىگە مەھكەم ئېسىلغىنىچە تۇۋلاۋاتاتتى.

- ھە، نىمانچە تۇۋلايسەن؟ سۇ بار يەردە بېلىق بولىدۇ، ئاشۇنداق،- دېدى قاۋۇز ئاكا پەرۋاسىزلىق بىلەن.

- بۇ بەك چوڭ بېلىقكەن. ئۇكام قادىر ئاخۇندەكلا بار ئىكەن. مەن ئۇنى ئارا بىلەن سانجىپ تۇتۇۋالدىم. ئىتتىكرەك كەلسىلە، دادا. كۈچۈم يەتمەيۋاتىدۇ.

قاۋۇز ئاكا شۇنداقلا قاراپ، ئوغلىنىڭ پۇتىدىكى سۇنىڭ پالاقشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈگۈردى. قاسىم ئاخۇن ئارا بىلەن بېلىقنىڭ دۈمبىسىدىن زىخلىۋەتكەن بولۇپ، بېلىق ھەدەپ پالاقشىۋاتاتتى. بېلىق راستتىنلا قاۋۇز ئاكىنىڭ توققۇز ياشلىق كىچىك ئوغلى قادىر ئاخۇندەكلا بار ئىدى.

شۇ كۈنى ئۇلار بېلىق گۆشىدىن تويغىچە يېيىشتى. ئەمما قاسىم ئاخۇن كۆلنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەيدىغان بولىۋالدى.

- نىمانچە كۆلنىڭ بېشىدىن كېتەلمەيسەن، بالام. خۇددى قىلىدىغان باشقا ئىشىڭ يوقتەك.

- يەنە ئۆتكەنكىدەك بېلىق ئۇچراپ

قالارمىكىن دەيمىنا، دادا، - دېدى قاسىم ئاخۇن قولىدىكى تۆمۈر ئارىسىنى مەھكەم تۇتقىنىچە دادىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ ھىجىيىپ.

- ئۇنداق تەلەي دېگەن كېلىۋەرمەيدۇ. ماڭ، ھاماقەتلىك قىلماي بېرىپ باشقا ئىشلىرىڭنى قىل، - دېدى قاۋۇز ئاكا قاپىقىنى تۈرۈپ.

- تور بولغان بولسىغۇ تۇتماق ئاسانتى. كۆلدە بېلىق خېلىلا جىقتەك قىلىدۇ. ئوبدانراق بېلىق تورىمىزدىن بىرەرسى بولغان بولسا، خالىغان ۋاقىتتا بېلىق تۇتۇپ يېيەلەيتتۇق.

قاۋۇز ئاكا ئوغلىنىڭ بۇ گېپىگە ئاق- كۆك بىرنېمە دېمىدىيۇ، لېكىن بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى. «راست، بېلىق تۇتىدىغان تور بولغان بولسا، كۆلدىن ئانچە- مۇنچە بېلىق تۇتۇپ يەپ، قورساقنىڭ غېمىدىن قۇتۇلغان بولاتتۇق. ھازىر ئېتىزدىكى قوناقلار تېخى پىشمىدى. قويدىن بىرەرسىنى سوياي دېسە ھەممىسى بوغاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۆشنى ئىسسىقتا ساقلاپ يېگىلى بولمايدۇ. . . راست، ئۆتكەن يىلى قىشتا ھاشارغا بارغان سۇ ئامبىرىغا بېرىپ باقايمىكىن- يا؟ شۇ يەردىن كونىراق بولسىمۇ بىرەر بېلىق تورىنىڭ ئامالى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. . .»

قاۋۇز ئاكا شۇ كۈنى كەچتە ئۆيدىكىلەرگە ھېچقانداق گەپ قىلمايلا يانتوقايدىن غايىب بولدى- دە، ياندۇرقى كۈنى تاڭ سەھەردە يەنە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ دولىسىدا خېلىلا چوڭ بىر باغلام بېلىق تورى بار ئىدى. قاسىم ئاخۇن تورنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى- دە، تورنى سۆرەپ كۆل بويىغا قاراپ ماڭدى.

- ئالدىرماي تۇر، بالام، - دېدى قاۋۇز ئاكا، - ئاۋۋال مەن ناشتا قىلىۋالاي، ئاندىن تورنى سالايلى. سەن بۇ تورنى قانداق سېلىشنى تېخى بىلمەيسەن.

ئۇلار شۇ كۈنى كەچتە، ئەتىگەندە كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇمۇشلۇقنى چۆرگىلىتىپ ئىككى قات قىلىپ سېلىپ قويغان تورنى يىغىشقا باشلىدى.

- ۋاھ! ماۋۇ كارامەتنى، - تۈۋلىۋەتتى قاسىم ئاخۇن خۇشاللىقتا.

تورغا ئادەمنىڭ يوتىسىدەك، قاق پاقالچىكىدەك بېلىقلاردىن خېلىلا جىق چۈشۈپ قالغانىدى.

قاۋۇز ئاكا بېلىقلارنى توردىن ئاجرىتىپ يەنە كۆلگە تاشلاشقا باشلىدى.

- نېمە قىلغانلىرى بۇ، دادا، ئاران تۇتقان بېلىقلارنى يەنە كۆلگە تاشلىۋېتىپ بارىلىغۇ؟ - دېدى قاسىم ئاخۇن ھەيران بولۇپ.

- تاشلىۋەتمىسەك شۇنچىۋالا بېلىقنى قانداق يەپ بولىمىز. يېيىشمىسىڭىزگە چۈشلۈق تۇتمايمىزمۇ؟

- ئۇنداق قىلغىچە شەھەرگە ئاپىرىپ ساتمايمىزمۇ؟ شەھەرلىكلەر بېلىققا بەك ئامراق. بۇ بېلىقلارنى ساتساق قولىمىزغا پىشكىچە پۇل كىرەتتى.

قاۋۇز ئاكا ئوغلىنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە ئۇزاق باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمىدى. توردىكى بېلىقلارنى كۆلگە تاشلىماي قىرغاققا ئېلىپ چىقىشقا باشلىدى. كۆڭلىدە ئوغلىنىڭ كۆرسەتكەن بۇ ياخشى مەسلىھەتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

قاۋۇز ئاكا شۇ كۈنى كېچىسى لىققىدە بېلىق بېسىلغان ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ، يۈرتنى تاشلاپ بالا- چاقىلىرى بىلەن يانتوقايغا كېلىۋالغاندىن بېرى، بىر يەرگە كەمدىن كەم باراتتى. بارسىمۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن، ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن، يۇرتقا يەنە قايتۇرۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كېچىدە باراتتى. يەنە كېچىدە قايتىپ كېلەتتى. شۇڭلاشقا، يانتوقايدىكى بۇ خىلۋەت ماكاننى ئۇرۇق- تۇغقان، ئەل- ئاغىنىلىرىدىنمۇ مەخپىي تۇتقانىدى.

ئۇ، شەھەرگە ئالتە قېتىم بېلىق توشۇۋېدى، ئوبدانلا پۇللۇق بولۇپ قالدى. شەھەردە راستىنىلا بېلىقنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى. ئۇ، باھا تالىشىپ ئولتۇرمايلا تېزلا قولىدىن چىقاردى. بېلىقنى نەدىن ئەپكەلگەنلىكىنى سورىغانلارغا مۇجمەللا بىر نېمىلەرنى دەپ جاۋاب بەردى. لېكىن كۆلنىڭ ئورنىنى ئېيتمىدى. ئۇزاق ئۆتمەي كۆلدىكى بېلىقلار ئازلاشقا باشلىدى. كىچىك بالىنىڭ بىلىكىدەك چوڭلۇقتىكى بېلىقلارمۇ ئاز چىقاتتى. كۆلدىكى چوڭ بېلىقلار سېتىلىپ تۈگىگەنىدى. ئۇششاق بېلىقلار بەك ئۇششاق ئىدى. ئۇ بېلىقلار تورغا چۈشمەيتتى. تورغا چۈشكەن تەقدىردىمۇ تۇتۇپ شەھەرگە ئەكىرسە ساتماقمۇ تەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بېلىق تۇتۇشنى توختاتتى. ئەمما قاسىم ئاخۇن يەنىلا كۆل بويىدىن نېرى بولالمىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى قاۋۇز ئاكىنىڭ ئىچىنى پۇشۇردى.

- ئەمدى كۆل بويىنى تولا چۆرگىلىمە، بالام. كۆلدىكى بېلىقلارنىڭ تۇتقىدەكلىرى تۈگىدى. كىچىكلىرى چوڭ بولىۋالسۇن ئەمدى.

- سىلىگە دەيدىغان بىر مەسلىھەتىم بارتتى، دادا، - دېدى قاسىم ئاخۇن.

- مەسلىھەت دەمسەن؟ - دېدى قاۋۇز ئاكا قىزىققان ھالدا، - نېمە گېپىڭ بولسا تارتىنماي ئۇدۇللا دەۋەر، بالام.

- بۇ كۆلگە پىشكى بېلىق مايىسىسى (بېلىجان دېمەكچى. مۇھەررىردىن) سېتىۋېلىپ ئەپكىلىپ باقايلىمىكىن دەيمەن. . .

- نېمە دېدىڭ؟ بېلىقنىمۇ باقىدىغان گەپمۇ؟ - دېدى قاۋۇز ئاكا ھەيران بولۇپ.

- كۆلدىكى بېلىقلارنى تۇتۇپ بولدۇق. ئۇششاقلىرى بەك ئۇششاق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك ئاز، - دەپ چۈشەندۈردى قاسىم ئاخۇن، - سىز بىلەن شەھەرگە بېلىق ساتقىلى چىگەن چاغدا،

بېلىق بازىرىدا بېلىق ساتىدىغانلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ مەخسۇس بېلىق بېقىش ئۈچۈن كولىغان كۆلچەكلىرى بار ئىكەن. ئۇلار ئاشۇ كۆلچەكلەرگە بېلىق مايسىلىرىنى سېلىپ، كېپەك، بىدە قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن بېقىپ چوڭايتىپ ساتىدىكەن. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، 10-12 سانلىق (سانتىمېتىر دېمەكچى. مۇھەررىردىن) چوڭلۇقتىكى بېلىقچانلارنى سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ، تۇجۇپىلەپ باقساق بىر يىلدا خېلى ئوبدان يوغىنايدۇ دەيدۇ. تەييار كۆل بولغاندىكىن بىزمۇ شۇنداق قىلىپ باقمايلىمۇ، دادا.

قاۋۇز ئاكا ئوغلىنىڭ بۇ گېپىگە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى، لېكىن بىر كۈن ئويلاندى. كۆلدە راستىنلا تۈزۈك بېلىق قالمىغانىدى. بېلىقنىڭ تەبىئىي كۆپىيىپ، يوغىنىشىنى كۈتسە يەنە 5-10 يىل ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئوغلىنىڭ دېگەنلىرىگە ئانچە ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى. «قاسىم ئاخۇننىڭ دېگەنلىرى راستىمدۇ؟ راستىنلا بېلىقنىمۇ قوي، توخۇ باققاندەك بېقىپ، چوڭايتىپ ساتقىلى بولامدىغاندۇ؟ بىر چوڭنىڭ گېپىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ دەپتىكەن. ئىمىلا بولمىسۇن يەنە بىر قېتىم تەۋەككۇل قىلىپ بېقىش كېرەك. ناۋادا قاسىم ئاخۇننىڭ دېگەنلىرى راست بولۇپ قالسا، بۇمۇ پۇل تېپىپ باي بولۇشنىڭ ئوبدان چارىسىكەن». ئۇ، شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلدى.

- سەن گېپىنى قىلغان ھېلىقى بېلىق مايسىلىرىنى نەدە ساتىدىكەن. يانتوقايغا قانداق توشۇپ ئەپكەلگىلى بولىدىكەن؟

بۇ مەسىلىنى قاسىم ئاخۇنمۇ بىلمەيتتى. شۇڭلاشقا دادىسىنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالىغا دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدى.

- بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن، - دېدى ئۇ گەدىنىنى قاشلاپ تۇرۇپ، - شەھەرگە چىرىپ، بېلىق بازىرىدىكى بېلىقچىلاردىن ئۇقۇشۇپ باقساق بولارمىكىن.

«توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك. توۋا، مېنىڭ ماۋۇ قاپاق كاللامنى. قاسىم ئاخۇن بۇنچىلىك ئىشلارنى نەدىن بىلسۇن. ئۇمۇ يېزا مەكتىپىدە تۈزۈك ئوقۇمىغان، يېزىنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىغان، ماڭا ئوخشاش ئېتىزلىقتىن، كېۋەزلىكتىن، ھاشاردىن نېرى بولالمىغان تۇرسا، بالىنى تەڭلىكتە قويۇپ، سورىغان سوئالىمنى كۆرمەمدىغان...»

قاۋۇز ئاكا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بېلىق ساتقان پۇلنى قويۇن يانچۇقىغا مەھكەم سالدى-دە، شۇ كۈنى كەچتىلا قاسىم ئاخۇن بىلەن شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار كېتىپ 4-كۈنى بامدات ۋاقتى بىلەن يانتوقاينىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تاتاتىلىغىنىچە بىر قوش كوزۇيلۇق تراكتور يېتىپ كەلدى. تراكتوردا قاۋۇز ئاكا بىلەن قاسىم ئاخۇنمۇ بار ئىدى. تراكتورنىڭ كوزۇيىغا كوزۇپ بىلەن تەڭ كەلگىدەك قىلىپ، سۇ ئۆتمەيدىغان بىرزېنت قاپ جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە لىقلاپ سۇ توشقۇزۇلغانىدى. سۇدا ئادەمنىڭ بىگىز بارمىقىدەك ۋە ئۇنىڭدىن چوڭراق بېلىقچانلار پىلتىڭلاپ يۈرەتتى. ھەممەيلەن قول-قول تۇتۇپ چىلەك، داس- قاچىلار بىلەن بۇ بېلىقچانلارنى ئۇسۇپ، يانتوقاي كۆلىگە تۆكۈشكە باشلىدى...

* * *

قاۋۇز ئاكىنىڭ يانتوقاي كۆلىگە بېلىق مايسىسى سالغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشتى. ئۇلار بېلىق مايسىسى ساتىدىغان ئورۇندىكىلەرنىڭ ئۈگەتكىنى بويىچە كۆلچەككە كېپەك، قوناق يارمىسى، بىدە قاتارلىق يەم- خەشەك، ئوت- چۆپلەرنى قارىلىق تاشلاپ بېرىپ تۇردى. ئۇلار ئاچقان بىنامغا بىدە تېرىغانىدى. قاۋۇز ئاكىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن كىملا بولمىسۇن بىرەيلەن ھەر كۈنى ئاشۇ بىدىلەردىن ئورۇپ، بېلىقلارغا تاشلاپ بېرىشنى ئۇنتۇمايتتى. بولۇپمۇ قاۋۇز ئاكا بېلىقلارغا يەم- خەشەك بېرىشكە بەكمۇ ھېرىس بولۇپ قالغانىدى. ھەر قېتىم كۆلچەككە يېقىنلىشىپ، يۇمران بىدىلەرنى تاشلىغىنىدا سۇ تېگىدىن پاراسلىغان يېقىملىق ئاۋاز چىقاتتى. بۇ، بېلىقچانلارنىڭ ئوت- چۆپ يەۋاتقان ئاۋازى ئىدى. سوغا كېپەك، يارما چاچقان ۋاقىتتا بولسا، بېلىقچانلار سۇ ئۈستىگە مولداق ئېتىپ چىقىپ، تۈرلۈك شوخ ھەرىكەتلەر بىلەن ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. قاۋۇز ئاكا بېلىقچانلارنىڭ شوخ ھەرىكەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ، شېرىن خىياللارغا ئەسىر بولاتتى. قىسقىسى، كۆلچەكتىكى بېلىقچانلارمۇ، قاۋۇز ئاكا ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ غەمسىز ئىدى. قاۋۇز ئاكا يانتوقايغا دەسلەپ كەلگەن ۋاقىتتا بىرەر غەيرىي شەپىنى، قاتتىقراق ئاۋازنى ئاڭلاپ قالسىمۇ ئالاقزادە بولۇپ، چۆچۈپ تۆت ئەتراپىغا قارايتتى. يانتوقايغا قېچىپ كېلىۋالغانلىقىمنى ئاخشاخۇن سېكرېتار بىلىۋالارمۇ؟ كەنت كادىرلىرىنى، كەنتتىكى ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنى باشلاپ كېلىپ، مېنى يەنە يۇرتقا ئېلىپ كېتەرمۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تۆلىمىگەن سېلىق، ھەق- جەرىمانىلارغا ھېسابلىدىم دەپ ئەمدىلا ئاۋۇشقا باشلىغان مال- چارۋىلىرىمنى تارتىۋالارمۇ؟ دەپ غەم يەيتتى، خاتىرجەمسىزلىنەتتى، كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلاتتى. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇنداق تۈيغۇلاردىن، غەم- ئەندىشىلەردىن ئاستا- ئاستا قۇتۇلۇپ كەتتى. ھەتتا، يانتوقاينىڭ خىلۋەت قويىنى ئۇنىڭ بارلىق غەم- ئەندىشىلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى. ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ ئىتتىنىڭ تۆكىدەك تولا سېلىق، ھەق، جەرىمانە، ھاشار- ئەمگەكلىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتىدىغانلا ئىش بولسا، ئۇ مۇشۇ خىلۋەت جاڭگاللىقتا بىر ئۆمۈر يالغۇز، خاتىرجەم ياشاشقا رازى ئىدى.

ھېلىقى بېلىق مايسىسى سېتىپ بېرىپ، تراكتور بىلەن بىر كېچىدىلا يانتوقايغا ئەپكېلىپ بەرگەنلەرنىڭ گېپى راست چىقتى. بېلىق مايسىلىرى ئىككى يىل ئىچىدىلا ئادەمنىڭ باقالچىكىدەك، بىلىكىدەك يوغىنىدى. بېلىقلار كۆل ئىچىدە توپ- توپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرەتتى. بېلىقچانلار چۆمگەك، سۇ چاشقىنى، بېلىقچى قۇشلارنىڭ يەپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تولۇق ئەي بولغانىدى. «خۇدايىم بۇيرىسا، بۇ

www.uyghurkitap.com

بېلىقلارنى كېلەر يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ ساتسام، بېلىق ساتقان پۇلنىڭ بىر قىسمىغا ياخشى نەسىللىك قوي- كالىلاردىن سېتىۋالسام، قالغان بىر قىسمىغا سوپەكتىن (قول تراكتورى دېمەكچى. مۇھەررىردىن) بىرنى سېتىۋېلىپ بىنام ئاچسام. . .» قاۋۇز ئاكىنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرى قاناتلانغانسېرى يانتوقاي كۆز ئالدىدا جەننەتتەك بىر ماكان بولۇپ گەۋدىلىنەتتى.

قىش كىتىپ كۆلچەك- ئېرىقلاردىكى مۇزلار ئېرىشى هامانلا قاۋۇز ئاكا كۆلدىن تۇنجى قېتىم بېلىق تۇتتى-دە، تۇتقان بېلىقلارنى ئېشەك هارۋىسىغا بېسىپ، گۇگۇم پەيتى بىلەن شەهەرگە قاراپ يول ئالدى. 2ـ3 يىلدىن بېرى ئۇ شەهەرگە بىرنەچچە قېتىم كىرگەن بولسىمۇ، بېلىق بازىرىغا بېرىپ باقمىغانىدى. هازىر بېلىقنىڭ باهاسى 2ـ3 يىلنىڭ ئالدىدىكىدىن خېلىلا ئۆرە ئىدى. قاۋۇز ئاكا بېلىقلارنى بازاردىكى بېلىق ئېلىپ ساتىدىغانلارغا توپ باهادىلا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇلار قاۋۇز ئاكىغا بېلىقتىن قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ، ئالدىن زاكالەت پۇلىمۇ بەردى. بېلىق ساتقان پۇلنى قايتا ساناپ، قاۋۇز ئاكىنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى. كۆزىگە غىللىدە ياش كەلدى. ئۇ، ئاغزىغا چىش چىققاندىن بېرى تۇنجى قېتىم سىقىمى توشقۇدەك پۇل تۇتۇپ باققانىدى. بۇ بىر هارۋا بېلىقتىن ئۈچ يىل ئاۋۋال كۆلگە سالغان بېلىق مايسىسىنىڭ پۇلى ئاساسەن چىققانىدى. ئۇ، شەهەرنى بىر قۇر ئايلىنىپ، ئۆيىنىڭ ئازراق تۆشۈكلۈك سودىسىنى قىلدى- دە، قاسىم ئاخۇن بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ تويغۇدەك بىر غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن يانتوقايغا قاراپ ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

كۆلدە بېلىقلار زىيادە كۆپ ئىدى. تورنى شۇنداقلا ياىسا بېلىق چىقاتتى. قاۋۇز ئاكا يانتوقايغا كېلىپلا يەنە بىر هارۋا بېلىقنى ئېلىپ شەهەرگە قاراپ ماڭدى. هاۋا سەل ئىسسىپ قالسا، بېلىق باهاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى شەهەردىكى بېلىق سودىگەرلىرىدىن ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ جاپا تارتسىمۇ، بىر مەزگىل ئالدىراش ئىشلەشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئىشلەپ بىر هەپتە ئىچىدە شەهەرگە ئالتە قېتىم قاتنىۋىدى، يانچۇقىمۇ خېلىلا تومپىيىپ قالدى. پۇلنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ يانتوقايدا تىكلىمەكچى بولغان ئىگىلىكى هەققىدىكى ئارزۇ- ئارمانلىرى كۆپەيمەكتە ئىدى.

بۈگۈنمۇ ئۇ هارۋىدىكى بېلىقلارنى شەهەردىكى بېلىقپۇرۇشلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يەنە ئالدىراش قايتىپ كەلدى-دە، كۆل بويىدىكى كەپىنىڭ ئورنىغا يېڭىلاپ سېلىۋالغان ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپلا قالدى. شۇ هامان تاپىنىدىن كىرگەن بىر ئاغرىق مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى. هەم قورقۇنچ، هەم غەزەپ ئارىلاش ئاچچىق، ئازابلىق بىر تۇيغۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى. مېڭىسىگە نەچچە ئۇنلاپ بىچاق سانجىلىماقتا ئىدى. ئىشىكى ئالدىدا ناخشاخۇن سېكرېتار باشلىق بىر نەچچە كەنت كادىرلىرى ئۇنىڭغا قاراپ هىجىيىپ تۇراتتى. هەئە، كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ كۈلكىسىدە قىلچىمۇ ساختىلىق، زەهەرخەندىلىك، يوشۇرۇن غەزەپ-

نەپرەت يوق ئىدى. ئۇلار يۈرىكىدىن چىقىرىپ هەقىقىي كۈلۈۋاتاتتى. قاۋۇز ئاكىغا ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كەتكەن قېرىندىشىغا قارىغاندەك مېهرى بىلەن قاراۋاتاتتى.

قاۋۇز ئاكا دەرهاللا ئەس- هوشىنى يىغدى. پۇت- قولىغا قايتىدىن جان كىردى. دەرهال بۇ قىچقارمىغان مېهمانلارنىڭ ئالدىغا كۆرۈشكىلى ئىككى قولىنى تەڭلەپ كەلدى. .

- هە، قاۋۇز ئاخۇن، نەچچە يىلدىن بېرى نەگە غايىب بولۇپ كەتتىڭىز دېسەك، ئەسلىدە مۇشۇنداق بەلەن يەرنى تېپىۋاپتىكەنلا- هە.

قاۋۇز ئاكا سېكرېتارنىڭ بۇ گېپىگە بىر نېمە دەپ جاۋاب بېرىپ بولغىچە، سېكرېتار يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

- ئەهۋال مەيەردىن- مەيەرگىچىتى دەپ قويۇپ كەتكەن بولسىلا، خەۋەر تېپىپ قالاتتۇق ئەمەسمۇ. نەگە كەتكەندۇ، نېمە بولغاندۇ، دەپ بەك ئەنسىرىدۇق. ئىز- دېرەكلىرىنى قىلدۇق. كېرەك يوق. يانتوقايمۇ بىزنىڭ يېزىغا، يەنە كېلىپ دەل بىزنىڭ كەنتنىڭ زېمىنىغا تەۋە جاڭگاللىق. نېمىلا دېگەن بىلەن بىزنىڭ كەنتنىڭ تەۋەلىكىدىن چىقىپ كەتمەپلا.

قاۋۇز ئاكا سېكرېتارنىڭ بۇ يەرنى قانداق قىلىپ بىلىۋالغانلىقىنى، نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى، بۇ گەپلەرنىمۇ نېمە مەقسەتتە دەۋاتقانلىقىنى پەقەتلا بىلەلمىدى. ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ، ئېغىلغا كىرىپ پاخلاندىن بىرنى سويدى. قاسىم ئاخۇن كۆلدىن بېلىق تۇتۇپ چىقتى. ناخشاخۇن سېكرېتارلار پاخلان گۆشى، بېلىق كاۋىپىنى تويغىچە يېدى. ئۇلار قاۋۇز ئاكا كېلىپ بولغىچە ئېغىلدىكى قوي- كالا، كۆلدىكى بېلىق، بىنام يەرلەردىكى زىرائەتلەرنى كۆرۈپ، قاۋۇز ئاكىنىڭ ئايالىدىن تەپسىلىي ئەهۋال ئىگىلەپ، كۆڭۈللىرىدە نېمىلەرنىدۇر بوداپ بولغۇرگەنىدى. بېلىق كاۋىپىنى ئىشتىها بىلەن يەپ ئولتۇرۇپ ناخشاخۇن سېكرېتار گەپ باشلىدى:

- ئەسلىدە رۇخسەتسىز يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكلىرىنى، يانتوقايدا رۇخسەتسىز بىنام ئاچقان هەم بېلىق باققانلىقلىرىنى سۈرۈشتە قىلىشقا، جەرىمانە قويۇشقا تېگىشلىكتى. ئەمما پارتىيە- هۆكۈمەتنىڭ دېهقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىش يولىغا باشلاش سىياسىتىنىڭ روهىغا ئاساسەن، ئاچقان بىناملىرىنىڭ ئۈچ يىللىق سۇ هەققىنى، كۆلنىڭ ئۈچ يىللىق ئىجارىسىنى تاپشۇرسىلا، باشقا هەق- سېلىقلارنى سۈرۈشتە قىلمايلى، دېيىشتۇق. يەنە بىر گەپ، بايام سىلى شەهەردىن چىقىپ بولغىچە بىز مۇشۇ ئولتۇرغان بارلىق كەنت كادىرلىرى مۇزاكىرىلە- شىپ، سىلىنى ئالدىن بېيىغان 10 مىڭ كويلۇق كەسىپي ئائىلە قىلىپ بېكىتتۇق. ماتېرىياللىرىنى يېزىپ يېزىلىق هۆكۈمەتكە يوللايمىز. يۇقىرىدىن تەكشۈرگىلى، كۆزدىن كەچۈرگىلى، سىلىنىڭ ئالدىن بېيىش تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنگىلى كەلسە، ئۇلارغا يانتوقايغا قىچىپ كەلگەنتىم دېمەي، كەنت تەشكىلى ماڭا ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، يانتوقايدەك ئەۋزەل بايلىق شارائىتىغا ئىگە يەردە دادىللىق بىلەن ئىگىلىك تىكلىشىمگە مەدەت بەردى، كۆپلەپ

ياردەم بەردى، ياخشى چارە، ئامال، تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپ رەھبەرلىك قىلدى، دەپ جاۋاب بېرىلا. قالدى گەپنىڭ تەپسىلاتىنى سىلىگە ئايرىم دەپ بېرىمىز.

خۇددى خام ياغ ئىچىۋالغاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالغان قاۋۇز ئاكىنىڭ كۆڭلىدىكى تۇمانلار بىردىنلا تاراپ كەتتى. ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ ھەم تەھدىت، ھەم بۇيرۇق تۇسىنى ئالغان سۆزلىرىگە ماقۇل دەپلا جاۋاب بەردى. ئۇلار يەنە نېمىلەرنىدۇر تاپلاپ، قاۋۇز ئاكا يوللۇق تۇتقان 4-5 تالدىن بېلىقلارنى ئېلىپ يانتوقايدىن كېتىشتى. قاۋۇز ئاكا ئۇلاردىن ئاسانلا قۇتۇلغىنىغا، ئۆزى ئويلىغىنىدەك ئۇلارنىڭ ئەسكىلىك قىلمىغىنىغا كۆڭلىدە قەۋەتلا خوش بولدى.

ئەسلىدە ناخشاخۇن سېكرېتار قاۋۇز ئاكىنى شەھەردە بېلىق سېتىۋاتقاندا كۆرۈپ قالغانىدى. يوقاپ كەتكىلى 3-4 يىل بولۇپ قالغان بۇ ئادەمنىڭ شەھەردە بېلىق سېتىپ يۈرگىنى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بىرىپ كۆرۈشمەكچى بولغانىدى، لېكىن شۇ ھامانلا كۆڭلىگە باشقىچە ئوي پۈكتى-دە، قاۋۇز ئاكىنىڭ كەينىدىن قارا كۆرۈنۈش ئەگەشتى. ئۇ، قاۋۇز ئاكىنىڭ يانتوقايدىكى ماكانىنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن كېچىلەپ يۇرتقا قايتتى ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە بارلىق كەنت كادىرلىرىنى يىغىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. ئۇلار بىردەك يانتوقايغا بېرىپ قاۋۇز ئاكىنى ئائىلىسى بىلەن يۇرتقا قايتۇرۇپ ئەپكېلىش، رۇخسەتسىز بىنام ئاچقان، بېلىق بېقىپ قىلغان كىرىمىنى پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىپ، كەنت مالىيىسىگە كىرىم قىلىشنى قارار قىلىشتى.

ئۇلار يانتوقايغا يېتىپ كەلگەندە قاۋۇز ئاكا ئاللىبۇرۇن شەھەرگە بېلىق ساتقىلى كىرىپ كەتكەنىدى. قاۋۇز ئاكىنىڭ ئايالى ناخشاخۇن سېكرېتار قاتارلىق كەنت كادىرلىرىنى كۆرۈپ دەسلەپتە چۆچۈدى، ھودۇقتى، تەمتىرىدى. كېيىن ئېسىنى يىغىپ ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى. 50-40 تۇخۇمنى دەرھال پىشۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەپچىقتى. توخۇدىن ئىككىنى بوغۇزلىتىپ، پاكىز ئادالاپ قازانغا تىقتى. تاماق ئارىلىقىدا ناخشاخۇن سېكرېتار ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ، نېمە سەۋەبتىن يانتوقايغا كېلىپ قالغانلىقىنى، يانتوقايدا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى سورىدى. ساددا، ئاقكۆڭۈل ئايال كۆلدە بېلىق تۇتقاندىن تارتىپ، بېلىق مايسىسى سالغىنىغىچە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ يېڭىدىن ئاچقان بىنام يەرلەرنى، زىرائەتلەرنى، قوتاندىكى قوي- كالىلارنى بىرمۇ بىر كۆرسەتتى. بۇلارنى كۆزۈۋېتىپ ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ كاللىسىغا تويۇقسىز باشقا بىر ئەقىل كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قاۋۇز ئاكىنىڭ مال- مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش، يۇرتقا قايتۇرۇپ كېتىش قارارىدىن تېزلا ياندى. ئۇ، قاۋۇز ئاكىنى 3-4 يىلدا بۇنچىۋالا ئىگىلىك تىكلەپ، بېيىپ كېتىدۇ دەپ پەقەت ئويلىمىغانىدى. ئېغىلدىكى قوي- كالىلارلا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن ئون نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى. ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭمۇ بۇنچىلىك مال- چارۋىسى يوق ئىدى. قاۋۇز ئاكىنى كەنت بويىچە،

ھەتتا پۈتۈن يېزا بويىچە بېيىغان دېھقانلارنىڭ ئالدى دېيىشكە بولاتتى. ھازىر يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، بېيىش يولىغا باشلاش، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى ھەدەپ تەكىتلەۋاتاتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ باشقا قوشنا كەنتلەردىن 10 مىڭ يۈەنلىك كەسپىي ئائىلىلەر، ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەر بىر- بىرلەپ بارلىققا كېلىۋاتاتتى. ئاشۇ كەنتلەرنىڭ سېكرېتارلىرى بولسا، دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىش يولىغا باشلىغان باشلامچى بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ماختىشىغا، تەقدىرلىشىگە، مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشىۋاتاتتى. تېخى يېقىندىلا يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت يېزا تەۋەسىدىكى ئاشۇنداق ئىلغار، نەمۇنىچى سېكرېتارلاردىن سەككىزىنى تەشكىللەپ ئىچكى ئۆلكە- شەھەرلەرنى ساياھەت- ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇرۇشقا ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇش يۈزىسىدىن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنىدا يىغىن ئاچقاندا، يېزا باشلىقى باشقا سېكرېتارلارنى بولدى دېگۈچە چۈكۈردى. ئىشلىگەن بارلىق خىزمەتلىرىنى يوققا چىقاردى. ھەتتا خېلى قاتتىق گەپلەرنى قىلدى. شۇ چاغدا ناخشاخۇن سېكرېتار ئىزا- ئاھانەتتىن ئۆلمىدى، ئۇندىن باشقىسى بولدى. ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك ئېغىر كەلگىنى، ئۇنىڭدەك رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگىلى 20 يىلدىن ئاشقان پىشقەدەم سېكرېتارنىڭ قېپقېلىپ، تېخى سېكرېتار بولغىنىغا ئەمدىلا 3-4 يىل بولغان سويمەكلەرنىڭ ئايروپىلانلاردا ئولتۇرۇپ، چۈشىدىمۇ بىرىپ- كېلىشنى خىيال قىلمىغان بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شېنجېنلاردەك كاتتا شەھەرلەرنى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن كۆرۈپ كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكى بولدى. بۇ، ناخشاخۇن سېكرېتار ئۈچۈن چىدىغۇسىز دەرد- ئەلەم ئەمەسمۇ- ھە! ئۇمۇ پارتىيە- ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى دەپ 20-30 يىللاپ تەر تۆكۈپ ئىشلىمىدىمۇ؟ كەنتتىكى دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرالمىغان، بېيىش يولىغا باشلىيالمىغان، كەنتتىن ھازىرغىچە بىرمۇ 10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە چىقىرالمىغان دەپلا، ئۇنىڭ شۇنچە يىللىق خىزمەت ئەجىرىگە كۆز يۇمسا بولامدىكەن؟ ئۇنىڭ ھازىرغىچە شۇجى- شياڭجاڭلارنىڭ بۇيرۇقلىرىنى، تەلەپلىرىنى ئورۇندىمىغان يېرى يوققۇ؟ نېمىنى بۇيرۇسا شۇنى قىلدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت دېھقانلارغا بەلگىلەپ بەرگەن ۋەزىپە- كۆرسەتكۈچلەرنى تولۇقى بىلەن ئورۇندىتىپ، ھەق- سېلىقلارنى كەم قويماي يىغىۋالدى. ئورۇندىيالمىسا جەرىمانە قويۇپ دەرھال ئەمەلىيلەشتۈردى. بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە سۇسلۇق قىلغان، باشقا كەنت سېكرېتارلىرىنىڭ ئارقىسىدا قالغان يېرى يوق. پەقەت بىرمۇ 10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە چىقمىغان دەپلا شۇنداق قىلسا بولامدىكەن؟

ناخشاخۇن سېكرېتار قاۋۇز ئاكىنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىنى كۆرگەندە، قاۋۇز ئاكىنى بىرەر يىل بۇرۇن ئۇچراتمىغانلىقىدىن ھەسرەتلەندى. كەنتتىكىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بەكرەك ئىز- دېرىكىنى قىلمىغانلىقىدىن پۇشايمان يېدى.

شۇنداقتىمۇ ئۆزىگە يەنە تېزلا تەسەللى بەردى. شان- شۆھرەت، نام- ئابروي ھەققىدىكى ئاتلىق ئوي- خىياللار ۋۇجۇدىنى تېزلا ئەسىر قىلىۋالدى.

«... بوپتۇ، ھېلىمۇ كېچىكمەيدۇ، - دەپ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ. - مانا، ئۈچ ئېتىز ئېغىلدىكى شۇنچىۋالا قوي- كالىلار، كۆلدىكى بېلىقلار، 20 موغا يېقىن بىنام يەردىكى ئوخشىغان زىرائەتلەرنىڭ قىممىتى ئاز دېگەندە 40-50 مىڭ كويدىن ئاشىدۇ. شۇجى- شياڭجاڭلار كۆرۈپ قويسۇن: ناخشاخۇن سېكرېتارمۇ دېھقانلارنى باي قىلالامدىكەن- قىلالمامدىكەن؟ باشقا سېكرېتارلارنىڭ كەنتىدىن كۆتىنى يۆلەشتۇرۇپ 10 مىڭ كويلۇق ئائىلىلەر چىققان بولسا، مانا ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ كەنتىدىن 40-50 مىڭ كويلۇق ئائىلىلەر چىقىدۇ. دەرھال دوكلات يېزىش كېرەك. بۇ تۆھپىنى ھەرگىز كىچىك چاغلاشقا بولمايدۇ. ناۋادا ھاكىملارنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالسا، ئۇ چاغدا ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ نامى، كارامىتى پۈتكۈل ناھىيىگە ھەتتا پۈتكۈل ۋىلايەتكە پۇر كېتىدۇ. ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ ئىچكى ئۆلكىلەرنى ساياھەت قىلىدۇ. ھېلىقى سويمەك سېكرېتارلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا نوچىلىق قىلالمايدۇ. خۇشامەت قىلىپ، سەت ھىجىيىشىدىغان بولىدۇ. ...»

كېيىنكى ئىشلار شۇنداق تېز يۈرۈشۈپ كەتتى. ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ كەنت كومىتېتى نامىدىن يازغان دوكلاتى يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ تېزلا دىققىتىنى تارتتى. شۇ ھامانلا دوكلاتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئۇن نەچچە كادىر ئەۋەتتى. ئۇلار يانتوقايدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ، پاخلان گۆشى، بېلىق كاۋىپىغا سىيىق كېكىرىپ كېتىشتى ۋە يېزا رەھبەرلىكىگە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جۈملىدىن ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە قاۋۇز ئاكىنىڭ قانداق قىلىپ يانتوقايدىن ئىبارەت بۇ ئادەم ئاياق باسمايدىغان جاڭگاللىقتا بۇ يەرنىڭ تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ بېلىقچىلىق، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، بىنام ئېچىپ، دېھقانچىلىق قىلىپ ئىگىلىك تىكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش قەدىمىنى دادىللىق بىلەن باسقانلىقىنى تەسىرلىك يازما دوكلات قىلىپ يوللىدى. شۇ ھامانلا يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى، ئاندىن كېيىن يېزا باشلىقى ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئۆمەك تەشكىللەپ مەخسۇس كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى. ناخشاخۇن سېكرېتار ئۇلارغا قاۋۇز ئاكىنىڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە قانداق قىلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى تەپسىلىي دوكلات قىلدى. پاخلانلار سويۇلدى. بېلىقلار كاۋاپ قىلىندى. قاۋۇز ئاكا ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن قاسىم ئاخۇننى بۇيرۇپ، يېزا بازىرىدىن ئىككى يەشىك ھاراق ئەكەلدۈرگەنىدى، بۇ ھاراقلارمۇ پاك- پاكىزە ئىچىۋېتىلدى. پارتكوم شۇجىسى، يېزا باشلىقى قاتارلىق رەھبەرلەر قاۋۇز ئاكىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى، بۇ جەرياندا ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ دادىللىق بىلەن تەدبىر تۈزۈپ توغرا يېتەكلىگەنلىكىنى، رەھبەرلىك قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇلارنىڭ روھىدىن پۈتكۈل يېزا خەلقىنىڭ، جۈملىدىن بارلىق كەنت سېكرېتارلىرىنىڭ ئۆگىنىشى لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. بۇ ئىشلاردىن قاۋۇز ئاكىمۇ، ناخشاخۇن سېكرېتارمۇ ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ناخشاخۇن سېكرېتار يېزا رەھبەرلىرىنىڭ ئالاھىدە ماختىشىغا ئېرىشكەنلىكىدىن، كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇسىنىڭ تېزلا رېئاللىققا ئايلىنىۋاتقانلىقىدىن مەست بولۇپ كەتكەنىدى.

ھەپتە ئۆتكەندە يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، پۈتكۈل يېزا تەۋەسىدىكى ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ سېكرېتار، مۇدىر، مۇئاۋىن سېكرېتار، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى بولۇپ 100 دىن ئارتۇق ئادەمدىن تەشكىللەنگەن ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش ئۆمىكى يانتوقايغا كەلدى. قاۋۇز ئاكا بەش قوينىڭ بېشىنى كەستى. كۆلگە ئىككى قېتىم تور تاشلىدى. تولۇق بىر كۈن پۈتكۈل يانتوقاي جاڭگىلىنى قوي گۆشى بىلەن بېلىق كاۋىپىنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ناھىيىدىكى شۇجى، ھاكىملارمۇ يانتوقايغا ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلدى. قاۋۇز ئاكا بىلەن تولىمۇ قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ناخشاخۇن سېكرېتارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ماختىدى. شۇنداق قىلىپ يانتوقاينىڭ، قاۋۇز ئاكىنىڭ، ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ نامى پۈتكۈل ناھىيىگە پۇر كەتتى. پات- پات يانتوقاينى پاخلان گۆشىنىڭ، بېلىق كاۋىپىنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلاپ تۇراتتى. بېلىق كاۋىپىنىڭ ئاشۇ مەززىلىك ھىدىغا ئەگىشىپ تەرەپ- تەرەپتىن رەھبەرلەر، مېھمانلار، ئېكىسكۇرسىيە، تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ئۆمەكلىرى كېلىپ تۇراتتى.

قاۋۇز ئاكىنىڭ كۆلنىڭ بېلىقىنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ، بۇ پۇللارغا كۆلگە يەنە بېلىق مايىسى سېلىش، نەسىللىك قوي- كالىلارنى سېتىۋېلىپ مال- چارۋىلارنى كۆپەيتىش، سوپەك سېتىۋېلىپ بىنام ئېچىپ، كەڭ دائىرىدە دېھقانچىلىق قىلىش، باغ بىنا قىلىشتەك ئارزۇ- ئارمانلىرى پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلاندى. چۈنكى كۆلدىكى بېلىقلارنى، قوتاندىكى قويلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ ئۆگىنىش ئۆمەكلىرى، ناھىيە، يېزا باشلىقلىرى باشلاپ چىققان مېھمانلار ئاساسەن يەپ تۈگەتكەنىدى. مانا ئەمدى كۆلگە بىر كۈن كەچكىچە تور تاشلاپمۇ كىچىك بالىنىڭ بىلىكىچىلىك بېلىق تۇتقىلى بولمايتتى. كۆل قۇرۇقدىنىپ كەتكەنىدى.

قاۋۇز ئاكىنىڭ «بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىسى» دېگەن نامى يىراق- يېقىنغا پۇر كەتكەنىدى. رەھبەرلەر، ئېكىسكۇرسىيە ئۆمەكلىرى بىرسى كەتسە، بىرسى كېلىپ تۇراتتى. ئۇلارنى چوقۇم بېلىق كاۋىپى بىلەن كۈتۈۋېلىش كېرەك ئىدى. ئەمما كۆلدە بېلىق تۈگەپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى قاۋۇز ئاكا ئېغىلدىكى قوي- كالىلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا شەھەردىن بېلىق سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، ئاشۇ رەھبەرلەرنى،

www.uyghurkitap.com

ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋالىدىغان بولدى. بۇنىمۇ ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ ھەم تەھدىت، ھەم يېلىنىش ئارىلاش كۆرسەتكەن ئەقلى بىلەن قىلدى. مانا ئەمدى قاۋۇز ئاكىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ئالدىن بېيىغان بېلىقچىلىق كەسپى ئائىلىسى دېگەن كاتتا نامىدىن باشقا كۆلدە نە بېلىق، قوتاندا نە قوي- كالىسى قالمىغانىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن: «يېزىغا مېھمان كېلىپ قالدى، دەرھال بېلىق تۇتۇپ ئەۋەتسىلە» دەپ ئىككىلىك خەت بىلەن پىكاپ كېلىپ تۇراتتى. قاۋۇز ئاكىنىڭ خۇددى بىر شېرىن چۈشتەك بىر مەزگىل داۋاملاشقان خۇشاللىقى، گۈزەل ئارزۇ- ئارمانلىرى، ئۇلۇغۋار پىلانلىرى تېزلا غايىب بولۇشقا باشلىدى. قاۋۇز ئاكا كۆل بويىغا چىقىپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن خىيال سۈرەتتى. چىلىمغا كۆك تاماكىنى چىڭداپ بېسىپ ئاچچىق- ئاچچىق شورايتتى. ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتى. ئۇ، يانتوقايغا قېچىپ كېلىۋېلىپ ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ قار- يامغۇر يېغىپ تۇرىدىغان سەت گۆلىيىشلىرىدىن، نەشتەردەك تىل- ئاھانەتلىرىدىن، تۈگىمەس ئالۋاڭ- سېلىق، جەرىمانىلىرىدىن، قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ھاشار ئەمگەكلىرىدىن قۇتۇلغان بىلەن، مانا ئەمدى يەنە شۇ ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ سەۋەبىدىن ئاسادىيى ئېرىشىپ قالغان شېرىن، ھەيۋەتلىك شان- شەرەپلەرنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز بېسىمى ئۇنى يەنە ھالسىرىتىپ قويغانىدى. شۇنچە كەڭرى يانتوقاي جاڭگاللىقى ئۇنىڭغا تار كېلىۋاتاتتى. مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ بۇ يەردىنمۇ تېز يوقال دەۋاتاتتى.

- خۇش خەۋەر! ئولتۇرماي تېز قوپسىلا، قاۋۇز ئاخۇن. بۇ دۆرەم مېھمانلارنىڭ كاتتىسى كېلىدىغان بولدى.

ناخشاخۇن سېكرېتار سېمىزلىكىتىنمۇ ياكى ئالدىراپ ماڭغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر ھاسىراپ كەتكەنىدى. تەر تەپچىرەپ تۇرغان مىسرەڭ، گۆشلۈك چىرايىدا ئاجايىپ بىر خۇشاللىقنىڭ شولىسى ئەلەڭگىيتتى. ئۇ، قاۋۇز ئاكىنىڭ ئىپادىسىز قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، رەنجىگەننى قىلىپ يەنە سۆزلىدى:

- شۇنچە يەردىن دوپپامنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي پالاقلاپ كەلسەم ھېچ ئىش بولمىغاندەك قاراپ تۇرىلىيا قاۋۇز ئاخۇن. مۇنداق ئىككى ئېغىز گەپ سوراپ قويمىلا ئەمدى.

- سورىمىسامۇ مېھماننىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكلىرىنى دېدىلىغۇ سېكرېتار، - دېدى قاۋۇز ئاكا خۇشياقمىغان ھالدا.

- بۇ دۆرەمقى مېھماننى ئۇنچە كىچىك چاغلاپ كەتمىسىلە، قاۋۇز ئاخۇن. مېھمان ئۈرۈمچىدىن كېلىدۇ. ئاڭلاۋاتامىلا قاۋۇز ئاخۇن، ئۈرۈمچىدىن. ئەمدى بۇ يانتوقاي جاڭگىلىغا ئۈرۈمچىلىك ئەزىز مېھمانلارنىڭمۇ ئايىغى تېگىدىغان بولدى دېسىلە، - ناخشاخۇن سېكرېتار خۇددى كوچىدىن بەش موچەن پارچە پۇل تېپىۋالغان كىچىك بالىدەك قىن- قىنىغا پاتماي سۆزلەۋاتاتتى، - ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان مېھماننىڭ دەرىجىسىنى بىلمىدىم. ئەمما ۋىلايەتتىن ۋالىيلار، ناھىيىدىن ھاكىملار ھەمراھ بولۇپ بىللە كەلگۈدەك. بولسىلا، ۋاقىت قىس، دەرھال تەييارلىق قىلمىساق بولمايدۇ. مېھمانلار ئۈگۈنلۈككە ئەتىگەندە ئۇدۇل يانتوقايغىلا كېلىدىغان بوپتۇ. ھازىردىن باشلاپ تېز، پۇختا تەييارلىق قىلمىساق، كاتتىلارنىڭ ئالدىدا سۇنۇپ قالىمىز.

- مېھمان كەلسە يانتوقاي مۇشۇ شۇ، كۆل ئەينا...

- ھەي ي... نېمە دېگەنلىرى بۇ قاۋۇز ئاخۇن، - دېدى ناخشاخۇن سېكرېتار قاۋۇز ئاكىنىڭ تەنە ئارىلاش گېپىنى بۆلۈپ، - ئۇنداق دېمىسىلە. ئۇلار شۇنچە ئۇزاقتىن كېلىدىغان كاتتا باشلىقلار تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىككى قولىمىزنى بۇرنىمىزغا تىقىپ چىقساق ياخشى بولماس.

- مېنىڭ نېمە ئىلاجىم بار دەيلا، سېكرېتار. كۆل بىلەن قوتاننىڭ ئەھۋالى سىلىگە ئايان، - قاۋۇز ئاكا شۇنداق دېدى-دە، تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن چىلىمنىڭ سەيخانىسىغا تاماكىنى چىڭداپ بېسىشقا باشلىدى. ناخشاخۇن سېكرېتار قاۋۇز ئاكىنىڭ قولىدىكى چىلىمنى تارتىۋېلىپ، ئاچچىق- ئاچچىق قىلىپ ئىككىنى شورىدى، ئاغزى- بۇرنىدىن يەڭدەك ئىس پۇرقىراپ چىقتى.

- سىلىمۇزە بارغانسېرى پىخسىقلىشىپ كېتىپ بارىلا جۇمۇ، قاۋۇز ئاخۇن، - دېدى ناخشاخۇن سېكرېتار چالا ھىجىيىپ، - مېھماننىڭ گېپىنى ئاڭلىسىلىلا قاپاقلىرى چۈشۈپ كېتىدىغان بولىۋالدى. ماڭا قايىلسىلا، ئۆتكەن قېتىمقىغا ئوخشاش بىر ئامالىنى قىلمامىلا ئەمدى.

ناخشاخۇن سېكرېتارنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ قاۋۇز ئاكا بىر ئاز يۇمشىدى.

- قانچىلىك مېھمان كەلگۈدەك؟

- مەنمۇ تازا بىلىپ بولالمىدىم. ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ئۇ مېھمانغا ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن بولۇپ ئاز دېگەندە 30-40چە ئادەم ھەمراھ بولۇپ كېلىدىغۇ دەيمەن. 50 كىشىلىك تەييارلىق قىلساق بولارمىكىن.

- ئېغىلدا ئاشۇ موزايلىق ئىنىكىمدىن باشقا ھېچنىمەم قالمىدى، - دېدى قاۋۇز ئاكا، - ئۆتكەن قېتىم مېھمانلارغا قوشقا قاتقىدەك بولغان توپاقنى سېتىپ، پۇلىغا شەھەردىن بېلىق سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا يانتوقاينىڭ بېلىقى دەپ كاۋاپ قىلىپ بەردۇق. ئالتە ئاي يازدىن بېرى مېھمان كۈتۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، دېھقانچىلىقىمىز پەقەتلا ئوخشىمىدى. تاغاردا ئاشلىقنىڭ تايىنى يوق. پىلانىمدا ئاشۇ موزايلىق ئىنەكنى سېتىپ، پۇلىغا ئاشلىق سېتىۋېلىپ قىشتىن چىقىۋالارمىز، دەپ ئويلىغانىدىم...

- ھەر نېمە قىلسىلا بىر ئامالىنى قىلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىرايلىق چىقسىلا. قالدى گەپنى كېيىن دېيىشەيلى. قىشتا، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان نامرات ئائىلىلەر قاتارىدا قۇتقۇزۇش ئاشلىقىدىن جىقراق ھەل قىلىپ بېرەي. قانداق دەيلا، ئاشۇنداق قىلسامغۇ بولار؟

قاۋۇز ئاكا گەپ قىلماي يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى. ناخشاخۇن سېكرېتار قاۋۇز ئاكىغا گۆلەيدى:

- سىلىگە گەپ قىلىۋاتىمەن، قاۋۇز ئاخۇن. بىر ئېغىز گەپ قىلمامىلا ئەمدى.

قاۋۇز ئاكا سېكرېتارنىڭ نەشتەردەك كۆزلىرىگە شۇنداقلا قارىدى-دە، ئاستا پىچىرلىدى:

- مەيلى، بېلىق كاۋپىنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم بىر ئامال قىلاي. ئەمما مېھمانلارغا ھاراق قوي دېسىلە، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. موزايلىق ئىنەكنىڭ پۇلى ھەر قانچە بولسىمۇ، بېلىق كاۋپىغا ئاران چىقىشىدۇ.

- بوپتۇ- بوپتۇ، شۇنداق قىلسىلا، ئۇلار چوڭ شەھەرلەردە ئالىي رېستورانلاردا ھاراق ئىچىپ كۆنۈپ قالغان ئادەملەر. بۇ جاڭگاللىقتا ھاراق ئىچمەي دەپمۇ تۇرۇۋالماس. توشقان تېرىسىمۇ ئۈچ كۆڭلۈككە چىدايدۇ، دەپتىكەن. چىدايلى، قاۋۇز ئاخۇن. مېنىڭ بىلىشىمچىمۇ، سىلى يۇرتتىن بۇ جاڭگالغا قېچىپ كەلگەندە-ئىشەك ھارۋىلىرىغا يوتقان- كۆرپىلىرىنى بېسىپلا كەلگەنغۇ دەيمەن. يانتوقايغا كېلىپ كۆلنىڭ تەييار بېلىقىنى تۇتۇپ ساتتىلا، باج- سېلىقسىز يەر تېرىدىلا. شۇنچىۋالا ۋەج- دۇنيا، يۈز- ئابروي تاپتىلا. بىز تېخىچە سىلىدىن يانتوقايدىن ئاچقان بىنانىڭ، بېلىق باققان كۆلنىڭ، مال- چارۋا باققان يايلاقلارنىڭ ئىجارىسىنى، يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك ھەق- سېلىقلارنى سورۇشتە قىلمىدۇق. نەچچە يىلدىن بېرى ھاشار- ئەمگەككە قاتناشمىدىلا، بۇنىڭمۇ ھېساب- كىتابىنى قىلىشمىدۇق. قالدى گەپلەرنى سىلى- بىز تىلىمىزنى ئۇقۇشىدىغان مۇسۇلمان خەق بولغاندىكىن ئالدىرىماي قىلىشۇۋالارمىز. ماقۇل ئەمىسە، مەن كەتتىم. تەييارلىقتا تېزراق تۇتۇش قىلىلا.

ناخشاخۇن سېكرېتار كەتتى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە ئېغىز گەپلىرى قاۋۇز ئاكىنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلدى. ئۇ، ئولتۇرغان ئورنىدا مىدىرلىماي ئۇزاق ئويلاندى. چىلىمنىڭ سەيخانىسىنى ئىككى قېتىم يەڭگۈشلىدى. تاماكىنىڭ ئاچچىقىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقتى. «ھازىرغۇ موزايلىق ئىنەكنى ساتارمەن. ئەمما قىشچە يېگىلى ئاشلىق تاپالمىسام قانداق قىلارمەن. كەنتتىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان نامراتلار قاتارىدا قۇتقۇزۇش ئاشلىقى ئالسام، خەقلەر زاڭلىق قىلىپ كەينىچە كۈلمەسمۇ؟ ناۋادا ناخشاخۇن سېكرېتار بايام گېپىنى قىلغان ھەق- سېلىقلارنى ھېسابلىسا، ئۇنىڭغا نېمىنى تۆلەپ بېرەرمەن؟... ئەقىللىق ئىت ئىگىسىگە ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەپتۇ، دەپتىكەن. ئەڭ ياخشىسى...»

* * *

ناخشاخۇن سېكرېتار بۈگۈن تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ، ئەتىگەندە چاچ- ساقاللىرىنى پاكىز قىردۇردى. يېڭى بادام دوپپىسىنى، ھېيتلىق شىم- چاپىنىنى كىيدى. چاپىنىنىڭ بېلىنى يېڭى تاۋار بەلبېغى بىلەن مەھكەم باغلىدى. ئاندىن بىر قىسىم كەنت كادىرلىرىنى، دېھقانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كەنت يوللىرىنى سۇ چېچىپ، پاكىز تازىلاشقا ئورۇنلاشتۇردى... موتسىكلىتىنى ئوت ئالدۇرۇپ، يانتوقايغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئاچچىق شور پۇراپ تۇرىدىغان توپىلىق يولدا موتسىكلىت كەينىدىن بوراندەك توپا- چاڭلارنى توزۇتۇپ، سىلكىنىپ- سىلكىنىپ كېتىپ باراتتى. ناخشاخۇن سېكرېتار بولسا، تۈرۈۋېچىسىن كېلىدىغان مېھمانلارغا، ۋالىيلارغا ئۆزىنىڭ قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلارنى بېيىش يولىغا باشلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنى، يانتوقاينىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئالدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، قاۋۇز ئاخۇن ئائىلىسىنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ ئەپكېلىپ، ئىگىلىك تىكلەشكە رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى، بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ قانداق جاپا تارتقانلىقىنى، چارە- تەدبىرلەرنى تۈزگەنلىكىنى قانداق سۆزلەپ بېرىش ھەققىدە قاتتىق باش قاتۇرۇۋاتاتتى. توپىلىق كاتاڭ يولدا موتسىكلىتنىڭ سىلكىنىشلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ خىيالىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيۋاتاتتى. ۋالىيلارنىڭ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ماختاشلىرى قۇلىقى تۈۋىدە يېقىملىق ناخشىدەك جاراڭلايتتى...

ئۇ ئەنە شۇنداق شېرىن خىياللار ئىلكىدە يانتوقايغا يېتىپ كەلدى-دە، قاۋۇز ئاكىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قالدى. يانتوقايدا ئىنسى- جىن يوق ئىدى. قاۋۇز ئاكا بالا- چاقىلىرىنى ئېلىپ، ئازغىنە لاقا- لۇقىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم تويۇقسىز غايىب بولغانىدى.

- ۋاي خۇدايىم ئەمدى قانداق قىلارمەن؟

ناخشاخۇن سېكرېتار شۇلارنى دېدى- دە، بېشى قېيىپ كۆزى قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، تۇرغان جايىدا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

* * *

جاڭگالنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسى. ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن قۇمۇشلۇقتا قاۋۇز ئاكا ئىشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىپ باراتتى. ھارۋىدا ئايالى، بالىلىرى ئولتۇراتتى. ھارۋىنىڭ كەينىگە باغلاپ قويغان موزايلىق ئىنەك پۇشۇلدىغىنىچە ھۇرۇنلۇق بىلەن كېتىپ باراتتى. ھارۋىنىڭ ئىككى چاقى قۇمۇشلۇقتا يەرگە چوڭقۇر پېتىپ يېڭىدىن ئەگرى- بۈگرى ئىزلارنى قالدۇراتتى. قاسىم ئاخۇننىڭ كۆزلىرى ئاشۇ ئەگرى- بۈگرى ئىزلارغا خىيالچانلىق بىلەن تىكىلگەنىدى. قاۋۇز ئاكا ئىشەكنى مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ بالىلىرىغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى:

- ... بېلىقچى بەكمۇ نامرات ئىكەن. كۈندە دەريادىن تۇتقان بېلىقى بىلەن بالىلىرىنى باقىدىكەن. بىر كۈنى بېلىقچى دەرياغا تولۇق بىر كۈن تور تاشلاپ ئاران دېگەندە بىر تال بېلىق تۇتۇپتۇ. بۇ بېلىقنى پادىشاھقا تەقدىم قىلىپ، شۇ ئارقىلىق پادىشاھدىن ئازراق ئىنئامغا ئېرىشىشنى ئويلاپتۇ-دە، شۇ ھامان ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ بېلىقنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بوپتۇ. بېلىقنى قوبۇل قىلىپ، بېلىقچىغا مىڭ تىللا ئىنئام قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نامرات بېلىقچى يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلۇپ، باياشات، خۇشال- خۇرام ياشاپتۇ. بالىلىرىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇپتۇ...

1997- يىل 14- نويابىر، يەكەن

---

ئاپتور: يەكەن دەريا باشقارمىسىنىڭ خادىمى (M1)



# ئاچچىق -چۈچۈك مېۋىلەر

## پاجىئەنىڭ يەنە بىر يۈزى

(ئەبجەش خاتىرە)

ئابباس مۇنىياز

مۇھەببەت-تەڭداشسىز قىزغىنلىق، تېپىلغۇسىز ئۇلۇغ روھ. ئۇ، تىرىكنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكنى‌تىرىلدۈرەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە. ئۇنىڭ مۆجىزىلىك نۇرى دۇنيادىكى ھەممە بارلىقنى سۆيۈپ ئۆتىدۇ: ۋەتەن، ئانا، تەبىئەت، ئىككى جىنس . . .

ئەمما بىز شۇنىڭغا ئادەتلەنگەنكى، «مۇھەببەت» دېگەن گەپ چىقسا، كۆز ئالدىمىزغا بىرىنچى بولۇپ ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت كېلىدۇ. ئۇنى ئويلاپ خىيالەن ھوزۇردا ئېرۋا تالالىرىمىز سەل تارتىشقان -چارچىغاندىن كېيىن، ئاندىن دۇنيادا باشقا خىلدىكى مۇھەببەتنىڭمۇ بارلىقىنى، ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ پەقەت مۇھەببەتنىڭ ساناقسىز مەزمۇنلىرى ئىچىدىكى بىرلا خىللى ئىكەنلىكىنى ئەقلىمىز بارلىرىمىز ئاز-تولا ئەسكە ئالىمىز. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بىز قانغۇدەك سۆيەلمەي، شادلانغۇدەك سۆيۈلەلمەي كەلدۇق. تەبىئەت، تارىخ . . . ھەممە بارلىق بىزنى تاشلىۋەتكىلى تۇردى. دەل ئاشۇ بىرىنچى بولۇپ كۆز ئالدىمىزغا كېلىدىغان ئىككى جىنس مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى بولغان «جىنسىي مۇھەببەت» قارشى بىزنى ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلىرىمىزدىن مەھرۇم قىلدى. «جىنسىي» دېگەن سېھىرلىك تېمى بىلەن كۆزىمىزنى توراپ، ئەقلىمىزنى ئېلىپ قاچتى. شۇڭا، بىزنىڭ ئەقلسىزلىق قىلىپ يوقاتقان نەرسىلىرىمىز بەك- بەك كۆپ. پادىشاھلار تاجۇ-تەختىنى، مۆتىۋەرلەر ئابروي- بەختىنى، يەر ئىگىسى زېمىن- يايلىقىنى، گۆھەرزاتلار ۋەتەن- بايلىقىنى، ئىلىم ئەھلى قەلىمىنى، ئەمەلدارلار ئەمىلىنى. . . تارتقۇزۇپ قويغان پاكىتلارمۇ

ساماندەك.

ھەممىمىز شۇ پاكىتلارنى بىلىمىزيۇ، چىن مەنىدىكى مۇھەببەت بىلەن «جىنسىي مۇھەببەت» نى بىر تاياقتا ھەيدەپ، نى-نى ئۇلۇغ مەخسەتلەرنى ئۇنتۇغىنىمىز. نەزەرىمىزدىكى «مۇھەببەت» كە تېگىشىۋاتىمىز. كۆپلىرىمىزدە مۇشۇ خىل «ئاچ» خاراكتېر يامراپ يۇرگەچكە، ئۆزئارا ئىش ھەل قىلىشمۇ بەك تەس. ئاكىسى بارسا پۈتمىگەن ئىش، سىڭلىسى بارسا ھەل بولىدۇ؛ ئەر كىشى كىرسە تەتۈر قارىغان باشلىقلارمۇ خوتۇن كىشى كىرسە دەس تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، خەقنىڭ سىڭلىسى ساڭا بويۇن قىسسا، سېنىڭ سىڭلىڭ خەقنىڭ ئاكىسىنىڭ كۆزىگە تەلمۈرىدۇ. . . . مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق، بىز راستىنلا تۈگىشىمىز. تارىختىكى ئاچچىق قىسمەتلەر يەنە تەكرارلىنىدۇ. زېھنىمىزدىن ئۆسۈپ چىققان جانقوشار ئاشلىقىمىزنى ئەمەس، ئىششىقۋاز ياچىۋەگدەك ئۆز «بېشىمىز» نى يەيمىز.

ئېيتىلىشىچە، ياچىۋەگىنىڭ جىنسىي ھەۋىسى بەكلا كۈچلۈك بولىدىكەن. بولۇپمۇ ئەركەك ياچىۋەگ چىشى ياچىۋەگنى كۆرسىلا جىنسىي ھەۋىسى قوزغىلىپ، «مۇھەببەتلەشكۈسى» كېلىپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ مۇھەببىتى جىنسىي مۇھەببەتنىلا مەخسەت قىلغاچقا، چىشى ياچىۋەگ بىلەن ئاسانلا مۇھەببەتلىشىپ قالىدىكەن. شۇ جەرياندا، ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ، پۈتكۈل ئەقىل-ئىدرىكىنى، ھېس- ھاياجىنىنى چىشى ياچىۋەگ بىلەن «تۇتۇشۇش» قا بېغىشلايدىكەن. ئۇلارنىڭ «مۇھەببىتى» ئۇزاقتىن ئۇزاق داۋاملىشىدىغان بولۇپ، ھاياجانلانغان ئەركەك ياچىۋەگ شۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمىنى سەزمەيدىكەن. ئۇ، پەيزى قىلىۋاتقاندا، ئاستىدىكى ياچىۋەگنىڭ باش- كۆزىگە سۆيۈپ، يالاپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايدىكەن. شۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولغان چىشى ياچىۋەگ ھاياجانلىنىپ كېتىپ، ئەركەك ياچىۋەگنىڭ ئاۋۋال تىلىنى، ئاندىن ئېغىز- بۇرنىنى، ئاستا- ئاستا بېشىنى بىر-بىرلەپ يەپ تۈگىتىدىكەن. ئەسەبىي ھاياجاندا «مۇھەببەتلىشىۋاتقان» ئەركەك ياچىۋەگ بېشى يېيىلىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمايدىكەن. ئەكسىچە تېخىمۇ ھوزۇرلىنىپ «ئۆزئىشى» نى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان قىزغىنلىق بىلەن داۋاملاشتۇرىدىكەن. ئاشۇ شېرىن بىھۇشلۇقتا گەۋدىسىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك يېيىلىپ تۈگىگەندە ھېچنېمىنى تۇيمايلا ئۆلىدىكەن. ئۇنىڭ شېرىن «مۇھەببىتى» - جىنسىي ھەۋىسىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلكېسىل ئاخىرلىشىدىكەن. . .

ياچىۋەگ دېگەن بۇ زىناخور ھاشارەتنىڭ پاجىئەسى تارىختىكى مۆتىۋەر بوۋىلىرىمىزنىڭ، جانكۆيەر ئەل بېشلىرىمىزنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىگە ئاز- تولا ئوخشاپ تۇرامدۇ، قانداق؟

دۇنيادا «سەتەڭلەر ھېيلىسى» دەيدىغان بىر مەشھۇر «ئېرىتىش ئۇسۇلى» بار. بۇمۇ جىنسىي جەلپ قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن بولغان مەخسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھېيلىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تېگى- تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ھەقىقىي مۇھەببەتمۇ ئەمەس، بۇنى ھەممە بىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا ئەقىلنى ھەۋەسكە، ئۇلۇغ مەخسەتنى بىردەملىك تەننىڭ ھوزۇرىغا تېگىشىمىز؟! «ئۇسسۇلچى مىللەت» دىن ھالقىپ، ئەمدى «زىناخور مىللەت» بولامدۇق؟.

مۇھەببەت -ئەڭ پاك ھېسسىيات، چىن ھاياجان، مۇقەددەس روھ. جىنسىي مۇناسىۋەت-فىزئولوگىيىلىك تەقەززالىقنىڭ ھەرىكەتلىنىشى، پىسخىك ھاياجاننىڭ ماددا ۋاستىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى. ئۇ، ئىككى جىنس مۇھەببىتىنىڭ مۇقەررەر مەنزىلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئىككى جىنس مۇھەببىتىنىڭ ئۆزى ئەمەس.

روھىيىتىمىزدىكى ئاشۇ «ئاچ»لىق ئىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى ئۈچۈن زېھنىمىز خۇنۇكلىشىپ، «مۇھەببەت» بىلەن «مۇناسىۋەت» نى ئارىلاشتۇرۇپ قويدۇق. ئېڭىمىزدا «مۇناسىۋەت» ھامان مۇھەببەتتىن ئۈستۈن تۇرۇپ كەلدى. شۇڭلاشقا، بىزدە مۇھەببەتنىڭ قىممىتى تۆۋەن.

بېشىڭىزنى ئۈستۈن كۆتۈرۈپ قاراپ بېقىڭ: ۋەتەن، مىللەت؛ تارىخ، كېلەچەك؛ ئىنسان، تەبىئەت. . . ھەممىسى چىن مۇھەببىتىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. تالاي ئۇلۇغ ئىشلار- ئۇلۇغ مەخسەتلەر، پۇرسەتلەر. . . سىزنىڭ ئەقىل ۋە جۈرئىتىڭىزنى، يەنە شۇ گېپىمىز بويىچە ئېيتساق، مۇھەببىتىڭىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋېتىپتۇ!

مانا ئەمدى، دۇنيادىكى بارلىق مۇھەببەتنى «مۇناسىۋەت» دەپ چۈشىنەمسىز؟ ئەقىلنى ھېسسىياتقا تېگىشەمسىز ياكى ئۇلۇغ مەخسەتلەرنى ئەلمىساقتىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئۆتكۈنچى ھوزۇرغا ساتامسىز ۋە ياكى ياچىۋەگدەك تار «مۇھەببىتىڭىز» ئۈچۈن قۇربانلىق بولامسىز؟ ئۆزىڭىز ئويلاڭ.

دەيدىغىنىم: سىز ئۇلۇغ يارالما. بويىنىڭىزدىكى كاللا سىزنىڭ بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئاپىرىدە بولىدىغان ئەقىل، مەقسەت، جۈرئەت ۋە مەنپەئەت مىللەتنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ!

ئەمدى يەنە «ياچىۋەگ» بولامسىز ياكى. . .

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

# تۆشۈك نان

(ھېكايە)

ھەبىبۇللا مىجىت

- تۆشۈك ناندىن قارىما، بالام.
- نېمە بولىدۇ؟
- يامان بولىدۇ.
- يامان بولسا نېمە بولىدۇ؟

ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزى بىردە چۆچەكلەردىكى بەھەيۋەت دېۋىلەردەك

قورقۇنچلۇق تۇيۇلسا، بىرتۇرۇپ رىۋايەتلەردىكى «ئېچىل داستىخان» ياكى «تىللا تىزەكلەيدىغان ئېشەك»تەك سىرلىق، جەلپكار تۇيۇلاتتى.

— چۆچەك ئېيتىپ بېرە، ئانا.

— قايسى چۆچەكنى ئېيتىپ بېرەي، بالام؟

— «ئوغۇزخان»نى.

— باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئەسكەرلىرى بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ . . . .

— باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئەسكەرلىرى بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدىنمۇ ئۆتكەنمۇ؟

— بىلمەيدىكەنمەن.

— ئەمىسە بىلىدىغىنىڭنى سورايمۇ؟ تۆشۈك ناندىن قارىسا نېمە بولىدۇ؟

— سەن سورىما ، مەن ئېيتماي.

— ياق، ئېيتىپ بەر، — ئۇ بىردىنلا يىغلامسىرىدى. كۆكۈش، ئېقى يوغان كۆزلىرىدىن قەيسەر، سوغۇق بىر ئۇچقۇن چاچرىدى. ئانىنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— دەردتە قالارسەنمىكىن؟ ماقۇل، خۇدايىم ساقلار. تۆشۈك ناندىن قارىسا، ھەرقانداق نەرسىنى كۆرگىلى بولىدىكەن، مۇبادا ئۆينىڭ سىرتىدا تۇرۇپ نانىنىڭ تۆشۈكىدىن قارىسا، ئۆينىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداق نەرسىنى كۆرگىلى بولارمىش. سەن ئۇنداق قىلما جۇمۇ، بولمىسا، كۆزۈڭ كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ. . .

شۇندىن باشلاپ بالىنىڭ قورسىقىغا جىن كىردى، بىر نەرسە ئىچىنى غىدىقلاپ ئارام بەرمىدى، ناننى تېشىپ قاراپ باقماقچى بولدىيۇ، يەنىلا قورقتى.

بىر كۈنى ئۇ مەكتەپتىن بالدۇر كېلىپ، ھويلىغا كىرىپلا چۆچۈپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق بولۇپ، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئىچىدىن ئېتىلگەنىدى. ئۆي ئىچىدىن ھاسىراپ-ھۆمىدىگەن ئاۋاز كېلىۋاتاتتى.

— ئوغرى، جوقۇم ئوغرى، — بالا قورقىنىدىن ئۆپكىسى گېلىغا قاپلىشىپ نەپەس ئالالماي قالدى. لېكىن ئۇ بىردىنلا دېدىللەشتى، قولىغا دادىسى ئوتۇن يارىدىغان پالتىنى ئېلىپ، شەپە چىقارماستىن ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى.

— ۋىيەي، ئاستىراق، ئەسكى.

بىر ئايالنىڭ بوش ئەمما ئۈزۈك-ئۈزۈك نازلىنىپ ھاسىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— جىمتۇر جېنىم، تىپىرلىما.

— دادامنىڭ ئاۋازىغۇ بۇ، — ئۇ بىردىنلا قىزىقسىنىپ دېرىزىدىن ماردى. دېرىزە پەردىسى چۈشۈرۈۋېتىلگەچكە، ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدى. پەقەت ھاسىراش-ھۆمۈدەشلەر داۋام قىلىۋاتاتتى.

راست، تۆشۈك نان بىلەن . . . ئۇ ئاشخانا ئۆيدىن بىر گىردىنى ئېلىپ چىقىپ ئوتتۇرىسىنى مىڭتەسلىكتە تەشتى-دە، قارىدى. قارىدىيۇ، ئۆي ئىچىدىكى كارامەتنى كۆرۈپ، ئارقىسىغا تىرىكىدە ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى. دادىسى-ئۇنىڭ ئەڭ ئامراق ۋە سۆيۈملۈك، ئىشخانىسىدا گىدىيىپ ئولتۇرۇپ ھاجەتمەنلەرنىڭ ئىلتىماس-ئەرزلىرىگە تەستىق يېزىپ، تامغا باسىدىغان سالاپەتلىك دادىسى سا چۈجىنى پوكىنىغا باسقاندەك بالا باققۇچى قىزنى پوكىنىغا باسقىنىچە بوينىغا چىڭ گىرە سېلىپ ئۇنىڭ لەۋلىرىگە چوپۇلدىتىپ «تامغا باسماقتا» ئىدى . . .

* * *

— ئانا، چۆچەك ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

— ۋاي ماقۇل ئاپئاق قوزام، سەنمۇ چوڭ بولۇپسەن-دە!

— كۆرگىنىمنى ئېيتايمۇ، ئاڭلىغىنىمنىمۇ؟

— كۆرگىنىڭنى.

— دادامنىمۇ چاقىرايلى، ئۇمۇ ئاڭلىسۇن.

دادىسى كىرىپ ئۇنى قۇچىقىغا ئالماقچى بولغانىدى ئۇ بىردىنلا يۇلقۇنۇپ دادىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈپ كەتتى. دادىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ يات، ئادەم قېنىنى شورايدىغان يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ئاپئاق قوزام، داداڭنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇر.

— مەن دادامنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرسام، بالا باققۇچى قىز نەدە ئولتۇرىدۇ؟

— ئاغزىڭنى يۇم، ۋۇ، شوم!

كۆزلىرىگە زەرب بىلەن تەگكەن تەستەكتىن بالىنىڭ كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلىپ ئالەم قاراڭغۇلاشتى . . .

* * *

— ئانا!

ئۇ قاتتىق ۋارقىراپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

— ئانا، چۆچەك ئېيتىپ بەر!

— ئۇخلا بالام، ئەتە داداڭ بىلەن كۆزۈڭنى دوختۇرغا كۆرسەتكىلى بارىسىلەر.

— جېنىم ئانا، ئەمدى كۆزۈم ھەرگىزمۇ ساقايمايدۇ. بولسا ساقايمىسۇن.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، بالام. نېمىشقا ساقايمايدىكەن؟

— مەن دادامغا تۆشۈك نان بىلەن قارىغان تۇرسام . . .

— ھە ! ؟

. . . . . .

— ئانا، يەنە توپان بالاسى بولارمۇ؟

— نېمىشقا بۇنداق دەيسەن، بالام؟

— توپان دادامنى ئېقىتىپ كەتكەن بولسىمۇ . . .

— . . . . . ! ؟ ؟

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 95- يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M1)

بۇ سان 1998- يىلى 1- يانۋاردا تىزىشقا يوللاندى، 30- يانۋاردا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئانا

(داستان)

ئابدۇلباسىت ئابدۇراھمان

1

ئانا،
جەنۇبتىكى يىراق يېزىغا
بويۇن قىسىپ بارغاندا خېتىم،
پىشۋاتقان يوبداننى قويۇپ
ئالغانسەن. ھە،
تويا چىراي پوچتالىيوندىن.
ئانا،
ھېلىھەم ئېسىمدە،
مېنى يۇدۇپ جىگدىلىكلەردە،
ئۇتۇن تېرەتتىڭ.
يۇرەككە ئوخشاش قىزىل چوغ ئىچرە،
ماڭا كۆمەچ كۆمۈپ بېرەتتىڭ.
قەدىرلىك ئانا،
سېغىنسام سېنى،
خەت يازىمەن يىرتىق قەلىمگە.
ياشىنىپ قالدىڭ،
ئۆيدە دەم ئالغىن.
كۆپ ئويلىما شائىر ئوغلۇڭنى،
گەرچە شېئىرغا نان كەلمىسىمۇ،
تەقدىرىمگە كۆپ دۇئا قىلغىن.
ئانا،
يىرتىق چاپان، كىرلاش رومىلىڭ،
يېرىق تاپان قوتۇر قوللىرىڭ.
دىمىدىغۇ ئاغرىق دۇنياغا،
قاپاقتىكى ئاشقان سۇلىرىڭ.
ئاھ! بىچارىمەن،
قىيامەتتەك سەھرادا قالدىڭ.

* * *

ئىچىمدە بىر دەردلىك ئاچچىق بار:
تەلمۈرگەندە بىچارە خېتىم،
بىلەلمەيسەن بۇقۇلدىشىنى،
تۇتۇپ تۇرۇپ كۆزۈڭگە سۈرتۈپ،
ئەسلىگەنسەن. ساددا تارىخنى-
سىيىت نوچىنى،
ھەمدە ئۇنىڭ ھالاكىتىنى.
ئاھ! نادانلىق، ئاھ! ساۋاتسىزلىق.
تۇن قويىنغا يېزىقلىق خېتىم.
شۇ تاپتا،
ئوما ئورۇپ چارچاپ كەتكەنسەن،
ئىسسىقتا ھەم چاڭقاپ كەتكەنسەن.
سۇ بېرەتتىم
يېنىڭدا بولسام،
ئوما ئورۇپ بېرەتتىم يەنە،
قەلەم تۇتقان قوللىرىم بىلەن.

2

ئانا،
توقۇمى ھەم لىڭگىلچىقى بار
ئېشىكىمىز ھازىرمۇ بارمۇ؟!
توقۇنقى، ئارغامچىسى بار
يارىيار ھارۋا ھازىرمۇ بارمۇ؟!
چا قۇيرۇقلۇق ئورۇق ئۆكۈزنىڭ-
ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان
قاراڭغۇ ھەم زەي جوۋازخانا
ھېلىھەم بارمۇ؟
بوۋام ئۆلۈپ كېتىش بىلەن تەڭ
توختاپ قالغان غىچىرلىشىمۇ.
ئاھ قەدىرلىك، جانىجان ئانا،

ئۇغۇ
مەسچىت ئەمەس، چىركاۋمۇ ئەمەس،
خانىقا ئەمەس يا تۈنەك خانا،
ۋە ياكى بىر تەجرىبىخانا.
بۇ يۇرتتىمۇ يوق مۇزېيخانا،
ئۇ پەقەتلا بىر جوۋازخانا.
قاراڭغۇلۇق بەخشەندە ئاڭا.
ياغ پۇرايدۇ ئەرۋاھلا ئۇندىن،
ئۆمۈچۈكلەر سايلام ئۆتكۈزەر.
ئۇنىڭ كىچىك تۆڭلۈكچىسىدىن
كۆرۈنىدۇ تارىخىم غۇۋا.
«ئوھ!» دەۋالغىن بىچارە ئانا،
ھېرىپ كەتتىڭ ئېغىر ئەمگەكتىن.

3

ئانا،
تېلېفون قىلسام يىراق شەھەردىن،
ئۇلانمايدۇ بىزنىڭ سەھراغا.
ئوماچ چالغۇچ تۇتقان قولۇڭدا
تىڭشىغۇچنى تۇتالمايسەن ھەم،
ئەبجەخ خەتتىن باشقىسى بىكار،
لىپاپىدەك يېپىق سەھراغا.
نۇر دەۋرىدە جانجان ئانا،
جىنچىراغ بار مورا بېشىدا.
يىراق كۆلدىن سەھرا قىزلىرى
سۇ توشۇيدۇ يۈدۈپ قاپاقتا.
ئانا، سەنمۇ ياشلىق چېغىڭنى
ئۆتكۈزگەنتىڭ
مۇشۇ سىياقتا.
پۈتكۈل دۇنيا باردۇر قاپاقتا،
ياكى دۇنيا ئاشۇ بىر قاپاق.
پۇراق چاچار بىزنىڭ سېسىق كۆل،
پاقىلارنىڭ كەڭرى دۇنياسى.

* * *

ياماق بولماس كونا رومىلىڭ،
كالىچىڭدەك يىرتىق قەلبىمگە.
جۇل كۆڭلىكىڭ كەبى نامراتلىق
دەرد قوشىدۇ ھەسرەتلىرىمگە.

* * *

ئانا،
سەن بىلىسەن،
بىزنىڭ سەھراغا
زاغرا ناندەك مىسكىن قۇياشنىڭ
چېچىلىدۇ سېرىقتال نۇرى،
كېسەلمەندەك دۈمچەك دالىغا.
دالىدىكى ئىشتانسىز بالا،
يۈدۈۋېلىپ يوغان زاغرىنى،
يادا ھەيدەر يىراق جاڭگالغا.
ئاشۇ جاڭگالدا
ئاق جۇۋۇلىق خىزىرمۇ بارمىش،
غايىب بولغان شەھەرمۇ بارمىش،
بەكمۇ يىرتقۇچ ئېيىقمۇ بارمىش.
دۆۋە- دۆۋە قۇملۇقلار ئارا،
بورۇنلاردا
بەكمۇ قانلىق جەڭلەر بولغانمىش،
مومام شۇنداق
دەپ بەرگەن ماڭا.

4

ئانا،
بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ ساڭا،
كۆزلىرىمدىن يىغا تارايدۇ...

* * *

ئىۋرىق بىلەن تاھارەت ئالساڭ،
پاكلىنىدۇ بىزنىڭ قەلبىمىز،
پاكلىنىدۇ پۈتكۈل بۇ سەھرا،
پاكلىنىدۇ پۈتكۈل يەر شارى،
خۇددى مەككىدەك.
يەتتە قېتىم يۈدۈپ بارارمەن،
سېنى ئاشۇ يىراق مەككىگە،
تارتقان شۇ جاپالىرىڭغا.
مەككە-
دەرەخسىز ماكان،
لەيلەپ يۈرەر نېفىت ئۈستىدە.
بىزنىڭ سەھرا ئوخشىماس ئاڭا،
بەكمۇ ئىللىق بۇ تەكلىماكان.

* * *

ئانا،
بىزنىڭ سەھرادا
تىنچ ئوكياندەك يوغان دېڭىز يوق.
نىل دەرياسى كېلەلمەس ئېقىپ.
پەقەت كىچىك بىرلا ئۆستەڭ بار،
مەختۇمسۇلا چېچىنى تارىغان.
جاڭگالمۇ بار بەكمۇ بىپايان،
چىن تۆمۈر باتۇر ئوق ئوۋلايدىغان.
يەتتە باشلىق يالماۋۇزمۇ بار،
مەختۇمسۇلانى بۇلاپ ئېلىپ قاچقان،
تايىنىدىن قان شورايدىغان.
جاڭگالدىكى قۇمۇشلۇقلاردا
نوزۇگۇمنىڭ ئاياغ ئىزى بار.

* * *

ئانا،
غۇربەتچىلىك بۇندا ھۆكۈمران.
قوناق يېرىپ ياغۇنچىقىڭدا،
كۆك چامغۇرنى قۇلاقلاپ سېلىپ،
ئېتىپ بېرەتتىڭ ياما ئاش بىزگە.
قويۇپ بېرەتتىڭ ئۆپكە- ھېسىپمۇ،
يەيتتۇق بىز كېكىرىپ تۇرۇپ،
ھېيت بولغاندەك خوشاللىق بىلەن.

5

ئانا،
چەكتىڭ رىيازەت،
بۈبى مەريەمدەك.
بولالمىدى بۇ شائىر ئوغلۇڭ،
ئەيسادەك.
كرېستىمۇ يوق قۇملۇقتا،
مەن مىخلانغىدەك.
كۆپ يىللار مابەينىدە
قىلىپ كەلدىم شېئىر تىلاۋەت،
بوقۇسىنىڭ دوقمال تىغىدەك.
ئەيسا قاچتى سۈزۈك ئاسمانغا،
مەن قاچايمۇ تەكلىماكانغا.
شۇندا يەنە
قوغلاپ بارسا رودىپاي شېئىرلار،
تۇتۇپ قويار مېنى نامراتلىق.
مەن ياتارمەن چاكىلدىتىپ ئاغزىمنى،
يۇنۇسنى يۇتقان يوغان بېلىقتەك.
دەشت چۆلدە سەكراتتا ياتسام،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۇدۇپ كېلىپ بىر كوزا سۇنى،
تىمىتامسەن چاك- چاك ئاغزىمغا،
ئاشۇ پۇچۇق نوگىيىڭ بىلەن.
قان- ياش يىغلايسەن،
ياقاڭنى يىرتىپ،
ئەگەر مەن ئۆلۈپ ئارماندا كەتسەم.
ئېڭىكىمنى قاتار سەن بەلكىم،
ئۆڭۈپ كەتكەن ئاق رومىلىڭدا.
يۇمدۇرارسەن كۆزۈمنى بەلكىم،
ئاشۇ يىرىك ئىشچان قولۇڭدا.
پەرياد ئۇرۇپ سەنلا يىغلايسەن،
يىغلىمايدۇ بىۋاپا دۇنيا.
ئاران باققان چۈنكى سەن مېنى،
بولماق ئېتىپ تېرىق ئۇنىدا.
ئۆزۈڭ يېگەن قورۇپ كېپەكنى،
ماڭا چاي بېرىپ زاغرا نېنىدا.
قالاپ قۇمۇش، پاخال- پېپەكنى.
يىغلىما ئانا،
هايات مەن تېخى،
ئەيسامۇ هايات بارمىش ئاسماندا،
مەنمۇ هايات تەكلىماكاندا.

6

ئانا
ئەللەي ناخشاڭدا
تەسۋىرلىنىدۇ-
خاراباتى يىپەك يولىنىڭ،
مىڭ ئۆيىنىڭ،
قوچۇنىڭ،
قارا خانىيلارنىڭ.
يىپەك يولى،
بەكمۇ ئۇزۇن يول،
خۇددى بىزنىڭ تارىخىمىزدەك.
جىرىڭلىغان مۇشۇ يولدا،
بۇغرالارنىڭ قوڭغۇراقلىرى.
تارقاتقانتى يىراق- يىراققا،
مەدەنىيەتنىڭ جەۋھەرلىرىنى.
ئەمدىلىكتە،
ئاھ! جېنىم ئانا،
مۇشۇ يولدا هەيدەپ كېلىسەن،
كالا قېتىلغان يارىيار هارۋىنى،
كۆك يانتاق بېسىپ.

7

ئانا،
ئېيتىپ بېرەتتىڭ
باغدات هەققىدە-
«مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىدىن.
تىڭشار ئىدى گۇدەك شائىرىڭ،
ئاق سۈتۈڭنىڭ لەززىتى كەبى.
باغدات-
چۆچەكتىكى گۈزەل بىر شەهەر.
داۋامى بار غەمكىن چۆچەكنىڭ،
تۈگىتەلمەي كەتكەن شەهرىزاد.
ئەمدىلىكتە-
باغداتتىكى چۆچەكچى موماي
چۆچەك ئېيتار يىگىدىن- يىگى،
يېزىپ قويىدى بىر نەچچە توپلام.
ئۇرۇش بىلەن پارس قولتۇقى،
قاغجىرايدۇ سۇسىز كەربالا.

زار قاقشايدۇ بالىسىز ئانا،
يۇگۇرەيدۇ ئۇياق- بۇياققا،
يېتىم قالغان نەچچە مىڭ بالا.
باغداتتىكى كاتتا باشلارنىڭ
چۆچەك بىلەن خۇشى يوق بەلكىم.
قان- ياش يىغلاپ چۆچەكچى موماي،
ئىزدەپ يۇرەر هەسەن- هۈسەندەك-
غايىب بولغان بالىلىرىنى،
چۆچەكتىكى گۈزەل باغداتنى،
ئىس- تۈتەكتە قالغان زېمىندىن.
ئېھ! قايدىسەن ئىنسانپەرۋەرلىك،
بولۇپ كەتتىمۇ دۇنيا بىۋاپا.
باغدات،
پۇرۇخ ئىسى قاپلىغان زېمىن،
سۆزلەپ بەرگىن تىنچلىق هەققىدە،
قايتالمايسەن ئەمدى چۆچەككە.

* * *

ئانا،
بەكمۇ چىڭگىش
بۇ قەلبىم مېنىڭ،
كىرىزىسىدەك ئوتتۇرا شەرقنىڭ.
پەلەستىنلىك بىر بەڭباش يىگىت،
ئانىسىنى يالغۇز قالدۇرۇپ،
ئۇرۇشقا بېرىپ-
ئۆلۈپ كېتىپتۇ.
نېمىدېگەن تاش يۈرەك ئۇ-هە،
يىغلىغاندۇ غېرىب ئانىسى،
ئۆلۈپ كەتسە يۈرەك پارىسى.
مىڭلاپ ئانا قان- ياش يىغلىشار،
ئۆلۈپ كەتكەن بالىلىرىغا،
ئۇرۇش دېگەن شۇنداق دەهشەتلىك.

* * *

ئانا،
ئانا ئۇچۇن ۋەتەن بىر بالا،
بالا ئۇچۇن ۋەتەن بىر ئانا،
شۇڭا دەيمىز تىنچلىق ياخشى.
هەر كىشىنىڭ ۋەتىنى بولسا،
ئۇنى شۇنداق قۇچاقلاپ سۆيسە،
ئەنە شۇدۇر تىنچلىق دېگەن،
ئەنە شۇدۇر قۇربان بېرىش هەم،
ئەنە شۇدۇر ۋىجدان دېگەن هەم،
شۇدۇر يەنە ۋەتەن ئوغلانى.
ۋەتەن،
ئانا سېنىڭ ياخشى غەمخانىڭ،
ۋەتەن بىلەن تەندە دەرمانىڭ،
مەن سېنىڭكى ئوماق ۋەتىنىڭ.
مەن ئوخشايمەن-
چۆچىكىڭگە ئۇيغۇرنىڭ.
سەن ئىزدەيسەن چۆچەكلىرىڭدىن،
ماڭا ئوخشاش ئوماق ۋەتەننى.
ۋەتەن،
كىرپىكىڭدە تۇنەيدۇ،
قۇش چۇجىسىدەك.

8

ئانا،
نامازشامنى ئوقۇپ بولۇپلا،
چىلىڭ تاقىغىن ئىشىكلىرىڭنى،
يوغان دەم بىلەن.

ھوشيار بولغىن قوتانلىرىڭغا،
ئىشەك ھارۋا، توقۇملىرىڭغا،
پالتا، كەكە، ئوتۇنلىرىڭغا،
ئۆشكە، ئوغلاق، پاخلانلىرىڭغا.
بىزنىڭ يۇرتتا يوقتۇر ئوغرىلىق،
بىراق يامان ئاشۇ يوقسۇزلۇق.
ئەگەر بىرەر دېلو يۈز بەرسە،
ساقچى كېلەر بەكمۇ كېچىكىپ.
«توۋا» دەيلى،
يولماس ئۇنداق ئىش.
ئاھ! يوقسۇزلۇق كۆمەچ نان كەبى
يۈرىكىمنى پۇچىلاپ قويدى.
ئاغرىپ قېلىش بەكمۇ خەتەرلىك،
يېقىن جايدا شىپاخانا يوق،
پەقەت بىرلا كونا داخان بار.
دوس قاچىسى بەكمۇ كۆپ ئۈنلىك،
داۋالايدۇ دىئاگنوزسىز،
رېتسىپى يوق دورىلار بىلەن.

* * *

ئانا،
تەكلىماكان.
بەكمۇ يىراق ئىگىز بىنادىن،
بەكمۇ يىراق شەھەرلىكلەردىن.
ئەگىپ يۈرەر قاتمال نامراتلىق،
شادلىقى يوق توپىلىق بازاردىن.
تېلېۋىزوردىن كۆرۈنمەس ئەسلا،
لەخپۇكچىنىڭ ئەبجەق ھارۋىسى،
توقسەن ياشلىق دوڭغاق موماينىڭ
جىگدە شېخىدا ئەتكەن ھاسىسى.
يۈزلىرىگە ئىس ئورناپ كەتكەن
كاۋاپچىنىڭ جارقىراشلىرى.
غېرىبانە پۇلسىز بازاردا
دۈۋىلىنىپ سېتىلار ئادەم،
خۇپىيانە سېتىلار ئىمان.
خېرىدارسىز ساۋاتسىز باققال
باج ھەققىگە پۇل تاپالمىسا،
قىلىنىدۇ مىلى مۇسادىر.
خىلۋەتتىكى ياماقچى بوۋاي،
چەم سالىدۇ كونا ئۆتۈككە،
يارىمايدۇ فوتو سۈرەتكە.
بوياقلارغا كەلمەيدۇ ھېچبىر،
پۇپىكىسىدا راست. يالغىنى بار-
بەك سىپايە ئىشقىۋاز مۇخبىر.

* * *

ئانا،
بىزنىڭ يۇرتتا- تەكلىماندا،
ھالسىرايدۇ قوشتىكى كالا،
قىرقىرايدۇ بۆشۈكتە بالا.
پىتىرىشىدۇ تەرەپ- تەرەپكە،
غالجىر ئىتتىن ھۈركىگەن پادا.
قورۇنىدۇ شۇنچە ئۇياتچان
قىز بالىدەك يۈرەكسىز دالا.
بۇ دالىدا ئادەم بەك تولا.
غىچىرلايدۇ توپىلىق يولدا،
مايسىرىغان ياغاچ ھارۋا.
ئىشتان بېغى ساڭگىلاپ قالغان
تىزى يىرتىق يېلىڭ ئاياغ بالا
يۈدۈۋېلىپ كونا بوغچىنى
ئوقۇماقتا مۇشۇ سەھرادا.
مومىسىنىڭ چۆچەكلىرىنى
ئۇ تىڭشايدۇ كۆلۈڭ ئالدىدا.
تىڭشاپ- تىڭشاپ ئۇخلاپ قالغاندا،
كۆرەر تېخى شېرىن چۈشلەرنى.
چىقىۋېلىپ ئۇچار گىلەمگە،
كۆرۈپ كېلەر گۈزەل شەھەرنى.
تېپىۋالار گاھىدا تېخى
خاسىيەتلىك «ئۇرتوقماق» نىمۇ.
ئۇچراپ قېلىپ چىن تۆمۈر باتۇر،
بېرەر ئاڭا «مىسران قىلىچ» نى.

9

ئانا،
سېيىت نوچى ھەققىدە،
بەكمۇ تولا سۆزلەپ بېرىسەن.
ئەپسۇس، بىلمەيسەن
سپارتاك ھەققىدە.
سپارتاك-
گلادىياتور،
ئاجايىپ شەخس.
قۇللۇق كىشەنلىرىنى-
چېقىپ تاشلىغان.
ئىزىلگەنلەرنى
ھۆرلۈككە باشلىغان.
قۇلدارلارنىڭ قانلىق قامچىسى،
قۇللارنىڭ قىزىل قانلىرى،
ئەڭ ۋەھشى گلادىياتورلار سەھنىسى،
سپارتاكنى ئاۋلىغان.
قان، قامچا، ياش، ھۆرلۈك ناخشىسى،
ئازاب، ئۆلۈم ياندىشىپ كېلەر،
ئەرك ئۈچۈن بەدەلدۇر شۇلار.
ئاھ! جېنىم ئانا،
بويۇن قىسىپ قۇللۇق بىلدۈرسە،
ئۆتمۈشتە كىممۇ ئەزمىگەن دەيسەن.
روھى قۇللۇق ئەڭ بىچارىلىق،
نادانلىقتۇر ئۇنىڭ زەنجىرى.
سپارتاك-
ئاجايىپ شەخس،
ئوخشىمايدۇ
سېيىت نوچىغا.

* * *

ئانا،
تەكلىماكان-
جاينامىزىڭدەك ئۇلۇغ بىر زېمىن.
سۈكۈناتتا دۇرۇت ئوقۇيدۇ،
ئۇنىڭدىكى بارچە مەخلۇقات.
قۇم باغرىدا سىنىڭ بىر كەپەڭ،
كەپەڭدە بار قازان- قۇمۇچۇڭ،
ساپال قاچاڭ، ياغاچ قوشۇقۇڭ،
ئىسلىق مورا، قىيسىق ئوچۇقۇڭ،
مورا بېشىدا ساپال چىرىغىڭ،
ساڭا ھەمراھ بىر ياغۇنچىقىڭ،
سۇپۇراڭدا تاختا- نوغۇچۇڭ،
سۆيۈملۈكىڭ يۇۋاش مۈشۈكىڭ،
بىزنى باققان كونا بۆشۈكىڭ،
ئۆگۈپ كەتكەن يوغان ئۆتۈكىڭ،
قوزۇقتىكى كۆرپە تۇمىقىڭ،
ئوچاقتىكى قارا چۆگۈنىڭ،

www.uyghurkitap.com

تەكچەڭدىكى بىرلا چەينىكىڭ،
ئاھ!
غېرىب ئانا.
شۇدۇر سېنىڭ تۇرمۇش بۇيۇمىڭ.
دوك بولۇپ كەتكەن ئۇزۇن ئۆمرۈڭدە
شۇدۇر سېنىڭ تاپقان- تەرگىنىڭ.
ئۆيىڭدىكى كىرورەن خانىش
كۆرگەنمىدۇ سېنى چۈشىدە.
* * *

ئانا،
توكيو بەكمۇ يىراقتا تەكلىماكاندىن.
ئۇ- يالاڭباش شەھەر،
ئوخشىمايدۇ چىمەن دوپپىدەك
ساددا قەشقەرگە.
تۆت مىڭ يىللىق كىرورەن خانىش
توكيودىكى ئېسىل مۇزېيدا
تونۇشۇپ قاپتۇ ياپونلار بىلەن.
نىيەدىكى خارابە شەھەر-
قۇم ئاستىدا قاپتىكەن ئەجەب!
تارىخ،
شۇنداق رەھىمسىز.
ئۇنىڭ يوغان، كالامپاي چاقى،
يانچىۋەتتى يىپەك يولىنى،
بوستانلىقنى، گۈزەل شەھەرنى،
تىنچ چۆلنى- تەكلىماننى.

10

ئانا،
ئانىلار ئۇلۇغ بۈبى مەريەمدەك،
ئانىلار بار ساچىر خانىمدەك،
ئۇلۇغ ئۇلگە كيورى خانىم،
ئانىسى بار نيوتوننىڭمۇ،
ھەممە ئىنسان بالىدۇر بالا،
بالىسىدۇر ھاۋا ئانىنىڭ.
ھاۋا ئانا ئەمگەك قوينىدا
تۇغۇپ قويدى ھەممە ئىنساننى،
«مانا مەن» دەپ جاپا- مۇشەققەت،
تاشلىنىدۇ ئانا ئالدىغا.
* * *

ئانا،
ساچىر خانىمنىڭ-
بەكمۇ ئېسىل داچىسى بارمىش،
سېنىڭمۇ بار داچىدەك كەپەڭ.
بارمىش يەنە شاھزادە ئوغلى،
سېنىڭمۇ بار بىر شائىر ئوغلۇڭ.
ساچىر خانىممۇ ئۆزگە خانىش،
سەن خانىشى تەكلىماكاننىڭ،
سېنىڭ ئاناڭ كىرورەن خانىش.
چۈنكى سەن-
گۈللەندۈردۈڭ مۇشۇ دىيارنى،
تىرىشتىڭ- تىرماشتىڭ بىر ئۆمۈر،
قاغجىراپ كەتكەن مۇشۇ زېمىندا.
يالىڭاياغ قىزىق قۇملاردا،
چېپىپ يۈرۈپ يانتاقلىقلاردا.
سېنىڭ تەرىڭدە-
سۇ ئىچكەن زېمىن.
مەن-
سېنىڭ ئەركە، ئوماق شاھزادەڭ.
* * *

ئانا،
چۈشكۈنلۈكتە ناخشا توۋلىدۇم،
جەنۇبتىكى كونا رەستىدە.
بولماس ئىكەن روھ ئويغانمىسا،
بارغۇ تېخى دوقمال بوقۇسا.
تەرەققىيات-
ئويغىنىش-
چېقىپ تاشلار
ئاخىر نادانلىق زەنجىرىنى.
سىلكىنگەندە مۇقەددەس زېمىن،
تەبىر بېرەر نامراتلار
كەتكىنىدە چۈچۈپ ئويغىنىپ.
ئانا شۇندا مېنى ئىزدەيسەن،
پېشانەمگە سۆيۈپ قويۇشقا
مەن كېلىمەن ئالدىڭغا،
يېپىنچاقلاپ شېئىرلىرىمنى،
سەن كۆرسەن ھەسرەتلىرىمنى،
قۇچىقىڭدا يىغلاپ كېتىمەن،
مەن ئاڭلايمەن-
يۈرىكىڭنىڭ بوقۇلدىشىنى؛
يۈرىكىڭ
ھۆتمە تۆشۈك-
جۇل بولۇپ كەتكەن تارىخ بېتىدەك.
ئەللەي ناخشاڭ-
سېھىرلىك بىر كۈي،
قايلاپ كەتكەن تەكلىماننى.
تولا تىڭشاپ ئاشۇ ناخشىنى،
بوۋاق بولۇپ كەتتۇق ھەممىمىز.
قەدىرلىك ئانا،
مەن سېنىڭكى ئوماق بوۋىقىڭ.
* * *

ئانا،
چەكسىز بۇ ئالەم،
گۈزەل كېلەچەك،
ئارمانلىرىم كۆپ،
يەتسەم دەيدىغان،
بار ھەم مەندە شۇنداق جاسارەت.
ئافرىقىدا نېگىر ئانىمۇ،
سۆيۈندۇ قابىل بالىدىن.
بەكمۇ قەيسەر يەھۇدىي ئانا،
بىلىم بېرەر ئوغلانلىرىغا.
ئەدەپلىكتۇر ئەرەب ئانىلار،
ئەخلاق بېرەر بالىلىرىغا.
بەك مېھرىبان ياپون ئانىلار،
ۋەتەنپەرۋەر دېمەك بالىلار.
ئانا مەنمۇ تىلەيمەن سەندىن،
باتۇرلۇقنى، جەڭگىۋارلىقنى.
دۇئا قىلغىن بەكمۇ كۆپ ماڭا،
ماڭا بەرگىن ئۈمىدۋارلىقنى،
ئىمانىمنى- روھىمنى پاكلاپ،
جاكا قىلاي ئادەملىكىمنى.
ئاھ! جېنىم ئانا،
ئامان بول ئانا،
مەن سېنىڭكى ئۈمىدۋار ئوغلۇڭ!
1996-، 1997- يىللار يېڭىسار- ساغان

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدا چىش دوختۇرى



# شېئىرغا كىرىش

بوغدا ئابدۇللا

قەدىمقىلاردا: «ئىچى پۇشمىسا بوز قوش تۇتار، ئالدىرىمىسا ئاق قوش تۇتار» دېگەن ھېكمەتلىك ماقال بار. شېئىر يېزىقچىلىقى بىر خىل ئىجادىي ئەمگەك بولۇپ، ئۇنىڭ دەسلەپكى، ئوتتۇرا، يۇقىرى باسقۇچى بولىدۇ. مول تەجرىبە جۇغلانمىسى بولماي تۇرۇپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىش ھەقىقەتەن قىيىن. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈش شارائىتى بىر- بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. يەنە كېلىپ، ئادەم مېڭىسىنىڭ ئېچىلىش مەزگىلىمۇ زادىلا ئوخشىمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئىرسىيەت ئامىللىرىغا باغلىق.

شېئىرىي ئېلېمېنت خۇددى بىر تامچە سىمابقا ئوخشايدۇ، ئۇنى ئەقىل كۆزىدە بايقاش ۋە ئەمەلىيەتتە تۇتۇۋېلىش ھەقىقەتەن قىيىن. بەزىدە تۇتۇۋالغان نەرسەڭ ئەمەسلا بىر نەرسە بولۇپ چىقىدۇ، بەزىدە تېپىۋالغان نەرسەڭنىڭ ھەقىقىي گۆھەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايلا قالىسەن.

ئادەتتە، نېمىدۇر بىر نەرسە خىيالىڭغا كىرىۋالىدۇ، ئىچىڭنى تاتىلايدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۇنتۇلغاندەك بولىدۇ. لېكىن ھۇجەيرەڭدە تۇرۇۋاتقان ھېلىقى پىكىر ئەيتاۋۇر بىر كۈنى تۇيۇقسىز ياغقان مۆلدۈردەك قەغەز ئۈستىگە تۆكۈلىدۇ.

ھالقىش دېگەن نېمە؟ بۇ، قان- تەرگە سەنئەتنىڭ قوشۇلۇشى دېمەكتۇر. سەنئەت بولغانلىكى نەرسە مەپتۇن قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. غەيرىي سەنئەت بولغان نەرسە بىھۇدە ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھېچنېمەڭنى ئايىما ۋە ھېچنېمەڭنى بەرمە. بىز ئەسلىدە ياۋايى ئىدۇق، ئەجەبا ئازىراق نەرسىلەرنى ساقلاپ قالالمايمىزمۇ؟

ياز كۈنى ئويناپ- ئويناپ ئۈجمە سايىسىدا يالىڭاچ ئۇخلاپ قالغان بىر كىچىك بالا، شېئىر ئۇنىڭ چۈشى.

ھېسسىياتقا ئۇلاق سېلىش ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر بۇ مۇمكىن بولسا ھەيكەلتىراش مەڭگۈ بۇ تۇيۇق يولغا كىرمەيتتى.

چۈمۈلىنىڭ تېنىمسىز ئىزدىنىشىگە ئاپىرىن دېيىش كېرەك. ئۇ، پاكلىق ئىچىدە تۇرىدۇ، سەبىي نەرسىلا ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان بولىدۇ.

چوڭقۇرلۇق دېگەن نېمە؟ ئۇ، خىيالغا ئورۇن بېرىدىغان نەرسە. ھەممە پىكىرنى دورىپورۇش ۋە ئۇنىڭ سەكسەن خالتىسىدەك ئوتتۇرىغا يېيىپ قويمايلى. ئازىراق بوشلۇقمۇ بولسۇن، ئۇنىڭ بىر تەرىپى مەنزىرىگە، بىر تەرىپى پىكىرگە تۇتىشىپ تۇرسۇن.

يېزىۋېتىپ كېكەچ بولايلى. ئوقۇۋېتىپ كېكەچلەر زۇۋانغا كىرسۇن.

www.uyghurkitap.com

شائىر ئىنسانىيەت ئالدىدا مەڭگۈ قەرزدار، ئۇ ھەر قېتىم بىر قەرزنى تۆلىگەندە، پەقەت شۇ كېچىسىلا خاتىرجەم ئۇخلىيالايدۇ.

شائىر كۆۋرۈك لايىھىلىگۈچى ئىنژېنېرغا ئوخشايدۇ. ئۇ، بىر ئەسىردىن قايتا-قايتا ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرمايدۇ.

شېئىردا تارتىش كۈچى بولۇشى كېرەك. ئاددىي پىكىرلەرمۇ، يۈكسەك پىكىرلەرمۇ ئوخشاشلا كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇ يەرگە كىرىشىگە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ، ھەممە يەرنى ئۆزىمىز ئىگىلەپ ئالمايلى.



چىقمىسا چىقمايدۇ، سىقسىمۇ چىقمايدۇ، چىقسا چىقىدۇ، بۇ كەچكىلى بولمايدىغان ساھە.

قانداق شېئىر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ھەم قىزىقىشىنى پەيدا قىلىدۇ؟

كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلەر كىتاب سېتىۋالغان ۋاقىتتا پەقەت ئاپتورنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىدۇ، يەنە كېلىپ ئۆزى قىزىقمىغان ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىگە ئانچە ئېتىبار بەرمەيدۇ، بولۇپمۇ شېئىر سەنئىتىدە شۇنداق. مېنىڭچە، بۇ ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئىشتۇر. مەن ئويلايمەنكى، كۆپلىگەن داڭلىق شائىرلارنىڭ يازغان شېئىرلىرى راستىنلا ئىنتايىن نەپىس، چىرايلىق. ئەمما، كۆمۈلۈپ ياتقان شېئىرلارمۇ ناھايىتى كۆپ، بۇنى قانداق بايقاش كېرەك؟

ياشلار روھقا ئوخشاش، تارقاتقۇچىلىق رولىنى ئۆتەيدۇ، چۈنكى ئۇلار جىق نەرسىگە موھتاج، ئۇلار ھەم چۈشىنىشى كېرەك، ھەم باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بىزمۇ شۇنداق كەلگەن ھەم مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ.

خۇددى بىر رىۋايەت ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلالىسا، مەن بۇنداق شېئىرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك شېئىر دەپ ھېسابلايمەن. مېنىڭچە، شېئىر ھەرگىز مەلۇم نەرسە، مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك. ئەگەر بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنسا، ئۇنداقتا ئۇ شېئىر بولالمايدۇ. شائىر ئۆزى پەرۋاز ھالىتىدە تۇرۇپ شېئىر يېزىشى كېرەك.

ياشلىرىمىز ئىچىدە نۇرغۇن ياخشى شېئىرلار يېزىلىۋاتىدۇ، تالانتلىق شائىرلىرىمىز بايقىلىۋاتىدۇ، ئەمما، ئۇلارنى تونۇيالمىغانلىقنىڭ توسالغۇسى خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئامىللار.

خەلقىمىز تارىختىن بۇيان سەنئەتخۇمار، شېئىرخۇمار خەلقتۇر.

ھازىر كۆپلىگەن كىشىلەر ھېكايە ۋە باشقا ئەدەبىي ژانىرلارغا ئېسىلىۋېلىپ، شېئىرغا ئانچە قىزىقمايدۇ. ئۇنداقتا، قانداق شېئىرلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ ھەم قىزىقىشىنى پەيدا قىلىدۇ؟

ياشلار بولسا مۇھەببەت شېئىرلىرى ۋە لىرىك شېئىرلارغا بىر قەدەر قىزىقىدۇ. ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە چوڭلار بولسا تارىخىي شېئىرلارغا قىزىقىدۇ، يەنە بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر سىياسىي شېئىرلارغا قىزىقىدۇ. ئۇنداقتا، بىر پارچە شېئىردا ھەممە ئامىلنى تەڭلا ئىپادىلىگىلى بولامدۇ-يوق؟ مەن بۇنى ناھايىتى مۇھىم دەپ ھېسابلايمەن. مېنىڭچە بولسا، بىر نەپىس شېئىر ئوقۇغان كىشىگە ھەم مۇھەببەت تۇيغۇسىنى، ھەم تارىخىي ھېسسىياتنى بەخش ئېتىشى، ھەم شۇ ياشاۋاتقان مۇھىتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خۇددى شۇ مۇھىت ئۈچۈن يېزىلغاندەك بىر تەسىر بېرىشى كېرەك. ئۇ شېئىر ھېچبولمىغاندا بىر قانچە مىسرانى يادلىۋالىدىغان ھالەتكە كەلسۇن.

سەنئىتىمىز تا بۈگۈنگە قەدەر دۇنيادا بىر كىشىلىك ئورۇننى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمما، ئېچىنارلىقى شۇكى، شېئىرىمىز بارغانچە يوقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. سەنئەت بىلەن شېئىر بولسا، مىللىتىمىزنىڭ روھى ھەم بىر جۈپ كۆزىدۇر. شېئىردىن ئايرىلىپ قېلىش- بىر كۆزدىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەن باراۋەر.

ھەدەپلا شېئىرنىڭ ئىشىكىدىن كىرىمەن دەپلا كىرگىلى بولمايدۇ. ئۇ، نېسىپ بولىدىغان ئادەمگە بولىدۇ، بولمىسا بولماي قالىۋېرىدۇ.

1997- يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

---

سۈرەتتە: شائىر بۇغدا ئابدۇللا (سولدىن 1- كىشى) ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى، دراماتورگى شۈكۈر ياقىن تەۋەللۇتىنىڭ 80 يىللىقى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ 65 يىللىقىغا بېغىشلانغان ئەنجۇمەندە، ئۆز نامىدىنمۇ بۇ ھۆرمەت ساھىبىغا تون ياپتى.

رىشات ئەزىزى فوتوسى

(M2)

## مۇھاكىمە



# تۇران بىلەن ئىراننىڭ دىئالوگى

(تۈركىي ۋە پارس تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىگە بىر نەزەر)

ئەشەت سۇلايمان

### مۇقەددىمە

«بىز تارىختا قانچىلىك چوڭقۇر ئىچكىرىلەپ كىرسەك، كېلىپ چىقىشى بىر بولغان خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ شۇنچە كۆپ يوقىلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.» (1)

- ف. ئېنگېلس

شەرقنىڭ ئۇنتۇلۇشى كىشىنى قانچىلىك ئەپسۇسلاندۇرسا، ئۇنىڭ قايتا بايقىلىشى كىشىنى شۇنچىلىك ھاياجانغا سالىدۇ. قەدىمكى يۇنان- رىم دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن تارتىپ تاكى ئەدەبىيات- سەنئەت ئويغىنىش دەۋرىگىچە بولغان تەخمىنەن مىڭ يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئوتتۇرا ئەسىر مۇھىتىدا ياۋروپا ئىزچىل ھالدا تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. ۋاھالەنكى بۇ ئۇزاق دەۋردە شەرقتىكى چۆل ۋە بوستانلىقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن زونىلاردا- تارىم، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى، ماۋارا ئۇننەھر، خۇراسان، ئىران، مىسوپوتامىيە، ئەرەب ساھىللىرى ۋە مۇنبەت ھىلال ئاي رايونلىرىدا (2) قەدىمكى دۇنيانىڭ ئەڭ پارلاق مەدەنىيەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. غەربتە ۋىزانتىيىدىن تارتىپ شەرقتە تاكى جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگىچە سوزۇلغان «يىپەك يولى»نىڭ ئۇزاق لىنىيىسىدە قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ غول ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت مەركەزلىرى ۋە تۈگۈنلىرى بەرپا بولدى. چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن)، تۇرپان- قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەنت، دېھلى، ھىرات، باغدات، دەمەشق، ئىسكەندىرىيە ۋە كوردوۋا قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەر ئۆز دەۋرىدىكى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجلىرىغا ئايلاندى. ئەپسۇس، ياۋروپانىڭ ئويغىنىشى پۈتكۈل مەشرىقنى،

www.uyghurkitap.com

جۈملىدىن مۇسۇلمان شەرقنى تاشلاندۇق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. پارماشىنىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى شەرقنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ئالەمشۇمۇل ئىمتىيازىنى يوقاتتى. مەدەنىيەت مەركەزلىرى تەدرىجىي ھالدا شەرقتىن غەربكە يۆتكەلدى. تاڭ تەيزۇڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن، خەلىپە ھارۇن رەشىد (3) دەۋرىدىكى باغدات، ئەمىر تېمۇر (4) دەۋرىدىكى سەمەرقەنت، سولتان سۇلايمان I (5) دەۋرىدىكى ئىستانبۇل (كونستانتىنوپول) قاتارلىق شەرقتىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى XV — XVI ئەسىرلەرگە كەلگەندە ۋېنىتسىيە ۋە مادرىدقا، XVII — XVIII ئەسىرلەردە لوندون ۋە پارىژغا، XIX — XX ئەسىردە نيۇ- يوركقا ئورۇن بەردى. دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ سىرلىق پەردىسى كۆتۈرۈلۈپ، يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگەندە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت مۇساپىسى تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەرقنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ئورنى كۈنسايىن غۇۋالاشتى . . . قىسقىسى يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ياۋروپا ساھىللىرى بىلەن يېڭى قۇرۇقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ مەۋجلىرىدە دەۋر قىلدى. شۇندىن بۇيان، «غەرب مەركەزچىلىك تەلىماتى» (Euro—centimentalism) ئىلىم- پەن دۇنياسىنىڭ باش مېلودىيىسىگە ئايلاندى. ئەرەب- پارس، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندى ۋە جۇڭگو مەدەنىيەتلىرى يېڭىدىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپالىقلار ئۈچۈن چەكسىز يىراقتا قالغان غۇۋا چۈش بولۇپ قالدى. شۇڭا ئامېرىكا تارىخچىسى فىلىپ.ك. ھىتتى بۇ ھەقتە ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ (غەربلىكلەرنىڭ- ئا) شىمالىي قۇتۇپ ۋە ئانتراكتىدا قىتئەسىگە بولغان چۈشەنچىمىز ئەرەب رايونلىرىغا بولغان چۈشەنچىمىزدىن كۆپ دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى . . .» (6). كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئوتتۇرا ئەسىر شەرق دۇنياسىدا ئاجايىپ مەدەنىيەت گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ئەرەبلەرنىڭ تارىخىي زىلزىلىسى يېقىنقى زامان سانائەت دەۋرىدىن كېيىن ئەرەب چۆللۈكلىرىنىڭ سىرلىق سۈكۈناتىغا دەپنە قىلىنىۋېتىلگەنىدى.

دەرۋەقە، ئۇزاق تارىخ ئۆتۈپ كەتتى، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە تالاي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان شەرق خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى، مەنىۋى ئويغىنىش تەشەببۇسلىرى، دىنىي ئىسلاھات ۋە جەدىدىزم ئېقىملىرى، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى نەتىجىسىدە شەرقلىقلەر ئۆز- ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تەپەككۇر ئەندىزىلىرىنى يېڭىلاشقا، ئۆز تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە قايتا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە، مىللىيەتلىك يىلتىزىنى ئىزدەشكە، تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىش ياساۋاتقان دۇنياغا ماسلىشىشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى.

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشاپ ئۆزىگە خاس پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان تۈركىي تىللىق قەۋملەرمۇ ياۋروپا ئويغىنىشىدىن كېيىن پۈتكۈل شەرق خەلقلىرىگە ئوخشاشلا تارىخىي چۈشكۈنلۈك قىسمىتىگە دۇچار بولغانىدى. يەنە كېلىپ بۇ خىل قىسمەت كەربالادىن تەكلىماكان بويلىرىغىچە بولغان ئىران، خۇراسان، ماۋارا ئۇننەھر ۋە تارىملىق خەلقلەرگە ئورتاق ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۈيۈك شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي (1441-1501) بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر پارس- تاجىكلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شائىرى ئابدۇراھمان جامى (1414-1492) دىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندا پەلسەپەۋى تەپەككۇر ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت تەدرىجىي پەسكويغا قاراپ يۈزلەندى. مەدەنىيەتتە ۋائۇكۇملۇق شەكىللەندى. ھالبۇكى، گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان مۇنداق تۇرغۇنلۇق ھالەت ئىران ۋە تۇراندىن ئىبارەت ئىككى خەلققە ئورتاق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەلمىساقتىن باشلانغان مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى ھازىرقى دەۋرگىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى.

شۇنى قەيت قىلىش زۆرۈركى، ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت. «بۇنداق كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇر خەلقى ياشىغان تارىخىي شارائىت ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىت بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى» (7). ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ باشقا ھەرقانداق بىر جۇغراپىيىۋى زونىغا ئوخشىمايدىغان «تۆت كوچا»لىق يەر شارائىتى بۇ يەردىكى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىك بولۇشىنى، مىللىي تەركىبىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، بىرىك ئەمەس بەلكى ئېچىۋېتىلگەن خارەكتېرىنى بەلگىلىگەن. خۇددى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىم ئېيتقاندەك: «مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قەدىمدىن تارتىپ مۇتلەق ‹ساپ مىللەت› بولمىغىنىدەك، سىرتقى تەسىرىدىن خالىي مۇتلەق ‹ساپ مەدەنىيەت›مۇ بولغان ئەمەس» (8). شۇڭلاشقا بىز ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قاتلىمى ئىچىدىن ئەرەب- پارس، يۇنان، ھىندى ۋەئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان خۇرۇچلىرىنى بايقايمىز. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «بىر خىل قان سىستېمىسى، بىر خىل سۆڭەك تۈزۈلمىسى ۋە بىر خىل پسىخىك مەدەنىيەت سىستېمىسى تۈزگەن ئېتنىك تۈركۈمدىكى خەلق ئۆزىنىڭ كۆچمە ياكى خەلقئارا ئالاقىلار قانىلى بويىدىكى ئېچىۋېتىلگەن، ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇش تارىخىدا ھەر خىل ئېتنىك قوشۇلما ياكى ئاجراتمىلارغا دۇچ كېلىشى، ھەر خىل ئېتىقاد ياكى يېزىق قوللىنىشى، ھەتتا يۆتكەلگەن ۋە قايتىپ كەلگەن باسقۇچلىرىغا قاراپ تىل ئۆزگەرتىشى ياكى قىسمەن لېكسىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى تامامەن مۇمكىن» (9). لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىگە سىڭگەن سىرتقى مەدەنىيەتلەر

ھەرگىزمۇ پاسسىپ، ئۆلۈك ھالەتتە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن مەدەنىيەت بولماستىن، بەلكى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىغا قوبۇل قىلىنغان، تاللاش ۋە شاللاشتىن ئۆتكەن ئاكتىپ ھالەتتىكى مەدەنىيەتتۇر. شۇڭا بىز «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان مەدەنىيەت تارىخى دەرياسىغا تىرەن نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، مەركىزىي ئاسىيا تىپىك يەرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بىلەن ‹يىپەك يولى›، ئارقىلىق ئۆتۈشكەن شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تاللانغان جاۋاھىراتلىرىنىڭ چۆكمە ۋە ئۆركىشىنى كۆرىمىز» (10).

قۇياش چىقىدىغان قىتئە- ئاسىيا بىلەن قۇياش پاتىدىغان قىتئە- ياۋروپانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان «يىپەك يولى»دا، كولدۇرمىلىرىنى ياڭرىتىپ كېتىپ بارغان .تۆگە كارۋانلىرىنىڭ ئىزلىرى تامامەن ئۆچكەن بۈگۈنكى كۈندە بىز كومپيۇتېر تورى ئىچىدە تۇرۇپمۇ تۇران (تۈركىي) ۋە ئىران (پارسىي) خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت دىئالوگى ئۈستىدە چوڭقۇر خىيالغا چۆكتۇق . . .

ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل مەدەنىيەت تىپىغا، ئىككى خىل ئىرقىي قۇرۇلمىغا ۋە ئىككى خىل تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بۇ خەلقلەر نېمە ئۈچۈن يازما ۋە فولكلور مەدەنىيىتىدە شۇنچە كۆپ ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولىدۇ؟

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قاتلىمىدا پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى نېمە ئۈچۈن باشقا مەدەنىيەتلەرگە قارىغاندا شۇنچە چوڭقۇر ۋە ئىزچىل بولىدۇ؟

مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئۆتكەن كۆپ ساندىكى ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇرلىرىمىز نېمە ئۈچۈن تۈركىي ۋە پارس تىللىرىدا تەڭلا ئىجادىيەت ئېلىپ بارالايدۇ؟

مۇزىكا ئاڭلاۋاتقان چاغلىرىمىزدا ئىران، ھىندى ۋە ئەرەب كۈي- مۇقاملىرى نېمە ئۈچۈن باشقا ئەللەرنىڭ مۇزىكىلىرىغا قارىغاندا بىزگە شۇنچە يېقىملىق تۇيۇلىدۇ؟

. . . سوئاللار ساناقسىز ئىدى. ئومۇمەن، كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىمىزدا بولسۇن ياكى مول مەزمۇنلۇق فولكلور مەدەنىيىتىمىزدە بولسۇن، شەرقتە تەڭرىتاغ ۋە تارىم بويلىرىدىن تارتىپ، پەرغانە ۋادىسى، ماۋارا ئۇننەھر، پامىر ۋە ھىندىقۇش ئېتەكلىرى، خۇراسان ۋە بەلخ، كاسپىي بويلىرى تاكى پارس قولتۇقىغىچە بولغان كەڭ رايوندا تۇران ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ئىجادىغا يات بولغان مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى ناھايىتى ئاز دېيەرلىك ئىدى.

ئىراننىڭ ئەڭ قەدىمكى يازما دىنىي دەستۇرى «ئاۋېستا»دىن باشلاپ تاكى XV ئەسىردە تۈركىي ۋە پارس ئەدەبىياتى پەسكويغا قاراپ يۈز تۇتقانغا قەدەر بولغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن ئىران ئېگىزلىكىدىكى پارس تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى بىر- بىرى بىلەن بىۋاستە ئۇچراشتى ۋە بىر-بىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشتى. بولۇپمۇ بۇ خىل ئۇچرىشىشنىڭ يۇقىرى دولقۇنى ئەدەبىيات-سەنئەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئىسلامىيەت دەۋرىدىن ئاۋۋالقى ئۇزاق تارىختا ئىراندا مەيدانغا كەلگەن زەردۇشت (زارا ئاستېر) ۋە مانى دىنلىرى شۇنىڭدەك ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن بۇددا دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇردى. خەلق فولكلورىدا ھازىرغا قەدەر ئىران ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ناھايىتى تونۇش بولغان جەمشىد، رۇستەم، بەھرام گۆر، ئافراسىياپ (ئالىپ ئەر تۇڭا)، دىۋە، ئىسكەندەر، دىۋە پېرە، ئىما (ئۇماي)، پىر، مەستان كەمپىر، قەمبەر، سۇمرۇغ، چىلتەن، دىۋانە، خىزىر، ئەنقا، ئەجدىھا، ئاقۋان دىۋە، ئەرۋاھ، پەرى قاتارلىق بىر قاتار ئوبرازلار ئىزچىل ساقلىنىپ كەلمەكتە. يەنە كېلىپ بۇ خىل ئوبرازلار تالاي ئەسىرلەر مابەينىدە كلاسسىكلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا تەسۋىرلىنىپ، مەدداھلارنىڭ قىسسىلىرىدە تەكرار- تەكرار ئېيتىلىپ، خەلق چۆچەكلىرىدە تىنىماي زىكرى قىلىنىپ كەلدى. نەتىجىدە ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىردە پارس قولتۇقىدىن تارىم بويىغىچە بولغان بىپايان زېمىندە مۇسۇلمان شەرقىگە خاس مەنىۋى تۇرمۇش چەمبىرىكى شەكىللەندى. بۇ كەڭ تېررىتورىيىدە تۈركىي، پارس ۋە ئەرەب تىللىرى تەڭ قوللىنىلدى. گۈمبەز شەكىللىك ئوردا- قەسىرلەر، مەسچىتلەر، مەقبەرىلەر ھەممىلا يەردە قەد كۆتۈردى. قولىغا ساپايى تۇتۇپ، مورىسىغا مايلاشقان خۇرجۇن ئاسقان، چاچ- ساقاللىرى چاڭگىلاشقان جاھانكەزدى دەرۋىش- سوپىلار باغدات بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدا شەھەرمۇ- شەھەر ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولدى. ئامېرىكا ئالىمى گاۋىن ھامبلىي ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازدى: «تاكى XII ئەسىرگە قەدەر، ماۋارا ئۇننەھر ۋە قەشقەرىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە ئىران مەدەنىيىتىنىڭ قويۇق ھىد-پۇراقلىرى ساقلىنىپ كەلدى. شۇڭلاشقا ئىسپاھان ياكى مەشھەدتىن بۇخارا ۋە يەركەنلەرگە قاراپ يولغا چىققان سەيياھلار ئۆزلىرى كۆزلىگەن جايغا يېتىپ بارغىنىدا، ئۇ يەرلەردىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ھېچقانچە يات تۇيۇلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان» (11).

مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ۋە سېلىشتۇرما مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ھەرقايسى خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ تارىختىن بۇيان، پاسسىپ ۋە تۇرغۇن ھالەتتە ئەمەس، بەلكى ئاكتىپ ۋە ھەرىكەتچان ھالەتتە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرىدە، ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بىر بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىۋى ۋە تارىخىي شارائىتتا ياراتقان مەدەنىيىتىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئوخشاشلىقلار مەۋجۇت دەپ كۆرسەتكەن. دەرۋەقە، تۇران بىلەن ئىراننىڭ مەدەنىيەت دىئالوگى ئاجايىپ ئۇزاق جەرياندا مەزمۇن تاپقان. بۇنىڭدا ھەم ئورتاقلىقمۇ ھەم ئايرىملىقمۇ ساقلانغان. مەزكۇر ماقالىمىز مۇشۇ سىرلىق دىئالوگقا ھەمسۆھبەت بولماقچى . . .

## بىرىنچى دىئالوگ:

www.uygharkitap.com

# تارىخ مەنبەلىرىدە تۇران ۋە ئىران

«ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپ قەيەردە پەيدا بولغانلىقى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس. ئەمما پاكىتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئوتتۇرا ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىنسانلار ئەجدادلىرى ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان ۋە ئاۋۇغان جاي بولۇشى مۇمكىن. . . » (12)

ـ ئېدۋارد. م. بۇرنس «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»
فىلىپ لى رالف :

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى يېقىنقى ۋاقىتلارغا قەدەر ئىلىم- پەن دۇنياسى تەرىپىدىن «تاشلاندۇق زونا» سۈپىتىدە قارىلىپ كەلدى. X V ئەسىرلەردىن كېيىن دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئىچكى قۇرۇقلۇقتىن تەدرىجىي ھالدا دېڭىز قىرغاقلىرى ۋە قاتنىشى قولاي بولغان رايونلارغا يۆتكەلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ياۋرو- ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكى ھېسابلانغان ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا بارا- بارا ئۇنتۇلغان رايونغا ئايلىنىپ قالدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قايتا بايقىلىشى ياۋروپا دەۋر پاراۋۇزىنى ھەيدەپ تولىمۇ ئالغا كەتكەن بىر زامانغا توغرا كەلدى. تەخمىنەن ئەڭ بالدۇر ھېسابلىنغاندىمۇ X V Ⅲ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە X I X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ غەربلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان قىزىقىشى دەسلەپكى قەدەمدە باشلاندى. X I X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى X X ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ خىل قىزىقىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. قانچىلىغان تەۋەككۈلچىلەر «سەيياھ» لىق تونىنى كىيىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قاراپ ئاقتى. ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنىڭ ئاياغ ئىزلىرى بىپايان دەشتى- قىپچاق داللىرىدا، ئارال ۋە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شورلۇق قىرغاقلىرىدا، ماۋارا ئۇننەھر ۋادىسىدا، پەرغانە ئويمانلىقىدا، تەكلىماكان قۇملۇقىدا، لوپنۇر، ئىدىقۇت ۋە قەشقەرىيىدە قېپقالدى. چاررۇسىيە بىلەن بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسى- نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىشى بۇ رايوننىڭ مۇھىملىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاشكارىلىنىشى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى بەزى تىلسىماتلارنىڭ يېشىمى بۇ رايوندا بەزىبىر جاۋابلارغا ئېرىشتى. «يىپەك يولى» تەتقىقاتىنىڭ كۈچىيىشى مەركىزىي ئاسىيا رايونىنى «جەلپكار نۇقتا» غا ئايلاندۇردى.

. .

ھالبۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران تارىخىغا ئائىت تارىخىي مەنبەلەرنىڭ ئاز بولۇشى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئۇزۇن مەزگىل ئىزدەنگەن بىر قىسىم ئالىملار ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ بەرپا بولغان بەلباغ بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدى ھەمدە «بۇ رايوننىڭ ئىقلىم شارائىتى ئىنسانىيەت ئەجدادلىرىنىڭ ھەر خىل تۈردىكى ئادەملەرگە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىغا تولىمۇ باب كېلىدۇ» (13) دەپ ھېسابلىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ۋ. ئى. ئاۋدىيېۋ ئۆزىنىڭ «قەدىمكى شەرق تارىخى» ناملىق كىتابىدا: «ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىنسان ھاياتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى ئوچاقلىرى بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ بەردى» (14) دەپ يازدى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران تارىخىنى ئۆز خەلقىنىڭ قەدىمكى مەنبەلىرىگە تايىنىپلا تولۇقى بىلەن يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە يەنە قەدىمكى سۇمېر- بابىل مەنبەلىرىگە، مىسىر پۈتۈكلىرىگە، يۇنان خاتىرىلىرىگە (بولۇپمۇ ھېرودېت، سترابون، ئارىئان قاتارلىق تارىخچىلارنىڭ خاتىرىلىرىگە)، ھىندى ۋەسىقىلىرىگە ۋە جۇڭگو يىلنامىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىش مۇمكىن. شۇڭا تۇران ۋە ئىراننىڭ يىراق تارىخىي ئۇچۇرىنى ئىگىلەش ناھايىتى كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش. بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى يازما ۋەسىقىلىرى كۆكتۈرك خانلىقى (552ـ744) دەۋرىدە تىكلەنگەن مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىگىچە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى تارىخ ھەققىدە بىر قىسىم ئەپسانە- رىۋايەتلەردىن باشقا ئۆز تىللىرىدا مەنبە ناھايىتى ئاز. شۇڭا فرانسۇز مۇتەپەككۇرى مونتېسكيۇ ئۆزىنىڭ «پارس مەكتۇپلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «. . . تۈركىي دەپ ئاتالغان بۇ قەۋملەر ئۆز تارىخىدا ئاجايىپ چوڭ يۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان، بۈيۈك ئىمپېرىيىلەرنى قۇرغان. لېكىن ئۇلار ئۆز تارىخىنى خاتىرىلەپ مېڭىشنى ئۇنتۇغان، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ شانۇ- شاۋكەتلىك ئۆتمۈشى ئىنسانلارنىڭ يادىدىن ئاستا- ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. . . » (15).

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى ئاھالىلەر ھەرقايسى تارىخىي مەنبەلەردە تۇر- تۇران، ئارى- ئارىئان، ساك- سكىتاي نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىراننىڭ ئاخمانىيلار (Achemenides) سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 550- يىلدىن - مىلادىدىن ئاۋۋالقى 330- يىلىغىچە) دەۋرىدە ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ رەسمىي يازما خاتىرىگە ئېلىنغان دەستۇرى «ئاۋېستا» دا «تۇرا» ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ، سكىف- ساك قەبىلىلىرىنى كۆرسىتەتتى. «ئاۋېستا» دا سۆزلەنگەن «تۇرانىيە» ئېتنولوگىيىسى ئارىئانلارنىڭ «رىگۋېدا» دەستۇرىدا تىلغا ئېلىنغان سۆزلەرگە ئاھاڭداش بولغان (16) . «ئاۋېستا» دا يەنە «جەڭگىۋار تۇرلار» دېگەن ئىبارىمۇ ئۇچرايدۇ (17) . بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «تۇر» ، «تۇرا» ئەمەلىيەتتە قەدىمكى ئىران ۋە يۇنان مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن ساك (Saca) ۋە سكىف (Scythia) لارنى كۆرسىتەتتى. ئاتاقلىق تاجىك ئالىمى غاپۇروپ «تاجىكلار تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «بىز بىلىدىغان ئەڭ قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پايانسىز يايلاقلىرىنى ئىگىلەپ ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن چارۋىچى ساكلاردۇر» (18) دەيدۇ. قەدىمكى ئىران شاھنشاھى دارىئۇس I دەۋرىدە پۈتۈلگەن بېھىستۇن تاش پۈتۈكلىرىدە ساكلار (Saca) نىڭ ئاساسلىق تۆت قەبىلىسى ئاسىيلار (Asii) ، گاسىئانلار (Gasiani) ،

توخارلار (Tochari) ۋە ساكارالار (Sacarauli) تىلغا ئېلىنغان. بۇ قەبىلىلەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردە ئالدى بىلەن ئىلى ۋە چۇ دەريالىرى ھاۋزىلىرىدا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىرلەردە سىر دەرياسى ۋادىلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 177-176- يىللىرى جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ تارىم ۋادىسىغا كىرگەن (19). ھېرودوت «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە، ساكلار ئۇچلۇق قالپاق كىيىپ، ئۆزلىرى ياسىغان ئوقيا ۋە شەمشەرلىرىنى ئېسىپ يۈرىدۇ. ساكلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى جەڭگە ماھىر كېلىدۇ دەپ مەلۇمات بېرىدۇ (20). خەنزۇچە مەنبەلەردە ساكلار 塞人 ياكى 塞种人 دەپ خاتىرىلەنگەن (21). بەزى تەتقىقاتچىلار تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان خوتەن (于阗)، يەركەن (莎车) لەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ساك قەبىلىلىرىنىڭ نامى بولغان (hvatana) ۋە (suakiwo) لارنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دەپ قارايدۇ (22). يەنە بەزىلەر قەشقەر كوناشەھەر تەۋەسىدىكى «ئوغۇساق»، «توققۇزاق» دېگەن جايلارنى، ئاقتۇ تەۋەسىدىكى «قونساق»نى، ئاتۇشتىكى «بەيساق»، «ئېكساق» لارنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى بىۋاستە قەدىمكى ساكلارغا باغلايدۇ (23). ئۇندىن باشقا يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ساكلارنى ئارىئانلارنىڭ پامىر- چىلەنشەن تۈركۈمى دەپ قارىدى. ساك ئىبارىسىنى ئاتلىق ئوقياچى قەبىلە، ئۇلار جەڭدە جەڭ ئىتى ئىشلەتكەچكە ئىرانلىقلار «سەك» (ئىتچىلار) دەپ ئاتىغان دېگەن سۆز بار. «ئوغۇزنامە» تەتقىقاتچىلىرى «ساك» ئىبارىسىنى «ساق»، «ساقلاپ»- قوغدىغۇچىلار دېگەن مەنىدە ئىزاھلايدۇ. ساكلار جۇڭگو يىلنامىلىرىدە «سەي»، «سەيجۇڭ»، بۇددا نوملىرىدا «ساكا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. ماسساگېتلارنى ئۇلۇغ ساكلار دەپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت رايونى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۇران زېمىنى دەپ قارىغۇچىلار بار. سكىف- سكىتايلار ئارىئانلارنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي تارمىقى سۈپىتىدە ساكلار بىلەن يىلتىزداش ئاھالە ئىدى. تۈرك ئىبارىسى ئىككى مەنىدە- قەدىمكى تۇران- ساكلار مەنىسىدە، يەنە كۆك تۈرك ئاھالە مەنىسىدە ئىشلىتىلمەكتە. ئاسنا ساكلىرى ئاشىد موڭغۇلوئىد ئاھالىلىرى بىلەن ئالتاي ئەتراپىدا قوشۇلۇپ تۈرك نامىدا ئىككىلەمچى تۇرانلارنى- بىز ھازىر چۈشىنىۋاتقان تۈركىي خەلقلەرنى شەكىللەندۈرگەن. قوشۇلۇشتىكى قانداشلىق ۋە مەدەنىيەت دەرىجىسى پەرقىگە قاراپ تۈركىي خەلقلەر ئىككى چوڭ تۈرگە- ئۇيغۇر- ئوغۇز ۋە قىپچاقلارغا بۆلۈنۈپ كەلمەكتە. ساك ئامىللىرى ئۈستۈن بولغان تۈركۈمدە مۇقام فولكلورى ۋە «تۈركىي ئارۇز» شېئىرىيىتى بولغان (24).

دېمەك كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى ھەرقايسى تارىخىي مەنبەلەردە ساك، ماسساگېت، سكىف- سكىتاي، ئارىيان، توخرى، سوغدى قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ بولغان خەلقلەر ئىدى. «ئاۋېستا» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىران مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «تۇر»، «تۇرا» ۋە «تۇران»لار ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدا نامى زىكرى قىلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى كۆرسەتتى. موڭغۇل ئېگىزلىكىدە ھون ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ھونلارنىڭ غەربكە سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان تۈركىي قەۋملەر كەڭ كۆلەمدە ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىياغا ماكانلاشتى. «تۇرانلارنىڭ نۇرغۇن ئۇرۇق- قەبىلىلىرى غەربكە كۆچۈش داۋامىدا تەدرىجىي يوسۇندا شەرققە سۈرۈلگەن ياۋروپا ئىرقىدىكى خەلق- ئارىيانلار بىلەن ئۇچراشتى» (25). تۇران قەۋملىرى بىلەن ئارىيانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە قوشۇلۇشى كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئىرقى ۋە مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلىش ۋە يۇغۇرۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ خىل يۇغۇرۇلۇش تۇرانلار ۋە ئۇلاردىن تەدرىجىي بۆلۈنۈپ چىققان ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەر (جۈملىدىن ئۇيغۇرلار) نىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى (26). ئىرانلىقلارنىڭ «ئاۋېستا»دىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر مۇھىم ئېپوسى «باھادىر زەرىرگە مەرسىيە» (27) دە ئىرانغا قوشنا بولغان، ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئەل «تۇران» دەپ تەسۋىرلەندى ۋە ئىران- تۇران ئۇرۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىندى (28).

مىلادى VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىگە كەلگەندە ئىسلام بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، زور دەرىجىدە كۈچەيگەن ئەرەبلەر ئاۋۋال ئىران، خۇراساننى ئاندىن ماۋارائۇننەھر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ جايلىرىنى ئىستېلا قىلىپ تاكى شەرقتە ھىند دەرياسى ۋە پەنجاپ ۋادىسىغىچە يېتىپ باردى. نەتىجىدە ئورتاق دىنىي ئېتىقادقا ئىگە بولغان بۇ كەڭ رايونلاردىكى ھەرقايسى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلاشتى. نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدا قەدىمكى ئىران ۋە تۇران ئۇرۇشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان داستان ۋە قىسسەلەر مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭدا ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (1020-940) نىڭ «شاھنامە» ناملىق گىگانت ئەسىرى ئەڭ گەۋدىلىكتۇر. فىردەۋسى «شاھنامە»دە پۈتكۈل ئىران ۋە ئەتراپتىكى رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن پادىشاھ فېرىدۇن ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى- سېلىم، تۇر ۋە ھىلاج قاتارلىقلارغا تەپسىلىي ئورۇن بېرىدۇ. فېرىدۇن قېرىغاندا پۈتكۈل مەملىكەتنى ئۈچ ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. چوڭ ئوغلى سېلىمگە رۇم (ۋىزانتىيە) نى، ئوتتۇرانچى ئوغلى تۇرغا تۇران ۋە چىننى، كەنجى ئوغلى ھىلاجغا پۈتكۈل ئىراننى بۆلۈپ بېرىدۇ (29). سېلىم بىلەن تۇر كەنجى ئوغۇل ھىلاجغا ھەسەت قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. نەتىجىدە بىرلىككە كەلگەن مەملىكەت پارچىلىنىپ ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا تۈگىمەس ئۇرۇشلار باشلىنىدۇ. . . دېمەك، فىردەۋسى ئامۇ دەرياسىنى پاسىل قىلغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىنى «تۇران»، «چىن» دەپ ئاتايدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ

www.uyghurkitap.com

«تۇران» (突伦) ئاتالمىشى ئۇچرايدۇ. «تاڭ گاۋزۇڭ لى جىڭ ۋاقتىدىكى تۈركىي نەسەبلىك سانغۇن چۇبى خېلىنىڭ 635- يىلى تارىم- ‹تۇران ساي› (突伦川)، تەكلىماكان- ‹تۇران چۆل› (突伦碛) غىچە جەڭ قىلىپ بارغانلىقى قەيت قىلىنغان» (30).

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، پارس كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى (مەسىلەن نىزامىنىڭ «خىسراۋ ۋە شىرىن»، فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»، دېھلىۋىنىڭ «شىرىن ۋە خىسراۋ»، ھاجۇ گىلمانىنىڭ «ھۇما ۋە ھۇمايۇن» قاتارلىقلار) دا تىلغا ئېلىنغان «چىن»، «ماچىن» ئاتالمىسى بىلەن تۈركىي كلاسسىكلىرى (يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ»، نەۋائىينىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن» قاتارلىقلار) دا تىلغا ئېلىنغان «چىن»، «ماچىن» ئاتالمىلىرى ئۆز دەۋرىدىكى جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىنى ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمى، يەنى شەرقىي پاسىلى قۇمۇلغىچە بارىدىغان تارىم ۋادىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئېلىمىزدىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ھازىرقى ئەرەب، پارس ۋە تۈرك تىللىرىدا «جۇڭگو» نى «چىن» دېيىدىغانلىقىغا قاراپلا تۈركىي ۋە پارس كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان «چىن» سۆزىنى خاتا ھالدا «جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكى» دەپ چۈشەنگەن. نەتىجىدە خەنزۇچە تەرجىمىدىمۇ خاتا ئىشلەتكەن. مەسىلەن، لاڭ يىڭ خانىم بىر ماقالىسىدا نەۋائىينىڭ «پەرھاد- شىرىن» داستانىدىكى چىن شاھزادىسى پەرھادنى جۇڭگو شاھزادىسى، ئۇ، شىرىننىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ زېمىنىدىن ئايرىلىپ ئەرمىنىيىگە بارغان دەپ يازغان (31). شۇنىسى قىزىقكى، دەسلەپ پارس ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كېلىپ، كېيىن تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىغا ئۆزلەشكەن پەرھاد ئوبرازى قانداق قىلىپ «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك شاھزادىسى» بولۇپ قالدى؟ . . . تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي كلاسسىكلىرى ئىجادىدا تىلغا ئېلىنغان «ماچىن» ئۆز دەۋرىدىكى خوتەن رايونىنى، «چىن» بولسا تارىم ۋادىسىنى، يەنى ھازىرقى شىنجاڭنى كۆرسىتەتتى. شۇڭا «چىن» ئاتالغۇسى «تۇران» ئاتالغۇسى بىلەن تەڭ قوللىنىلىدۇ. جاڭ خۇڭنيەن ئەپەندىمۇ «شاھنامە» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە «چىن» ئاتالمىسى جۇڭگونىڭ غەربىي- شىمالىدىكى تارىختا تۈركىي خەلقلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوننى كۆرسىتىدۇ، ئۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ، دەپ ئەسكەرتكەن (32).

تۈركىي ۋە پارس تارىخچىلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا تۇران بىلەن ئىران ئامۇ دەرياسى ئارقىلىق چېگرىلانغان. ئامۇ، سىر دەرياسى ۋادىلىرى ۋە خوراسان رايونلىرى تارىختا تۈركىي قەۋملەر بىلەن پارسلار بىۋاستە ئۇچراشقان ۋە ئۆز- ئارا يۇغۇرۇلغان بەلباغ بولغان. ئومۇمەن «تارىختا ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن ئامۇ ۋە سىر دەرياسىدىنمۇ مۇھىم رايون بولمىسا كېرەك» (33). يۇنانلىقلار ئامۇ ۋە سىر دەرياسىنى ئايرىم- ئايرىم ھالدا Oxus ۋە Jaxartes دەپ ئاتىسا؛ ئەرەبلەر Jayhun ۋە Sayhun دەپ ئاتىغان (34).

ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايون خوراسان ئۆلكىسى بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردە بۇ يەردىكى نىشاپۇر، تۇس (مەشھەد)، مەرۋى، ھىرات ۋە بەلخ قاتارلىق بەش شەھەر ئاجايىپ گۈللەنگەن. ئامۇ ۋە سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى رايوننى يۇنانلىقلار Transoxania دېسە، ئەرەبلەر Mawara unnahr دەپ ئاتىغان. ئوتتۇرا ئەسىردە بۇ ۋادىدىكى بۇخارا ۋە سەمەرقەنت جاھانغا مەشھۇر مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى.

ئامۇ دەرياسى قەدىمكى تۇران ۋە ئىراننىڭ تەبىئىي پاسىلى ئىدى. «پۈتكۈل تۇران ۋە ئىراننىڭ شىمالىي قىسمىدا قەدىمكى سكىف (ساك) لار ياشايتتى. يۇنان تارىخچىلىرىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 639- يىلى مىدىيە پادىشاھلىقى ھەققىدە بەرگەن ئۇچۇرلىرىدا تۇرانلىقلار- ساكلاردۇر دەپ چۈشەنچە بەرگەن. تۇران- ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي قەۋملەر ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلارنىڭ قەدىمكى نامى» (35). ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراننى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگۈزگەن ئەمىر تېمۇر (1333-1405) ئۆز ئۆگۈتلىرىدە: «بىز كىم- مۈلكى تۇران، بىز كىم- مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى بولغان تۈركنىڭ باش بوغۇنىمىز» (36) دەپ خىتاب قىلىدۇ. دېمەك، «تۇران» ئاتالغۇسى ھەم مىللەت- قەۋم نامى، ھەم جۇغراپىيىلىك نام سۈپىتىدە يېقىنقى زامانغىچە قوللىنىلغان.

ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «. . . بەزى ئەڭ ئىلغار قەۋملەر- ئارىيانلار، سېمىتلار، ئېھتىمال تۇرانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. (ئۇلار) دەسلەپتە ھايۋانلارنى كۆندۈرۈشنى مۇھىم ئەمگەك تەرتىپىگە قويغان. كېيىنچە ئاندىن ھايۋانلارنى كۆپەيتىش ۋە باشقۇرۇشقا ئۆتكەن» (37). مورگان ئۆزىنىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە «تۇرانىيە»، «تۇرانىيىلىكلەر» دېگەن ئاتالغۇنى كۆپ يەردە تىلغا ئالىدۇ. ئۇ بىر جايدا: «ئارىيان تۈركۈمىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە سام (سېمىت) لار، ئۇراللار ۋە تۇرانىيىلىكلەردە ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتلىرىنى بايقىدۇق» (38) دەپ كۆرسەتكەن.

«تۇران» سۆزى قەدىمكى پارس ۋە تۈركىي تىللىرىدا Tur، Tura، Turan شەكلىدە، لاتىنچىدە Turanian شەكلىدە خاتىرىگە ئېلىنغان. رايونىمىزدا بۇ تۈردىكى يەر ناملىرى خېلى ساقلانغان. يالغۇز قۇمۇل رايونىدىلا «تۇر» ۋە «تۇرا» سۆزى ئۇلىنىپ كېلىدىغان يەر ناملىرىدىن يۈزدىن ئارتۇقراقى ھازىرغىچە ساقلانماقتا. بەزى تەتقىقاتچىلار Tur ۋە Tura سۆزلىرىنى قەدىمكى ئالتاي تىللىرىدىكى «تەڭرى» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن دەپ قارايدۇ. ياقۇت ۋە چوۋاش تىللىرىدا «تەڭرى» سۆزى «تۇر» ۋە «تۇرا» شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. چوۋاش ئەپسانىلىرىدە «يىراتۇرا» (39)، «چېچەك تۇرا» (40)، «سۇلتى تۇرا» (41) قاتارلىق تەڭرىلەر ناملىرى ئۇچرايدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، قەدىمكى سۇمېر، ئاككاد تىللىرىدا پۈتۈلگەن تاش

پۈتۈكلەردە «تەڭرى» سۆزى 《Dingir》 دەپ يېزىلغان (42). دېمەك Turan ئىبارىسى قەدىمكى ئىراننىڭ دىنىي دەستۇرى «ئاۋېستا»دا تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھازىرغىچە ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق جەرياننى باشتىن كەچۈردى. «يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئىلىم ساھەسى ‹تۇران› ئىبارىسىنى ئۇيغۇرلار مەنسۇپ بولغان تۈركىي تىللار ئائىلىسى ھەتتا پۈتكۈل ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى ئىنسانلار گۇرۇھىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قاراپ كەلدى» (43). مەملىكىتىمىز تارىخچىلىرىدىن سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «تۈركلەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «تۇران» ئاتالغۇسىنى (涂兰) دەپ ئىشلەتتى. فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى بۇ سۆزنى (突兰) دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلدى (44).

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىزدىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، تارىختا ئامۇ دەرياسىنىڭ تەبىئىي پاسىلى ئارقىلىق ئىران تېررىتورىيىسىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا جۈملىدىن تارىم ۋادىسى ياۋرو- ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئىككى خىل ئىرق (ياۋروپا ۋە موڭغۇل ئىرقى)، ئىككى خىل مەدەنىيەت (چارۋىچىلىق ۋە تېرىم مەدەنىيىتى)، ئىككى خىل تىل سىستېمىسى (ئالتاي ۋە ھىندى- ياۋروپا تىل سىستېمىلىرى) ئۆز- ئارا ئۇچراشقان ۋە قوشۇلغان رايون ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى نىسبەتەن مۇرەككەپ بولغان مىللىي تەركىبنى، ئارىلاشما ھالەتتىكى مەدەنىيەت قاتلىمىنى ۋە ئۆزىگە خاس پىسخىك قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ ھەرقانداق بىر خەلقنىڭ ئېتنىك يىلتىزىنى تارىختىكى مەلۇم بىر مىللەتتىنلا ئىزدەش تولىمۇ يۈزەكىلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تارىختا قانچە قېتىملار ئوخشاش بولمىغان ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى ۋە يۇغۇرۇلۇشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كۆپلىگەن مىللەتلەر ئىز- تىزسىز يوقۇلۇپ يەنە كۆپلىگەن مىللەتلەر تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. بىز ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك قاتلىمى ئىچىدىن تارىختىكى ئارىيان- ساك- توخرى، سوغدى، ئېفتالىت، پارس، گرېك، ئەرەب قاتارلىق ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ بولغان مىللەتلەرنىڭ قېنى بىلەن ھون، سيانپى، رورەن، كىدان ۋە موڭغۇل قاتارلىق موڭغۇل ئىرقى ۋە يېرىم موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان خەلقلەر قانلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان نىسبىتىنى بايقايمىز. تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى مىللەتلەر تەتقىقاتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان يۇتەيشەن ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «غەربىي يۇرتنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى ئىرقىي تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ يەردە ياۋروپا ئىرقىمۇ ھەم موڭغۇل ئىرقىمۇ مەۋجۇت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ياۋروپا ۋە موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن شالغۇت تىپمۇ مەۋجۇت. لېكىن ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاندىرونوۋ تىپى، ئالدى ئاسىيا تىپى، پامىر- پەرغانە تىپى ۋە ھىندى- ئافغان تىپلىرىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ياۋروپا ئىرقى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ» (45). رۇس ئانتروپولوگى ن.ن. چېبوكساروۋ «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىسى» ناملىق كىتابىدا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىيەتلىك مەنبەسىنى پامىر- پەرغانە، تۈركوئىد، ھىندى- ئافغان تىپلىرىدىن مۇجەسسەم بولغان دەپ قارىغان (46). دېمەك، مىلادى VII — IX ئەسىرلەردىكى تۈركىي قەۋملەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىدىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا مەركىزىي ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدا تۈركلىشىش ۋە ئۇيغۇرلىشىش جەريانى باشلانغان. «مىلادى V ئەسىردىن ئېتىبارەن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياشاۋاتقان ئاھالىلەر ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە باشلىغان. بىرمۇنچىلىغان خەلقلەر ۋەمىللەتلەر پەيدىنپەي ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن» (47). مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇرەككەپ ئېتنىك قاتلامغا ئىگە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا تارىختىن بۇيان ئۆزئارا ئۇچرىشىش، قوشۇلۇش يۈز بېرىشى مۇقەررەر ئىدى. ئىران خەلقىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە سىڭگەن بىر قىسىم ياۋروپا ئىرقىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىزلىرى شەرقتە تاكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ شەرقىي گىرۋەكلىرىگىچە يېتىپ بارغان. «ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا، تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتا، قومۇل رايونى ياۋروپا ئىرقىدىكى خەلقلەر ئىزلىرىنىڭ ئەڭ شەرقتىكى پاسىلى بولغان. بۇ چاغدا موڭغۇل ئىرقىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىزلىرىمۇ غەربتە تاكى ئىلى دەرياسى ھاۋزىلىرىغىچە يېتىپ بارغان» (48).

تۇران بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى جۇغراپىيىلىك تۇتۇشۇش سەۋەبى نەتىجىسىدە تۈركىي تىللىق قەۋملەر بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزاققا سوزۇلغان ۋە ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى شەكىللەندى. خۇددى غاپۇروپ ئېيتقاندەك: «تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئەزەلدىنلا شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى ۋە قەۋملىرى بىلەن قوشنا ياشاپ كەلگەنىدى» (49). «شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى كېيىنكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللەنگەن بارلىق مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگە سىڭگەن، يالغۇز تاجىكلارنىڭ تەركىبىگىلا ئەمەس، بەلكى تۈركىي تىلدا سۆزلىگۈچى مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگىمۇ سىڭگەن» (50)، «كېيىنچە مۇشۇ ئاساستا ھازىرقى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى شەكىللەندى» (51).

ناھايىتى روشەنكى، ئىران- ئاسىيادىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ بىرى. ئۇ، ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىغا- ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئە تۇتىشىدىغان بەلباغقا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى ئىران غەربىي قوشنىسى- مېسوپوتامىيە ۋادىسى ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com

سۇمېر- بابىل، مىسىر ۋە يۇنان مەدەنىيەتلىرىدىن، شەرقتە ھىندى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەتلىرىدىن ھەر ۋاقىت ئوزۇق ئېلىپ تۇرغان. مىلادىدىن ئاۋۋالقى 2000- يىللار ئەتراپىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاسپىي دېڭىزى قىرغاقلىرىدا ياشىغان ئارىيانلارنىڭ بىر بۆلۈكى ئامۇ دەرياسى ۋە كوپېت تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئىرانغا كىرگەن، يەنە بىر بۆلۈكى ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا كىرگەن. نەتىجىدە قەدىمكى ئارىيانلار ئىران، ھىندى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان. ئىران تېررىتورىيىسىگە كىرگەن ئارىيانلار شۇ يەردىكى يەرلىك خەلق بىلەن قوشۇلۇپ پارسلارنى شەكىللەندۈرگەن، كېيىنچە ئۇلارنىڭ گەۋدىسىگە تۈركىي قەۋملەر، ئەرەبلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ ئوخشاشمىغان نىسبەتتىكى تەركىبلىرى قوشۇلغان.

«ئىران» سۆزى «ئارىيانلار ماكانى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىراننىڭ غەربىي- جەنۇبىي قىسمىدىكى «پارس» (Fars) ئۆلكىسى كېيىنچە ئىراننىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالغان. 1935- يىلى «پارس»، «پېرسىيە» دېگەن دۆلەت نامى رەسمىي «ئىران» دېگەن قەدىمكى نامىغا ئۆزگەرتىلدى (52).

ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا ئىراندا قۇرۇلغان ئەڭ قەدىمكى مەملىكەت «ئەلەم» ئىدى. بۇ خانلىق مىلادىدىن ئاۋۋالقى 2800- يىللىرى ئەتراپىدا قۇرۇلغان. ئۇندىن كېيىن مىدىيە سۇلالىسى قۇرۇلغان (53). لېكىن قەدىمكى ئىران تارىخىدا ئاخمانىيلار (مىلادىدىن بۇرۇنقى 330-550)، باكتىرىيە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 224-247) ۋە ساسانىيلار (مىلادى 651-224) سۇلالىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ خاندانلىق ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خانلىقلار ئىران ۋە تۈركىي مەنبەلىرىدە پېشدادىيلار، كەييانىيلار، ئاشقانىلار ۋە ساسانىيلار دەپ ئاتالدى (54). ئىران تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان، ئىقلىمى ئىسسىق ۋە قۇرغاق رايون بولۇشىغا قارىماي، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ۋە ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم جاي ئىدى. شۇڭا قەدىمدىن بۇيان، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرىدە، ئەرەبلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكىدە ۋە چىڭگىزخان ئىستىلالىرىدا زۆرزۆر نىشانغا ئايلانغان. ئاخمانىيلار سۇلالىسى (غەربلىكلەر پېرسىيە ئىمپېرىيىسى دەپ ئاتىغان) دەۋرىدە شاھەنشاھ كەيخىسراۋ (يۇنان مەنبەلىرىدىكى Curus) نىڭ زېمىنى شەرقتە سىند دەرياسىدىن غەربتە ئوتتۇرا دېڭىز ۋە مىسىرغىچە يېتىپ بارغان. دارىئۇس I دەۋرىدە ئىرانلىقلار قىزىل دېڭىزدىن نىل دەرياسىغا تۇتاشىدىغان قانال قازغان. ھېرودوتنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، يۇنان- پېرسىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندا، پارسلار ئۈچىنچى قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشىدە 5 مىليوندىن ئارتۇق ئەسكەر، 1207 دانە جەڭ كېمىسى چىقارغان (55). بۇنىڭدىن ئۆز دەۋرىدىكى پارسلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كۈچەيگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

مىلادى 651- يىلى ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى ئەرەبلەر تەرىپىدىن مۇنقەرز بولدى. ئارقىدىنلا ئەرەب قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئىستىلا قىلدى. نەتىجىدە ئەرەبىستاندىن پامىر ئېگىزلىكىگىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە ئىسلام مەدەنىيىتى شەكىللەندى. پارسلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئەرەب ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. X ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ قاراخانىيلار (1212-870)، غەزنەۋىيلەر (1186-998)، سالجۇقىيلار (1194-1037) قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر قۇرغان خانلىقلار ئاستا- ئاستا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىنى ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزدى. خۇددى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك: «ئىسلام خەلىپىلىكلىرىدىكى غەربتىن- گرېكلار ۋە يەھۇدىيلار مەدەنىيەتلىرىدىن ئۆگىنىش شەرقتىن ئۆگىنىشكە- قاراخانىيلار، غەزنەۋى ۋە سالجۇقىيلاردىن، جۇڭگو ۋە ھىندىستاندىن ئۆگىنىشكە بۇرۇلدى. خەلىپىلىك تۈرك سەركەردىلىرى، باقشى- زىيالىيلىرى قورشاۋىدا قالدى. خۇددى مەھمۇد قەشقەرى ئېيتقاندەك، ‹قۇياش تۈركىي خەلقلەر بۇرجىدا› كۆتۈرۈلدى، ‹ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش پەرز› بولۇپ قالدى» (56). بۇ خىل ھالەت تاكى ئەمىر تېمۇر ئىران ۋە كىچىك ئاسىيانى ئاخىرقى قېتىم ئىستىلا قىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

دېمەك، تارىختا تۇران ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ بىر- بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە قويۇق بولغان. ئۇلار ئەدەبىيات- سەنئەت، فولكلور، ئىدىئولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردە ناھايىتى زور ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولغان. بۈگۈنكى كۈندە ھەتتا تارىمدىن پارس قولتۇقىغىچە بولغان رايوندىكى ئورتاقلىققا ئىگە مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ كىمدىن كىمگە ئۆتۈشكەنلىكىنى پەرق ئېتىشمۇ تەس بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئەھۋال تىلدا تېخىمۇ روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. «ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئىران تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭمۇ مۇئەييەن تارىخىي تەسىرى بولغىنىدەك، ھەر قايسى ئىران سۇلالىلىرىغا ئۇيغۇر- تۈركىي تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭمۇ مۇئەييەن تارىخىي تەسىرى بولغان» (57).

## ئىككىنچى دىئالوگ:
## قۇياش ۋە چۆل قەسىدىسى

«مەڭگۈلۈك، نۇرلۇق ۋە تولپاردەك يۈگۈرگەك قۇياش ئۆز يورۇقلۇقى بىلەن قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ! ...» (58)

- «ئاۋېستا. ياشت (94: 30)»

«قۇياش نۇرى يېتىپ بارغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە قۇياش ئەپسانىلىرى مەۋجۇت.» (59)

- ئېدۋارد تەيلور

ئېھتىمال دۇنيادا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرى قۇياش ھەققىدە ئەڭ كۆپ تەپەككۇر قىلغان خەلقلەردىن ھېسابلانسا كېرەك. چۈنكى قۇياش ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان بىرمۇنچىلىغان دىنلار- ئاتەشپەرەستلىك ۋە مانىخېزم ئەڭ ئالدى بىلەن ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولغانىدى.

تارىم، ماۋارا ئۈننەھر ۋە ئىران چۆللۈكلىرىنىڭ ئاسمىنىدا پارلاپ تۇرغان قۇياش ئەلمىساقتىن بۇيان بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تەپەككۇرىنى ئىنقىلاپ، ۋۇجۇدىدىكى ھېسسىيات كەپتىرىنىڭ قانىتىنى يېشىپ كەلدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، قۇياش- ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى ئەڭ كۆپ ھەيرەتتە قالدۇرغان جىسىم ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، قەدىمكى كىشىلەر ئاۋۋال قۇياشنى ئىلاھلاشتۇردى ۋە قۇياش ھەققىدە تۈرلۈك- تۈمەن ئەپسانىلەرنى توقۇشتى. بولۇپمۇ قۇياش نۇرى ئۇزاققىچە تىك چۈشىدىغان، بۇلۇتسىز كۈنلىرى كۆپ بولىدىغان، ئىقلىمى قۇرغاق، ھۆل- يېغىنى ئاز، دەشت- چۆللىرى تونۇردەك قىزىيدىغان ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا قۇياش ئېتىقادچىلىقى ناھايىتى ئەۋج ئالغانىدى. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى- ئارىيانلارنىڭ قۇياشقا چوقۇنغانلىقى ھەققىدىكى تارىخىي ئۇچۇرلار زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. ھېرودىت ماسساگېتلار ھەققىدە توختالغاندا، ئۇلارنىڭ گۈلخان يېقىپ ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئوتقا مېۋە تاشلاپ، مېۋە پۇراقلىرىدىن مەست بولۇپ، ناخشا ئوقۇپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقىنى يازغان. سترابون: ماسساگېتلار قۇياشنى تەڭرى بىلىپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئاتاپ ئاتلارنى قۇربانلىق قىلىشىدۇ دەپ قەيت قىلىدۇ (60). ئارىيانلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن جەنۇب تەرەپكە سۈرۈلگەندە قەدىمكى ھىندى ۋە ئىران تەۋەسىدىمۇ قۇياش ۋە ئوت (ئاتەش) قا تېۋىنىش ئېتىقادى ئەۋج ئالغان. قەدىمكى ئىرانغا قوشنا بولغان مېسوپوتامىيە ۋە مىسىردىمۇ قۇياش ئېتىقادى كەڭ قانات يايغان. قەدىمكى مىسىر فىرئەۋنى ئۆزىنى قۇياش ئىلاھى رانىڭ ئوغلى دەپ قارىغان ۋە قۇياشقا ئوخشاش ئەبەدىي نۇر چېچىپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان. مىسىر فىرئەۋنلىرى ھەتتا ئۆز قەبرىلىرىنىمۇ نىل دەرياسىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرغان. شۇڭا قەدىمكى مىسىرنىڭ «ئۆلۈكلەر مەكتۇبى» ناملىق دەستۇرىدا مۇنداق قۇرلار ئۇچرايدۇ: «مەن- يورۇق دۇنيانىڭ خوجىسى، ھاياتلىقنىڭ ئەبەدىيلىك باھارى، ئالەمدىكى تۇنجى تۆرەلمە، كائىناتتىكى تۇنجى شەيئى. مەن- ياش ھەم قېرىماس شاھزادە، مەن- قۇياش ئىلاھى رادىن تۇغۇلغان ئەبەدىيلىك ۋۇجۇد!...» (61). مېسوپوتامىيە ۋادىسىدىكى مۇنبەت زېمىندا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان قەدىمكى سۇمېر- بابىللىقلار قۇياش ئىلاھى شاماش (Shemash) قا بولغان ئېتىقادىنى ئۆز ئىدېئولوگىيىلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگىچە سىڭدۈرگەن. «گىلگامىش» ئېپوسىدا، گېلگامىش ئۆزىنى قۇياش ئىلاھىنىڭ ئەۋلادى دەپ قارىغان. قەدىمكى بابىللىقلار يەنە قۇياش ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىپ بىر يىلنى 12 ئايغا، بىر كۈننى 12 سائەتكە بۆلگەن قۇياش كالېندارىنى ئىجاد قىلغان. «ھامۇرابى قانۇنى» دا: «قانۇنلىرىم گويا قۇياش ئىلاھى شاماشتەك پۈتكۈل زېمىنغا ئۆز يورۇقلۇقىنى يەتكۈزگەي...» (62) دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ.

تاڭ دەۋرىدە دۇەن چېڭشى «شىياڭ زازۇ» نىڭ 1- جىلد 4- بابى «يات ئەللەر مەنزىرىسى» دە تۈركلەر ھەققىدىكى مۇنداق بىر ئەپسانىنى خاتىرىگە ئالغان: «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى شېموشىبلى (射摩舍利) دەپ ئاتىلىدىغان دېڭىز ئىلاھى ئىدى. ئۇ، ئاشىر غارىنىڭ غەربىي تەرىپىدە تۇراتتى. شېمو (射摩) نىڭ ئىلاھىي ئىقتىدارى بار ئىدى. دېڭىز ئىلاھىنىڭ قىزى ھەر كۈنى قۇياش ئولتۇرغاندا، ئاپئاق بۇغىنى مىنىپ شېمونى دېڭىزغا ئەكىرىپ كېتەتتى، ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلگەندە دېڭىزدىن ئەچىقىپ قوياتتى. بۇنداق ئەھۋال نەچچە ئون يىل داۋاملاشتى ...» (63).

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئاپئاق بۇغىغا مىنىپ قۇياش بىلەن تەڭ دېڭىزغا كىرىپ، ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلگەندە دېڭىزدىن چىقىدىغان شېمو ياكى شېموشىبلى ئەمەلىيەتتە قۇياش ئىلاھىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى ئىدى. بۇ، قەدىمكى بابىللىقلار ئەپسانىسىدىكى ئوت ھارۋىسىنى ھەيدەپ ھەر كۈنى شەرقتىن غەربكە يۈرىدىغان قۇياش ئىلاھى شاماش ياكى شېماشقا قانچىلىك ئوخشايدۇ-ھە؟ تەيلور، فرازېر قاتارلىق مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ئىلمىنىڭ ئاساسچىلىرى قىلچىمۇ ئۆتۈشۈش ئىمكانىيىتى بولمىغان خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت جەھەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە بەزى ئوخشاشلىقلار بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. تەڭرىتاغ، ئالتاي ۋە تارىم ۋادىسىدىكى قىيا تاشلاردا قۇياشقا تېۋىنىشقا ئائىت ئىپتىدائىي سىزمىلار، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قۇياش شەكىللىك قەبرىلەر مەركىزىي ئاسىيا قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ ناھايىتى قەدىمىيلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ساكلار، ھونلار ۋە تۈركلەرگە ئائىت قەدىمكى مەنبەلەردە قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئىزنالىرى تېخىمۇ روشەن ئىپادىسىنى تاپىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» دە: «ھون تەڭرىقۇتىنىڭ چېدىرى كۈن چىقىش تەرەپكە قارىتىلىپ تىكىلىدۇ. ئۇلار ئەتىگەندە ئەمدىلا كۆتۈرۈلىۋاتقان قۇياشقا، كەچتە ئايغا بېيئەت قىلىدۇ. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ئىش تۇتىدۇ. ئاي تولغاندا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئاي كەمتۈكلەشكەندە قوشۇن چېكىندۈرىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «تۈركلەر كۆك تەڭرىگە سېغىنىدۇ. كۈن چىقىشقا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. چېدىر ئىشىكىنى كۈن چىقىش تەرەپكە قارىتىپ ئاچىدۇ...» دەپ يېزىلغان.

دېمەك، شۇ نەرسە ئېنىقكى، قۇياش ئاسمان جىسىملىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئىنسانلارنى تەپەككۇرغا مەجبۇر قىلغان جىسىم. خۇددى قەدىمكى تۈركلەر ئەپسانىلىرىدە تەسۋىرلەنگەندەك دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان قەدىمكى خەلقلەر روھ قۇياش پاتقاندا قۇياش بىلەن تەڭ دېڭىزغا كىرىپ كېتىدۇ. ئەتىگەندە قۇياش كۆتۈرۈلگەندە دېڭىزدىن چىقىدۇ، دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇلار قۇياشنىڭ چىقىشىنى تۇغۇلۇش ۋە ھاياتلىققا، قۇياشنىڭ پېتىشىنى ئۆلۈمگە سىمۋول قىلىدۇ. مۇشۇ مەنبەدىن ئېيتقاندا: «يەر شارىدا باشقا ھەرقانداق بىر مەۋجۇدات قۇياشتىن بالدۇر بولمىسا كېرەك. قۇياش- ئالەمدىكى تۇنجى ‹تۇغۇم›، شۇنداقلا تۇنجى ‹ئۆلۈم› ئىدى» (64). شۇڭلاشقا قەدىمكى بابىللىقلارنىڭ «گېلگامىش»، پارسلارنىڭ

«شاھنامە»، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ «ماناس»، «ئوغۇزنامە»، «ئالپامىش» قاتارلىق ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ھايات-پائالىيىتى قۇياشنىڭ ھەرىكىتىگە تەتبىقلىنىپ يارىتىلغانىدى. قۇياشنىڭ چىقىشى-ئېپوس قەھرىمانلىرىنىڭ تۇغۇلۇشىغا؛ قۇياشنىڭ چىڭقى چۈشتىكى تىكلەنگەن، قىزىغان ۋاقتى-قەھرىمانىنىڭ ياشلىق دەۋرى، تويى، يىراقتا يۈرۈشلىرى ۋە ئالەمشۇمۇل غەلىبىلىرىگە؛ قۇياشنىڭ قىزغۇچ ئۇپۇق سىزىقى ئىچىدە پېتىشى-قەھرىمانىنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسىگە سىمۋول قىلىنغان (65). ئەپسانە-ئەندىزە نەزەرىيىچىلىرى مۇشۇ تۈردىكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانلارنى «قۇياش قەھرىمانلىرى» دەپ ئاتىدى (66). قۇياش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق تەقدىرىنى چۈشەندۈرۈش بىر خىل ئىلمىي چۈشەنچە بولمىسىمۇ، لېكىن ئاللىقاچان ھېس قىلىنغان تەبىئىي مۇقەررەرلىك ئارقىلىق تېخى ھېس قىلىنمىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇقەررەرلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئىنسانلارنىڭ بىلىش تارىخىدىكى چوڭ سەكرەشتۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاكى ئىران چۆللۈكلىرىگىچە بولغان بىپايان زېمىندا قۇياش ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان ئوت-ئاتەشكە تېۋىنىش ئادەتلىرى ناھايىتى ئەۋج ئالغانىدى. شەرقىي ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن ئاتەشپەرەستلىك (زەردۇشتلۇق)، مانىخېزم قاتارلىق دىنىي-ئېتىقادلار ئۆز مەنىسى بىلەن قۇياش ئېتىقادچىلىقىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغانىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، زاراتۇستىر دىنى مەيدانغا چىقىشتىن ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇياشقا سېغىنىش، ئوتقا سېغىنىش ئەنئەنىسى بولغان ... زاراتۇستىرىزمنىڭ ئەسلى ماكانى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىيىۋى بۇلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ يورۇقلۇق مەنبەيى قۇياش بىلەن ئوتقا بولغان ئەنئەنىۋى ئېتىقادى ئىدى ... ‹ئاۋېستا›نىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ‹گاتا› (Gatha) كىتابى باكتېرىيە-غەربىي تۇران تىلىدا يېزىلغان» (67). بۇ ھەقتە ۋىللىئام مىككوۋېرن «‹ئاۋېستا›نىڭ تىلى قەدىمكى پېرسىيە تىلىغا ئوخشىمىغان ... قەدىمكى باكتېرىيە تىلىدا يېزىلغان ... ھەقىقەتەن ‹ئاۋېستا›دا غەربىي ئىران ئىنتايىن ئاز تىلغا ئېلىنغان. شەرقتىكى دەريا ۋە جايلار كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان» دەپ يازغان(68). غاپۇروپ «تاجىكلار تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «‹ئاۋېستا›نىڭ 14-بابى ھېسابلانغان ‹مېھرمىياشت› ناملىق مۇناجاتتا قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا روشەن سۈرەتلەنگەن: - ئۇ يەرلەردە نۇرغۇن ئېگىز تاغلار بار، تاغلاردا ئوتلاقلار، سۇلۇقلار بار. چارۋا باقىدىغان مول يەم-خەشەكلەر بار. ئۇ يەرلەردە چوڭقۇر كۆللەر، كېمە قاتنايدىغان دەريالار بار...» (69) دېگەن نەقىلنى كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، زەردۇشتلۇق دىنىنىڭ دەستۇرى-«ئاۋېستا»نىڭ شەكىللىنىشىگە ئوتتۇرا-مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىپتىدائىي قۇياش ئىلاھىيەتچىلىكى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. زەردۇشتلۇقتىن تارتىپ مانى ئېتىقادىغىچە بولغان ئۇزاق جەرياندا يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، پاكلىق بىلەن خۇنۇكلۇك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئەبەدىيلىك كۈرەش ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئىجادىغا كۈچلۈك تەسىرلەرنى قالدۇردى. «ئاۋېستا»دىن تاكى يېقىنقى زاماندىكى شائىرلار ئىجادىغا قەدەر، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئۇزاق يىللىرى مابەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زەڭگەر ئاسمىنىدا ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش كلاسسىكلار ئىجادىدا سانسىز قېتىم كۈيلەندى. ئەڭ گۈزەل نەرسىلەر-ھاياتلىق، مېھىر-مۇھەببەت، پاكلىق، گۈزەل جانان ۋە ئىشق قاتارلىقلار قۇياش ئارقىلىق سۈپەتلەندى. ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا «كۈن تەڭرىدە قۇت بولمىش... ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش» دېگەن قۇرلار ئارقىلىق تۈرك قاغانلىرى تەسۋىرلەندى. ئوتقا ھۆرمەت قىلىش، ئىسرىق تاشلاش، ياغ پۇرىتىش، قاپاق كۆيدۈرۈش، توي قىلغان قىزنى گۈلخان ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈش، ئوت بىلەن ئۇچۇقداش، ئۆلۈم بولغان ئۆيدە چىراق يېقىش قاتارلىق بىر قاتار ئادەتلەر تارىمدىن ئىران چۆللۈكلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يېزا-قىشلاقلار ھاياتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

«خارەزمدىكى قەدىمكى قەلئەلەر قېزىلغان چاغدا، ناھايىتى قەدىمكى ‹ئاتەشخانىلار› نىڭ قالدۇقلىرى تېپىلدى. بۇ يەردە مۇقەددەس ئوت (ئاتەش) قا تېۋىنغانلىقى مەلۇم. سترابون ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ماسساگېتلار ‹قۇياشنى خۇدا دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ ئاتلارنى قۇربانلىق قىلىدۇ› دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇنىسى خاراكتېرلىككى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ‹خارەزم› دېگەن ئەلنىڭ قەدىمكى نامى ئەسلىدە ‹قۇياشلىق يەر›، (خۋار-قۇياش، زېم-يەر-ماكان) دېگەننى بىلدۈرەتتى» (70).

دەرۋەقە، قۇياش خۇداسى مىترا ھەققىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىدە ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە. بەزى خەلقلەر ھەتتا قۇياش ئىلاھىنى خۇدانىڭ ۋەكىلى دەپ قارىغان. ئاسسۇرىيە تىلىدا قۇياشنىڭ نامى بولغان Shamash سۆزىنىڭ مەنىسى «تەڭرىنىڭ خىزمەتكارى» دېگەننى بىلدۈرىدىكەن (71). «ئاۋېستا»دا ئۇچرايدىغان «مېھرياشت» (Mihr Yasht) تىكى Mihr سۆزى «دوستانە قۇياش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىكەن (72). ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىدە قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ شۇ دەرىجىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇشىدا ئۆزىگە خاس جۇغراپىيىۋى ۋە ئىقلىم شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. شۇنىسى ئايانكى، چۆل-تارىمدىن ئەرەب سەھرالىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ۋەتىنى. چۆل ئاسمىنىدا ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش چۆل خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى بۇلىقى. قۇرغاق، ھۆل-يېغىنى ئاز، قۇياش نۇرىنىڭ تىك چۈشۈش ۋاقتى ئۇزاق بولغان ئىچكى ئاسىيادا ئادەم بىلەن قۇياش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىۋاسىتە ۋە دائىملىق بولاتتى. ئۇزاق مۇددەتلىك چۆل ھاياتى ۋە قۇياشنىڭ تونۇردەك قىزدۇرۇشى بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ قۇرغاق ئەمما ئۆتكۈر،

www.uyghurkitap.com

قاغجىرىغان ئەمما ھېسسىياتقا باي، ۋۇجۇدىدىكى ھېس- تۇيغۇلىرىنى نەپىس تىللار بىلەن ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇشتەك خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن. خۇددى ھىتتى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «چۆل، خورما، تۆگە ۋە قۇم دانىچىلىرى قۇملۇق خەلقلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ تۆت چوڭ مەزمۇنى ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ۋە پسخىك قۇرۇلمىسىدىن چۆل كىشىلىرىگە خاس ئۆزلۈكسىزلىك، قۇرغاقلىق ۋە زېرىكەرلىكنى بايقايمىز...». تەڭرىتاغ بويلىرىدىن قىزىل دېڭىزغىچە سوزۇلغان ئۇزاق ئاسىيادا ئۇششاق بوستانلىق ۋە ھەيۋەتلىك تاغلار بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن تەكلىماكان قۇملۇقى، قۇربان تۇڭغۇت چۆلى، قىزىلقۇم چۆللىكى، سارى ئۆزەك دالىسى، قاراقۇم باياۋىنى، مازاندىران دەشتى، كەربالا ۋە ئەرەب چۆللۈكلىرىدىن ئىبارەت غايەت قۇملۇقلار بوزىرىپ ياتىدۇ. ئاۋرىل سىتېين دۇنيادىكى قۇملۇقلار ئىچىدە ئەڭ قورقۇنچلۇقى تەكلىماكان چۆلى دەپ ئېيتقان (73). دەرۋەقە، تاغلىق يەر شەكلى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن، لېكىن چوڭ قۇملۇقلارنىڭ تەسىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ (74). مانا مۇشۇ چوڭ قۇملۇقلار بىلەن ئۇششاق بوستانلىقلار ئۆز-ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا لەۋلىرى قۇرىغان ئەمما ھېسسىياتى قايناپ تۇرغان ئاشۇ خەلقلەر يەھۇدىي، خرىستىيان، زاراتاستىر، مانى، بۇددا ۋە ئىسلام دىنلىرىنى؛ مەزكۇر دىنلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرلىرى «زەبۇر»، «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «ئاۋېستا» ۋە «قۇرئان» لارنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەنىۋىيىتىگە تەقدىم قىلدى. مۇسا، ئەيسا، ساكيامۇنى، مۇھەممەد، زاراتاستېر، مانى قاتارلىق دىنىي پېشۋالارنى؛ ئاتتىلا، چىڭگىزخان، ئەمىرتېمۇر، دارا قاتارلىق مەشھۇر جاھانگىرلارنى تارىخ سەھنىسىگە چىقاردى. نۇرغۇن ئىمپېرىيەلەر بۇ يەردە قۇرۇلۇپ، يەنە بۇ يەردە يىمىرىلدى. نۇرغۇن مىللەتلەر بۇ يەردە يوقۇلۇپ يەنە نۇرغۇن مىللەتلەر پەيدا بولدى.

قىسقىسى، ئۇزاق چۆللەر بىلەن قۇياشنىڭ ئاتەشتەك قىزدۇرۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ يىراق تارىختىن بۇيانقى تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە ئىجادىي ئىلھامىغا سىرتقى غىدىقلىغۇچى بولدى. قۇياش رادىئاتسىيىسى بۇ خەلقلەرنىڭ شېئىرىي تۇيغۇسىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. چۆل ئۇلارغا چىدام ۋە روھىي چەكسىزلىك ئاتا قىلدى. ئىسكەندەردىن چىڭگىزخانغىچە بولغان ئۇزاق جەرياندا ئىستېلاچىلارنىڭ سانسىز قېتىملىق يۈرۈشلىرى ئارقىسىدا شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى مۇشۇ بەلباغ ئارقىلىق ئۆزئارا ئالماشتى. «مىلادىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردە پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر ئۈچى گېرتسىيىگە، يەنە بىر ئۈچى ھىندىستانغا يېتىپ باردى. گېرىكلار ئەڭ دەسلەپ پارسلاردىن ھىندىستانلىقلارنىڭ Indoi دېيىلىدىغانلىقىنى، ھىندىلار پارسلار ئارقىلىق گېرىكلەرنىڭ Yona دېيىلىدىغانلىقىنى بىلگەن» (75). شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران شەرق بىلەن غەرب لىنىيىسىدىكى مەدەنىيەت ئۆتكۈزۈش كۆۋرۈكى بولۇپ قالغان.

## ئۈچىنچى دىئالوگ: جەڭگاھتىكى ئەفراسىياپ ۋە رۇستەم

ئالىپ ئەر تۇڭا ئۆلدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ،
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.
—مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»

«ئاۋېستا» دىن تاكى «شاھنامە» گىچە بولغان 15 ئەسىرگە يېقىن ئۇزاق جەرياندا، ئىرانلىقلار تۇران خاقانى ئەفراسىياپ (ئالىپ ئەر تۇڭا) نىڭ سەلبىي ئوبرازىنى سانسىز قېتىملار ياراتتى. «ئاۋېستا» دا ئەفراسىياپنىڭ سەلبىي ئوبرازى تۇنجى قېتىم يارىتىلىپ «بەتبەشىرە، ياۋۇز» كۈچلەرنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنسە؛ «قەھرىمان زەرىرگە مەرسىيە» ناملىق قەدىمكى ئېپوستا ئەفراسىياپ «ئارجاسپ» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، زەردۇشت دىنىنىڭ دۈشمىنى، تاجاۋۇزچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. فىردەۋسىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «شاھنامە» دە بولسا، ئۇرۇشخۇمار، قارانىيەت، ئىرانلىقلارنى تىنىماي پاراكەندە قىلغان تۇران شاھى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. لېكىن تولىمۇ ئەپسۇس، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەنبەلىرىدە ئۆز مىللىي قەھرىمانى ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» تىكى بىر قانچە جۈملە مەدھىيىسى بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بىرقانچە كۇبلېت مەرسىيە قوشاقلىرىدىن باشقا ھېچقانداق خاتىرە قالمىغان. تېخىمۇ ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي قەھرىمانى بولغان ئالىپ ئەر تۇڭا ھەققىدە بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئىجادىدا پارس مەنبەلىرىچىلىك مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. ئەمەلىيەتتە، ئەفراسىياپنىڭ ئوبرازى يىراق تارىختىكى ئىران بىلەن تۇران ئۇرۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇھىم يىپ ئۇچى ھېسابلىنىدۇ.

ئالىپ ئەرتۇڭا ياكى پارس مەنبەلىرىدىكى ئەفراسىياپ تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخسمۇ؟ تۇران خاقانى بولغان ئەفراسىياپ نېمە ئۈچۈن ئىران خەلقلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىدا سەلبىي شەخس سۈپىتىدە قايتا- قايتا تىلغا ئېلىنىدۇ؟

نېگىزىدىن ئېيتقاندا بۇ بىر مۇرەككەپ مەسىلە. ئىران مەنبەلىرىگە قارىغاندا ئەفراسىياپنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي سىماسى «ئاۋېستا» دا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭدىكى بىر بابتا مۇنداق قۇرلار ئۇچرايدۇ.

«ھەم- پاراسەتلىك گوشتاسپ فارس دېگەن جايدا دەريا قىرغىقىغا چىقتى ۋە يۈز ئات، مىڭ كالا، بىر تۈمەن قوينى دەريا ئىلاھىغا قۇربانلىق قىلماقچى بولدى. ئۇ شۇ چاغدا دەريا ئىلاھىغا يالۋۇرۇپ مۇنداق خىتاب قىلدى: ‹پاك، رەھىمدىل دەريا ئىلاھى!... رەزىللىكتە ئۈچىغا چىققان ھۇشاڭ بىلەن دېۋە كەبىي ئارجاسپنى يېڭىشىمگە مەدەت بەرگەيسەن...›» (76).

ئۇندىن باشقا «ئاۋېستا» نىڭ يەنە بىر بابىدا

www.uyghurkitap.com

مىللىي قەھرىمان زەرىرنىڭ دەريا ئىلاھىغا قىلغان ئوخشاش خىتابى تەكرارلىنىدۇ ۋە «يالغانچى ئارجاسپ» دېگەن ئىسىم تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «ئارجاسپ» ( Arjasp ) ئەمەلىيەتتە كېيىنكى مەنبەلەردىكى «ئەفراسىياپ» ئوبرازىنىڭ ئىپتىدائىي ئۈلگىسىدۇر. ئەلشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ «تارىخى مۇلكى ئەجەم» (ئىران پادىشاھلىرىنىڭ تارىخى) ناملىق ئەسىرىدە: «ئارجاسپ بىننىي ئەفراسىياپكىم، تۈرك پادىشاھى ئەردى» (77) دەيدۇ. نەۋائىي يەنە تەكىتلەپ مۇنداق يازىدۇ: «ئەفراسىياپ ـ ھۇشاڭ بىننىي تۇر بىننىي فېرىدۇن ئوغلىدۇر. ۋە بەزى ئانىڭ نىسبەتىنى كەيۇمارسگە يەتكۈزۈپتۇرلەر. ئەمما ئالدىنقىسى دۇرۇستراقدۇر. ئۇ ئىران مۇلكىنى ئانداق بۇزدىكى ئاز يەردە مەمۇرچىلىق قالدى، يىغاچلارنى كەستى، ئىمارەتنى يىقتتى ۋە كارىزلار بىلەن بۇلاقلارنى كۆمدى . . . ئەفراسىياپ پادىشاھلىقى ئون ئىككى يىل ئەردى» (78). نەۋائىي ئەفراسىياپقا دائىر بۇ مەلۇماتلاردىن كېيىن مۇنۇ شېئىرنى كەلتۈرىدۇ:

چۇ ئەفراسىياپ ئۆلدى ئالەم شاھى،
ئەمەس ئەردى ئىش سىرىنىڭ ئاگاھى.
جاھان مۇلكىن ئۆز مۇلكى قىلدى گۇمان،
ئانى ھەم ئارىدىن چىقاردى جاھان(79).

دېمەك، نەۋائىي قەلىمى ئاستىدىكى ئەفراسىياپنىڭ ئوبرازى پارس مەنبەلىرى (ئاساسلىقى «شاھنامە») دىن كەلگەن. نەۋائىي ئىران تارىخىنى يېزىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن تۈرك پادىشاھى ئەفراسىياپنى تىلغا ئالغان ۋە ئۇنى ئىرانغا قاتتىق سورۇقچىلىق سالغان سەلبىي شەخس سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن.

ئېھتىمال، مەيلى تۈركىي مەنبەلىرى بولسۇن ياكى ئىران مەنبەلىرىدە بولسۇن ئەفراسىياپ ئوبرازى ئەڭ كۆپ تەسۋىرلەنگەن ئەسەر ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (1020ـ940) نىڭ «شاھنامە» ناملىق گىگانت ئەسىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەسەرنىڭ ھەجمى جەمئىي 120 مىڭ مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاپتور ئىراننىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرىدىن تاكى مىلادى 651 ـ يىلى ساسانىيلار سۇلالىسى ئەرەب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يىمىرىلگەنگە قەدەر بولغان 4600 يىلدىن ئارتۇق جەرياندىكى پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق تارىخىنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. گەرچە فىردەۋسىدىن بۇرۇنلا ئىراندا بىر قانچىلىغان «شاھنامە» لەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىگە يېتەلمىگەنىدى. فىردەۋسى ئەسىرىدە نۇرغۇن سيۇژىتلار ئارقىلىق ئەفراسىياپقا كەڭ سەھىپە ئاجراتتى. بولۇپمۇ ئەسەردىكى ئىران ـ تۇران ئۇرۇشىغا دائىر تۆت شەخسنىڭ پاجىئەسى ـ ھىلاج، سوقراب، سىياۋۇش ۋە ئىسفەندىيارلارنىڭ پاجىئەسى تۇر، ھۇشاڭ ۋە ئەفراسىياپ قاتارلىق تۇران پادىشاھلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشلار داۋامىدا يۈز بېرىدۇ. پۈتكۈل ئەسەردە سىياۋۇش پاجىئەسى ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. ئەفراسىياپنىڭ سەلبىي ئوبرازىمۇ ئىران قەھرىمانى سىياۋۇش بىلەن بولغان

مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر جەريانىدا يارىتىلىدۇ. گەرچە «شاھنامە» رېئال تارىخنىڭ ئۆزى بولمىسىمۇ، لېكىن ئىران ۋە تۇران تارىخىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان ۋە ناھايىتى زور دەرىجىدە بەدىئىي پىششىقلاشتىن ئۆتكەن.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا «ئامۇ دەرياسى ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى يەنى پارس تىللىق خەلقلەر بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى پاسىل بولغان» (80). ئىراندىكى بېھىستۇن تاش پۈتۈكلىرىدە، ئىران پادىشاھى دارا I نىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 517 ـ يىلى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ساكلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. دارا I دىن بۇرۇن ئىراننىڭ تۇنجى شاھىنشاھى كەيخىسراۋنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماسساگېت قەبىلىلىرى بىلەن بولغان قاتتىق جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم (81). بېھىستۇن پۈتۈكلىرىدە دارانىڭ مۇنداق سۆزلىرى ئۇچرايدۇ: «شاھ دارا ئېيتۇركى، مەن ساكلار يۇرتىغا باستۇرۇپ باردىم؛ ئۇل ساكلار يۇرتى دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدە بولۇپ، ئۇلار ئۇچلۇق چوققىلىق قالپاق كىيىپ يۈرىدىكەن. ئەلقىسسە، مەن دەرياغا كېمىلەردىن كۆۋرۈك سېلىپ، شۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق ساكلار يۇرتىغا ئىچكىرىسىگە كىردىم ۋە ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدىم. ساكلارنىڭ باشلىقلىرىدىن بىر قانچىلىرىنى ئەسىر ئالدىم. پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ ھوزۇرۇمغا كەلتۈردۈم . . . ئۆز خاھىشىم بويىچە ساكلار يۇرتىغا يېڭى باشلىق تەيىن قىلدىم. شۇندىن كېيىن، مەملىكەت مېنىڭ قولۇمغا ئۆتتى. . . » (82). شۇنىڭدىن قارىغاندا، بېھىستۇن پۈتۈكلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «ساكلار يۇرتىدىكى دەريا» دەل ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۆزىدۇر. ئامۇ دەرياسىنى چېگرا قىلىپ ئىران تېررىتورىيىسىدىن ئايرىلىپ تۇرغان ساكلار يۇرتى تارىخىي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان «تۇران»، «تۇرانىيە» دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدۇر. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مۇھىم بىر ئېتنىك تەركىبى بولغان ساكلار زامانىسىدىن باشلاپلا ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى تىنىمسىز ئۇرۇشلار باشلانغان. «شاھنامە» دە تەسۋىرلەنگەن ئىران ۋە تۇران ئۇرۇشى ئەمەلىيەتتە ئاشۇ ئۇزاق تارىختىكى ئۇرۇشلارنىڭ بەدىئىي ئىنكاسىدۇر. «شاھنامە» دە ئەفراسىياپ مۇنداق دەيدۇ: «چىندىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان زېمىنلار مېنىڭ ئىلكىمدىدۇر. ئامۇ دەرياسىنى پاسىل قىلغان سوغدىلار مېنىڭ قوشۇنلىرىمنىڭ قولىدىدۇر. تۇران بىلەن ئىراننىڭ زىددىيىتى سېلىم بىلەن تۇر زامانىسىدىن باشلانغاندۇر. . . » (83).

ھىرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە، ئىران شاھى كەيخىسراۋ بىلەن ماسساگېتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى تېما قىلغان «تومارىس» ناملىق ئايال پادىشاھ ھەققىدىكى رىۋايەت خاتىرىلەنگەن. «بۇ رىۋايەت قاراقالپاقلار ئارىسىدا ھېلىھەم ساقلانماقتا» (84). ئۇندىن باشقا گېرېك تارىخچىسى پولىئېن (مىلادى II ئەسىر) نىڭ

«ھەربىي ھىيلىلەر» ناملىق ئەسىرىدە، قەدىمكى ئىران كەيياننىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دارا I نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى خەلق ھەرىكەتلىرىنى مەزمۇن قىلغان «شىراق» رىۋايىتى خاتىرىلەنگەن. قەدىمكى ئىرانلىقلار بىلەن ساك ۋە ماسسا گېتلار ئوتتۇرىسىدىكى تىنىمسىز ئۇرۇشلار كېيىنكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدە ئىران- تۇران ئۇرۇشلىرى، ئەفراسىياپ، رۇستەم ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە مول مەنبەلەرنى تەقدىم قىلغان. تۇران خاقانى ئەفراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) توغرىسىدا تۈركىي مەنبەلەردە قارا خانىيلار دەۋرىدىن ئاۋۋالقى ئاپتورلار ئىجادىدا ھېچقانداق مەلۇمات قالمىغان. پەقەت «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ» تە ئاز- تولا مەلۇمات ساقلانغان. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بەزى سۆزلەرنى ئىزاھلاش ئېھتىياجى بىلەن ئالىپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ) نىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ توقۇلغان مەرسىيە قوشاقلىرىدىن پارچىلار بېرىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ قوشاقلارنى ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى مۇكەممەل بىر ئېپوسنىڭ پارچىلىرى بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ (85). بۇ قوشاقلاردىن ئىرانلىقلارنىڭ نەزەرىدە تاجاۋۇزچى ۋە سەلبىي شەخس سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن ئالىپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ) نىڭ تۈركىي خەلقلەر ئىجادىدا دانىشمەن پادىشاھ، ئۇلۇغ قەھرىمان سۈپىتىدە مەيدانغا چىققانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە چەكسىز قايغۇرۇپ مەرسىيە قوشاقلىرى توقۇلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا «دىۋان» دا يەنە قارا خانىيلار خانلىقىنىڭ بارلىق خاقانلىرى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى دەپ ھېسابلىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ (86). شۇنداقلا يەنە ئەفراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) ھاۋاسى ناھايىتى ياخشى بولغان ئوردۇكەنت (قەشقەر) نى ئۆزىنىڭ دائىمىي تۇرۇشلۇق شەھىرى قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ (87).

مەھمۇد قەشقەرى يەنە «بارچۇق- ئەفراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر، ئۇ يەردە بۇختۇ نەسارنىڭ ئوغلى بەتزەن قامالغان» (88) دېگەن مەلۇماتنى بېرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىگ» تە تۇران شاھى ئەفراسىياپنى زېرەك سەركەردە، قابىل شاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقى مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان تۇران پادىشاھى ئەفراسىياپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي قەھرىمانى ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ئىرانلاشقان ئىسمىدۇر. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە تىلغا ئېلىنغان تۇران شاھى ئەفراسىياپنىڭ تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار بىلەن تۈركىي خەلقلەر قەدىمكى ئەدەبىياتىدا ساقلانغان ئالىپ ئەرتۇڭاغا دائىر قوشاقلار بۇ ئىككى ئىسىمنىڭ بىرلا شەخسنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

قەدىمكى ئىران ئەدەبىياتىدا رۇستەم ھەققىدىكى رىۋايەتلەر كەڭ كۆلەمدە ساقلانغان. بۈگۈنكى كۈندە پارس قولتۇقىدىن تارىم ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردىكى خەلقلەر ئارىسىدا رۇستەم ھەققىدىكى رىۋايەتلەر كەڭ تارقالغان. ئىسلامىيەتتىن خېلى بۇرۇنقى زامانلاردىلا رۇستەم ھەققىدىكى ئەپسانە- رىۋايەتلەر ئىران خەلقى ئارىسىدا ئېغىزدىن- ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەن. «رۇستەم» سۆزى پەھلەۋى تىلى (ئوتتۇرا قەدىمكى زامان پارس تىلى) دا «روستاستاخماك» (Rostastahmak) ياكى «روستاستاخم» (Rostastahm) دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىسىم ئەڭ دەسلەپ ئارساك (باكتېرىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 247- يىلىدىن مىلادى 226- يىلىغىچە) خاندانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان «ئاسسۇرىيلار دەرىخى» ناملىق مەسەللەر توپلىمىدا ئۇچرايدۇ (89). كېيىنچە زارائاستىر- دىنىنىڭ يەنە بىر مۇھىم دەستۇرى «بەنداخىش» (يارالمىش خاتىرىلىرى) دا يەنە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىران تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بەزىلىرى رۇستەم ئارساك سۇلالىسى دەۋرىدىكى ساكىستان (شەرقىي ئىران) دا ئۆتكەن داڭلىق بىر بەگ بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭغا دائىر رومانتىك رىۋايەتلەر تارقىلىشقا باشلىغان. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بۇ رىۋايەتلەر شەرقىي ئىران رايونىدىن غەربتىكى ئىككى دەريا ۋادىلىرىغا تارقالغان دەپ قارايدۇ (90).

فىردەۋسى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ رىۋايەتلەر جۇغلىنىپ، بىر قانچىلىغان «شاھنامە» لەرنىڭ سيۇژىتىغا ئۈلگە تەقدىم قىلدى. لېكىن رۇستەم ئوبرازى پەقەت فىردەۋسىنىڭ قەلىمى ئاستىدىلا يۈكسەك بىر بەدىئىي ئوبرازغا ئايلاندى. فىردەۋسى «شاھنامە» دە رۇستەمنى ئاجايىپ قۇدرەتلىك مىللىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، شەرق داستانچىلىقىنىڭ يۈكسەك ئۈلگىسىنى يارىتىدۇ. «شاھنامە» دە رۇستەم ئوبرازى سوقراب، سىياۋۇش ۋە ئىسفەندىيارلار پاجىئەسىگە يانداشقان ھالدا تراگېدىك زىددىيەتلەر ئىچىدە راۋاجلىنىدۇ ۋە ئەفراسىياپ بىلەن بولغان تىنىمسىز جەڭلەر داۋامىدا يارىتىلىدۇ.

فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىن كېيىن، رۇستەم ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئىران تەۋەسىدىن ھالقىپ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالدى. رۇستەم ئوبرازى ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىش جەريانىدا قەھرىمانلىقى ئۈستىگە ئىلاھلاشتۇرۇلدى، غايىۋىلەشتۇرۇلدى، كلاسسىكلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا قايتا- قايتا زىكرى قىلىنىپ، مەدداھ- ۋائىزلارنىڭ ئېغىزلىرىدا تەكرار- تەكرار ئېيتىلدى.

شۇنىسى قىزىقارلىقكى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئومۇميۈزلۈك ئىسلام ئېتىقادىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئىجادىدا ياراتقان ۋە غايىۋىلەشتۈرگەن قەھرىمانلىرىنى ئاستا- ئاستا ئۇنتۇپ كېتىشتى. قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىن ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى رىۋايەت- قىسسەلەر قايتا تىلغا ئېلىنمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا پارس قىسسىلىرىدىكى رۇستەم، جەمشىد، فېرىدۇن، سوقراب، سىياۋۇش، ئەردەشىر قاتارلىق قەھرىمانلار ئوبرازى ئالماشتى. غاپۇرۇپ: «تاغلىق رايونلاردىكى تاجىكلار بىرەر ئىش باشلىغاندا ‹يا، پىرىم رۇستەمدىن مەدەت› دەپلا باشلايدۇ. ئۇلار ئاسماندىكى ھەسەن- ھۈسەننى ‹رۇستەمنىڭ ئوقياسى› غا تەقلىد قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كامارنى رۇستەم دەپ ئاتايدۇ» (91) دەيدۇ. تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىمۇ رۇستەم، جەمشىدلەرنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە ئىلاھلاشتۇرىدىغان ئادەتلەر ۋە رىۋايەتلەر ھېلىھەم ساقلانماقتا. ئەپسۇسكى، بىز ئالىپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ) ھەققىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇ بىلىگ» تىكى ئازراق مەلۇماتتىن باشقا ھېچقانداق فولكلور خاراكتېرلىق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز.

## تۆتىنچى دىئالوگ: شەرقچە ئۇتوپىيە- ئىسكەندەر سىپىلى

«بىر كۈنى كېچىسى خەلىپە مەئمۇن چۈش كۆردى. چۈشىدە ئاپئاق يۈزلۈك، كۆك كۆزلۈك، پېشانىلىرى كەڭ، يۇرۇش- تۇرۇشى سىپايە بىر كىشى ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى. خەلىپە ئىھتىرام بىلەن سورىدى: «سىز كىم؟»، مويسىپىت سۆھبەت كىشى جاۋاب بەردى: «ئارىستوتېلمەن». خەلىپە سورىدى: «ئىھ، دانىشمەن، سوئالىم بار، گۈزەللىك نېمىدە؟»، ئارىستوتېل جاۋاب بەردى: «گۈزەللىك ئەقىل- پاراسەتتە». خەلىپە سورىدى: «يەنىچۇ؟»، ئارىستوتېل جاۋاب بەردى: «گۈزەللىك قانۇن- تۈزۈمدە». خەلىپە يەنە سورىدى: «يەنىچۇ؟»، ئارىستوتېل جاۋاب بەردى: «گۈزەللىك ئاۋام خەلق ئىچىدە». خەلىپە يەنە سورىدى: «يەنىچۇ؟»، ئارىستوتېل ئاستا باش چايقىدى: «بەس، ئەمدى كۇپايە» (92).

- ئىبنى نەدىم: «كىتاب»

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنى دېگەن بۇ نام ياۋروپالىقلارغا قانچىلىك تونۇش بولسا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دېگەن بۇ ئىسىممۇ پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىغا شۇنچىلىك تونۇشتۇر. ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشىدىن كېيىن ئىران چۆللۈكلىرىدىن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىقۇش تاغلىرى شۇنىڭدەك تاكى ھىندى دەرياسى ۋادىسىغا قەدەر بولغان ئۇزاق ئاسىيادا «قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر» ھەققىدە تالاي رىۋايەتلەر توقۇلدى. ئۇنىڭ ئاسىياغا قىلغان ئىستېلاچىلىق يۈرۈشلىرى داۋامىدا كەلتۈرگەن سورۇقچىلىقلىرى ئاستا- ئاستا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. مىلادى VII ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى- «قۇرئان» دا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن نامىنىڭ قايتا زىكرى قىلىنىشى ۋە ئۇ ھەقتىكى رىۋايەتنىڭ تىلغا ئېلىنىشى، ئىسكەندەرنىڭ پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئادىل پادىشاھ سۈپىتىدە غايىۋىلەشتۈرۈلۈشىگە ئاساسلىق مەنبە بولدى. شۇندىن باشلاپ قانچىلىغان شەرق كلاسسىكلىرى ئىسكەندەر ھەققىدە ئاجايىپ- غارايىپ قىسسىلەرنى يېزىپ چىقىشتى. ئادىل پادىشاھ، ھەققانىي ھۆكۈمرانلارنىڭ غايىۋى مىزانى ئىسكەندەر ئوبرازىدا ئىپادىلىنىدىغان بولدى. ئېھتىمال، شەرق دۇنياسىغا تونۇلغان جاھانگىرلار ئىچىدە بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئىسكەندەرچىلىك مەدھىيىلەنگەن شەخس بولمىسا كېرەك. ئىسكەندەرگە ئوتتۇرا ئەسىر خرىستىيان ياۋروپاسى بېرەلمىگەن شان- شۆھرەتنى ئوتتۇرا ئەسىر مۇسۇلمان شەرقى بەرگەندى. قىسقىسى، نىزامىدىن نەۋائىيغىچە، «قۇرئان» قىسسىلىرىدىن مەدداھلارنىڭ ئېغىزلىرىغىچە بولغان بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئىسكەندەر شەرقچە ئۇتوپىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىزانى بولۇپ قالدى.

ئىسكەندەرنىڭ مۇسۇلمان دۇنياسىدا شۇنچىلىك دەرىجىدە غايىۋىيلەشتۈرۈلۈشىنىڭ سىرى نېمە؟ ماكېدونىيىدىن قىلىچ ئوينىتىپ كەلگەن بىر ئىستېلاچى قانداقلارچە شەرق ئۇتوپىزمىنىڭ سىماسى بولۇپ قالدى؟

ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى قەدىمكى ياۋروپاغا شەرقنىڭ تۇنجى دەرۋازىسىنى ئاچقانىدى. شۇندىن باشلاپ شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئىسكەندەر ئىستېلا قىلغان چەكسىز ئۇزاق زېمىننى بويلاپ، ئۆز ئارا كەڭ كۆلەملىك ئۆتۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئۆز دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئىراننىڭ ئومۇرتقىسى ھېسابلانغان باكتېرىيە مەشرىق بىلەن مەغرىبتىن كېلىدىغان ئۇچۇرلارنىڭ تۈگۈنىگە ئايلاندى. خۇددى دراپېر ئېيتقاندەك: «ئەگەر ياۋروپا ئىدىيىلىرى باكتېرىيە ئارقىلىق يىراق شەرققە تارقالغان دېيىدىكەنمىز. ئوخشاشلا ئاسىيا چۈشەنچىلىرىمۇ ئاشۇ قانال ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغان» (93). گەرچە، ئىسكەندەرنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى شۇنچىلىك تاسادىپىي باشلىنىپ، شۇنچىلىك تېز ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ياۋروپاغا سىرلىق تىلسىم ھېسابلانغان شەرقنى تۇنجى قېتىم تونۇتقان شەخس ئىدى. شەرق دۇنياسىمۇ ئوخشاشلا ئىسكەندەر ئىستېلاسى جەريانىدا ياۋروپا ھەققىدىكى تۇنجى كەڭ كۆلەملىك ئۇچۇرغا ئېرىشكەنىدى. شۇڭلاشقا ئىسكەندەر يۈرۈشلىرى شەرق خەلقلىرىگە مۆلچەرلىگۈسىز چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇردى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى V ئەسىردىن باشلاپ ماكېدونىيىنىڭ گېرتسىيىدىكى تەسىرى كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ماكېدونىيە زور دەرىجىدە كۈچىيىپ، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرى ئېلىپ بېرىشقا تەييارلاندى. دەل شۇ چاغدا ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش ئالېكساندىر ماكېدون تەختىگە چىقتى. ئۇ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 336- يىلىدىن باشلاپ شەرققە قارىتا كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى قوزغىدى. شۇ دەۋردە شەرقتە ئىران ئاخمانىيلار سۇلالىسى (پېرسىيە ئىمپېرىيىسى) ئەڭ كۈچلۈك خاندانلىق ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىدىكى 334-331- يىللىرى ئالېكساندىر پارس قوشۇنلىرىنى بىر قانچە قېتىم قاتتىق مەغلۇب قىلدى. ئاقمانىيلار سۇلالىسى ئاخىرقى ھېسابتا پۇت تىرەپ تۇرالمىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 330- يىلى ئاخمانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى دارا III ئوردىنى تاشلاپ شەرققە قاچتى ۋە يېرىم يولدا بىر ھەربىي سەركەردىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇندىن باشلاپ ئالېكساندىر كاسپىي دېڭىزىنى بويلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلدى. لېكىن ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار، ساكلار ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. گېرېك قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى تولۇق ئىستېلا قىلغىچە زور دەرىجىدە ھالسىرىدى. نەتىجىدە ئاخىرقى نىشانىنى ھىندىستانغا قاراتقان گېرېك- ماكېدون قوشۇنلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى

323ـ يىلى ئالېكساندىر كېسەل بولۇپ قازا تاپقاندىن كېيىن، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قېپقالدى. بىر قىسمى تۇپىلاڭ كۆتۈرۈپ ياۋروپاغا قايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران تەۋەسىدە سەلۋىكىلەر، پارفىيە، گېرېك، ماكېدونىيە قاتارلىق شەرقچە تۈس ئالغان خاندانلىقلار قۇرۇلدى ۋە بىر قانچە ئەسىر داۋاملاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى. «گېرېك- ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى گەرچە ئىلگىرىكى ئارىيان- ساك- سىكىف- تۇران كارۋان يولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئۇ تەدرىجىي مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ شەكىللىنىشىگە ھەسسە قوشتى. . . يىپەك يولى قەدىمكى زاماندىن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىرگىچە داۋاملىق راۋاجلاندى. گرېك- رىم، بۇددا ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى دەۋرىدە داۋاملىق يېڭى مەزمۇنلار بىلەن روناق تاپتى. بۇ جەرياندا ئېللىنىزملىق مەدەنىيەت ئوخشىمىغان دەۋرلەردە يەنىلا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلدى» (94) .

ئالېكساندىر ماكېدونىيسكىي ئاران 37 يىل ياشىدى. قىسقىغىنە 12 يىل ئىچىدە ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ بالقاندىن پەنجابقىچە بولغان بىپايان تېرىتورىيىنى ئىستېلا قىلدى ۋە غەرب بىلەن شەرقنى تۇنجى قېتىم تۇتاشتۇردى. ئۇزاق ئاسىيانىڭ دەشت- باياۋانلىرىدا ئالېكساندىرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان قانچىلىغان شەھەرلەر بىنا قىلىندى. پەقەت ئۆز دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىلا باكتېرىيە بىلەن سوغدىيانانى تايانچ قىلغان ئالېكساندىر نامىدىكى 8ـ10غىچە شەھەر بەرپا قىلىنغانىدى. بۇلاردىن ھىرات قېشىدىكى ئالېكساندىرىيە، قەندىھاردىكى ئالېكساندىرىيە، ھىندىقۇش تېغى ئېتىكىدىكى ئالېكساندىرىيە، كافكازدىكى ئالېكساندىرىيە، ئامۇ دەرياسى بويىدىكى ئالېكساندىرىيە، باكتېرىيە ئەتراپىدىكى ئالېكساندىرىيە ۋە مەرغىيانادىكى ئالېكساندىرىيە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن (95) . ھەتتا بىر قىسىم شەرق ئالىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم قەدىمكى مىللەت ناملىرىنى ئالېكساندىر بىلەن باغلايدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ‹ئۇيغۇر› نامىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «ئۇيغۇر، بىر ئەلنىڭ نامى . . . زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. بۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹ئىنان خۇزخۇرەند- بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن. بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ› دەپتۇ. شۇندىن باشلاپ بۇ ئەل ‹خۇزخۇر› دەپ ئاتىلىپتۇ ۋە ئاستا- ئاستا ‹ئۇيغۇر› سۆزىگە ئۆزگىرىپتۇ» (96) . ئۇندىن باشقا مەھمۇد قەشقەرى يەنە ئالېكساندىرغا باغلىق بولغان يەنە بىرمۇنچە ناملارنى تىلغا ئالىدۇ: «بىر تۈرك ئەسكىرى ئىسكەندەرنىڭ بىر ئەسكىرىنى قىلىچ بىلەن چاپقاندا، ئۇنىڭ تورۋىسىمۇ چېپىلىپ كەتكەن، تورۋىدىكى ئالتۇنى چېچىلىپ قانغا مىلەنگەن. بۇ جاينى شۇندىن كېيىن ‹ئالتۇن قان› دەپ ئاتاپ كەلگەن» (97) . «ئەتىياز پەسلىدە تۈرك يېرىدە يامغۇر يېغىپ پاتقاقچىلىق بولغاندا ئىسكەندەر: ‹ئىنچى گىل ئەست؟› دەپ سوراپتۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، بۇ قانداق پاتقاقچىلىق؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. بۇ سۆزدىن ‹چىگىل› سۆزى تۇغۇلۇپ قەبىلە ھەم يەر نامىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپتۇ» (98) .

دېمەك، ئالېكساندىر ئىستېلاسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى ئۇزاق زامانلارغىچە، ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسكەندەر ئوبرازى زور دەرىجىدە غايىۋىيلەشتۈرۈلدى. ئىسلامىيەت دەۋرى باشلانغاندىن كېيىن، زۇلقەرنەيىن ھەققىدىكى قىسسەلەرنىڭ «قۇرئان» سۈرىلىرىگە كىرىپ كېلىشى، ئۇنىڭ ئوبرازىنىڭ پۈتكۈل مۇسۇلمان شەرقىدە غايىۋىي پادىشاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىگە ئاساس ياراتتى. ئېھتىمال، نىزامىغىچە بولغان ئۇزاق جەرياندا ئىسكەندەرگە ئائىت تالاي قىسسەلەر توقۇلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن غايىۋىيلەشتۈرۈلگەن ئىسكەندەر ئوبرازىدا تۇنجى قېتىم شەرقچە ئوتوپىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى نىزامىي گەنجىۋى (1114ـ1209) دۇر.

نىزامىي شەرق خەلقلىرىگە كەڭ تارقالغان خەلق رىۋايەتلىرىگە ئاساسەن بەش داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان «خەمسە» سىنى يېزىپ چىقتى ۋە شەرق ئەدەبىياتى جۈملىدىن پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى «خەمسىچىلىك ھادىسىسى» گە بايراقدار سۈپىتىدە يول ئاچتى. نىزامىي «خەمسە» سىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، يەنى بەشىنچىسى- «ئىسكەندەرنامە» ئىدى. «نىزامىي بۇ داستانىنى ھاياتىنىڭ ئاساسىي مەھسۇلى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن» (99) .

ئالېكساندىر ماكېدونىسكىي ھەققىدە ئۇنىڭ يۈرۈشلىرىگە قاتناشقان پتولېمېي، ئارىستوبۇل، كاللىسفېنلار؛ ئېللىنىزم دەۋرىدە ئانتىكلىد ئافىنسكىي، نىمفىس ھېراكلېيسكىيلار؛ رىم دەۋرىدە فلاۋىي ئاررىئان، پلوتارخ، لۇكىئان، كۇرسىي رۇف، دىئادارلار تەرىپىدىن تارىخىي، بىئوگرافىك، جۇغراپىيىلىك ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر يارىتىلغان. شەرقتە نىزامىغىچە ياشىغان تەبەرى، بەيھەقى، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، بىرۇنى قاتارلىق مۇئەللىپلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئالېكساندىرغا تالاي سەھىپىلەرنى ئاجراتتى (100) .

نىزامىي «ئىسكەندەرنامە» نى يېزىشتا تارىخىي يازما مەنبەلەر بىلەن خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرگە تەڭلا مۇراجىئەت قىلدى. ئۇنى قىزىقتۇرغىنى ئىسكەندەرنىڭ سىياسىي تارىخى ئەمەس، بەلكى غايىۋىيلەشكەن ئىسكەندەر ئوبرازىدا ئەكس ئېتىدىغان غايىۋى جەمئىيەت ئىدى. «ئىسكەندەرنامە» ئىككى قىسىمغا- «شەرەپنامە» ۋە «ئىقبالنامە» گە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئالدىنقى قىسىمدا، ئىسكەندەر يىراققا يۈرۈش قىلغان بىر جاھانگىر ئەمەس، بەلكى مىسىردىن ھىندىستانغىچە بولغان شەرق ئەللىرىنى

زۇلۇمدىن، ئۇرۇش- ماجىرالاردىن خالاس قىلغۇچى، ئادالەتنى ياقلاپ خەلققە ئاسايىشلىق بەرگۈچى شاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

«ئىسكەندەرنامە» نىڭ ئىككىنچى قىسمى- «ئىقبالنامە» دە شائىر نىزامىنىڭ غايىۋى تەسەۋۋۇرى تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئىسكەندەر ۋەتىنى رۇمغا قايتىدۇ ۋە ئىران، ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن كىتابلارنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئۆز ئوردىسىغا ئارىستوتېل، سوقرات، ئەپلاتون، ۋەلىس، ھەرمىس قاتارلىق ئالىملارنى توپلاپ ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. ئاندىن ئىسكەندەر يۈز مىڭ لەشكەر توپلاپ، يىراققا يۈرۈش قىلىدۇ. ھەر تەرەپتىكى ئەللەرگە بارىدۇ. يەجۇج- مەجۇجىلەرنىڭ يولىنى توسۇغۇچى «سەدد» (تام) قۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئىسكەندەر گۈللەپ- ياشنىغان، باي- كەمبىغىلى بولمىغان، زۇلۇمدىن خالىي، ئادالەت ياقلانغان، ھەممە بەختىيار ياشايدىغان بىر مەملىكەتكە كېلىدۇ. بۇ يەردە كېسەللىك ۋە ئازاب- ئوقۇبەت بولمايدۇ. كىشىلەر پەقەت قېرىلىق يەتكەندە ئاندىن ئۆلىدۇ. . . ئىسكەندەر ئاخىرى بەختىيار بىر جەمئىيەتنى تاپىدۇ ۋە قايتىشىدا شەھرىزۇردا ۋاپات بولىدۇ. . .

دېمەك، نىزامىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئىسكەندەر شەرقچە ئۇتوپىيىنىڭ مەنزىرىسىنى يارىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» تە ياراتقان «ئادالەت، قانۇن ۋە بىلىم ئارقىلىق دۆلەت ئىدارە قىلىنىدىغان» غايىۋى جەمئىيىتى نىزامى ئىجادىدا .ئىسكەندەر ئوبرازىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، نىزامىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى شەرقچە ئۇتوپىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان ئىسكەندەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 334-323- يىللىرى ئارىلىقىدا شەرققە قىلىچ ئويىنىتىپ كەلگەن ئالېكساندىر ماكېدونىسكىدىن تۈپتىن پەرقلىنەتتى. ئۇ، غايىۋىلەشتۈرۈلگەن ئىسكەندەر ئوبرازى ئارقىلىق شەرق ئۇتوپىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىدېئال ھاكىم، پەيلاسوپ شاھ ۋە ئاسايىشلىق ئەلگە باش بولغۇچى دانىشمەن پادىشاھ سىماسىنى يارىتالىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزامى گەنجىۋى، ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى ۋە ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىقلار ياراتقان شەرقچە ئۇتوپىيە، خرىستىيان ياۋروپاسى ئويغانغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن كامپانىلانىڭ «قۇياش شەھرى»، توماس مورنىڭ «ئۇتوپىزم»، سېنسىمون، فۇرىي، ئوۋېن قاتارلىقلارنىڭ «خىيالىي سوتسىيالىزم» قاتارلىق غەربچە ئۇتوپىيىسىدىن كۆپ بالدۇر ئىدى. شۇڭا شەرقشۇناس ئالىم، ئاكا دېمىك ئى. ئا. ئوربېلى: «نىزامى ئالېكساندىر ھەققىدىكى داستانغا ئېپىزوت سۈپىتىدە ئاجايىپ ئۇتوپىك جەمئىيەت تەسۋىرىنى كىرگۈزدى ۋە توماس مور، كامپانىللا غايىلىرىدىن بىر قانچە ئەسىر بالدۇر ئېيتتى» (101) دەيدۇ.

نىزامىدىن كېيىن، شەرقچە ئۇتوپىيىنىڭ راۋاجى ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى (1253-1325) نىڭ «خەمسە» سىگە كىرگۈزۈلگەن «ئىسكەندەر زۇلپىقارى» دا يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. لېكىن ئۇنى ھەقىقىي مۇكەممەللىككە يەتكۈزگەن شەخس تۈركىي خەلقلەرنىڭ XV ئەسىردىكى بۈيۈك شائىرى، مۇتەپەككۇرى ئەلىشىر نەۋائىي ئىدى.

نەۋائىي «سەددىي ئىسكەندەر» نى يېزىشتا نىزامىدىن بۇيانقى شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئىران تارىخىنى ۋە خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئىسكەندەرگە ئائىت قىسسىلەرنى تىرىشىپ ئۆگەندى ۋە ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ بولغان ئۇتوپىك جەمئىيەتنىڭ كارتىنىسىنى سىزىپ چىقماقچى بولدى. نەۋائىي ياراتماقچى بولغان غايىۋى جەمئىيەت، ئىران باياۋانلىرىدىن تارىم چوڭقۇرلۇقلىرىغىچە بولغان تېرىتورىيىدىكى خەلقلەر ئىنتىلىۋاتقان شەرقچە ئۇتوپىيە ئىدى. . . داستاندا تەسۋىرلىنىشىچە، پادىشاھ ئىسكەندەر بىر يۇرت ياكى بىرەر مىللەتنىڭ ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل يەر يۈزىنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئۇ ئىستىبلاچىلىق ۋە مۇستەبىتلىكنى ئەمەس، بەلكى بىلىم، ئادالەت ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان، تىنچ ۋە ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرگەن، خەلق باياشات بىر غايىۋى جەمئىيەتنى ئىزدىگۈچى ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ، قىرۋان دېگەن جايغا سورۇقچۇلۇق كەلتۈرۈۋاتقان يەجۇج- مەجۇجىلەردىن مۇداپىئە كۆرۈپ، خەلقنى تىنچ ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن قەبىلە ۋە تائىپىلەردىن مىڭلىغان ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، غايەت زور سېپىل سالدۇرىدۇ:

كى نەچچە مىڭ ئۇستادۇ سەنئەتكارى،
تامام ئەتتىلەر سەددىي ئىسكەندەرى.

دەرۋەقە، يەجۇج- مەجۇجىلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ غايەت زور سېپىل ئۆز مەنىسى بىلەن شەرقچە غايىۋى جەمئىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان- ئىسكەندەر سېپىلى ئىدى. خۇددى نەۋائىي «تارىخى مۇلكى ئەجەم» ناملىق تارىخىي ئەسىرىدە ئېيتقاندەك، ئىسكەندەر ئىلىم- مەرىپەتنى سۆيىدىغان ئادالەتلىك پادىشاھ ئوبرازىدا پۈتكۈل شەرققە تونۇلغانىدى: «. . . ھەر تەقدىر بىلە ئىسكەندەر پادىشاھى ئەردىكىم، ئاندىن بۇرۇنقى ۋە سوڭغى سەلاتىن بۇگۇنگەچە ئول قىلغان ئىشنى قىلمادىلەر. ھەم ھەكىم ئەردى، ھەم ۋالىي. بەزى ئانىڭغە نۇبۇۋۋەت ئۇستادى ھەم قىلىپتۇرلەر. تۆرت يۈز ھەكىم ئانىڭ خىزمەتىدە ئەردىلەر. ئەفلاتۇن ئىلاھىي باشلىغ ۋە ئەرەستۇدەك ۋەزىرى بار ئەردى. سېكىز مىڭ شاھ ۋە شاھزادە خىزمەتىنى قىلۇر ئەردىلەر. . . » (102).

دېمەك، نەۋائىي قەلىمى ئاستىدىكى ئىسكەندەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تەلپۈنگەن غايىۋى جەمئىيەتنىڭ مۇجەسسەمى ئىدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئىسكەندەر سېپىلىدا ئىپادە قىلىنغان شەرقچە ئۇتوپىيە ياۋروپا ئويغىنىشىدىن كېيىنكى ئىنسانىيەت تەپەككۇر ئىنقىلابىغىمۇ مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

## بەشىنچى دىئالوگ:
## شەرقچە تراگېدىيە- ئاشىق- مەشۇقلار قىسسىلىرى

www.uyghurkitap.com

خىسراۋ: نېدۇر ساڭا ئالەمدە پىشە ؟
پەرھاد: ئىشىق ئىچرە مەجنۇنلۇق ھەمىشە.
خىسراۋ: جانىڭغە بۇ ئىشدىن ئەلەم بار.
پەرھاد: ئىشىق ئىچرە جاندىن كىمگە غەم بار! ؟
— نەۋائىي: «پەرھاد- شىرىن»

ئىنسان سەنئەتنى ياراتتى. سەنئەت ئۆز نۆۋىتىدە ئىنساننى مەڭگۈلۈك مەقسەت قىلدى. ئىنسان يارىتىلغان ئەشۇ يىراق نۇرلۇق سەھەردىن باشلاپ ئۇلارنىڭ سەنئىتىمۇ پەيدا بولغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مۇھەببەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا سەنئەتمۇ پۈتمەس- تۈگىمەس يوشۇرۇن ئېنىرگىيىگە ئىگە بولغان. ئادەمئاتا بىلەن ھاۋا ئانا «چەكلەنگەن مېۋە»نى يەپ ئۆز يالىڭاچلىقلىرىدىن ئۇيالغىنىدا، جەننەتتىن ھەيدىلىپ زېمىندىن ئىللىق تۇپا ھىدىنى تۇنجى قېتىم پۇرىغىنىدا، ئەنجۈر ياپراقلىرى بىلەن ئۇياتلىق يەرلىرىنى توساشقا باشلىغىنىدا، رەڭدار ئۈپۈقنى كۆرۈپ، زۇمرەتتەك كۆكۈش دېڭىزنىڭ تىنىقىنى ئاڭلىغىنىدا ئۇلارنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئويغانغان. . . شۇندىن باشلاپ سەنئەت مۇھەببەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى.

دەرۋەقە، مۇھەببەت- ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى. ئەلمىساقتىن بۇيان سەنئەت ئادەمئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن باشلانغان ئىشقىي- مۇھەببەتنى كۈيلەپ كەلدى. بولۇپمۇ شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن داستانچىلىق ژانىرى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. شۇنىسى ئېنىقكى، شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ قەلىمىدە يۈكسەك بەدىئىي كامالەتكە يەتكەن ئاشىق- مەشۇقلار ھەققىدىكى داستانلار يازما ئەدەبىياتقا كىرىشتىن ئاۋۋال ئۇزاق زامانلار خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن- ئېغىزغا تارقىلىپ كەلگەنىدى. يەنە كېلىپ بۇ ھەقتىكى ھېكايە- رىۋايەتلەر مەلۇم بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپ، قەبىلە- قەۋم ياكى مىللەت ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەرەب سەھرالىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا قىشلاقلىرىغىچە بولغان ئۇزاق تېررىتورىيىدىكى خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغانىدى.

شەرق دۇنياسىدا جۈملىدىن ئىسلام شەرقىدە ئىشقىي- مۇھەببەت تېمىسىدىكى قىسسە ۋە داستانلارنىڭ كەڭ تارقىلىشى بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي تەسەۋۋۇرى، پسىخىك قۇرۇلمىسى ۋە تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدا تەكرار- تەكرار يېزىلىپ، ئاۋام خەلققە تونۇلغان «پەرھاد- شىرىن»، «لەيلى- مەجنۇن»، «غېرىب- سەنەم» داستانلىرىدىن باشقا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئىشقىي- مۇھەببەت ھەققىدىكى ھېكايە- چۆچەكلەرنىڭ سانسىزلىغان ۋارىئانتلىرى شەرق ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل ئەنئەنىۋى بەدىئىي فورمىنى شەكىللەندۇردى. «مىڭ بىر كېچە»نىڭ ئەڭ گۈزەل سەھىپىلىرى خەلىپە قەسرى، شەھەر سارايلىرى ۋە تۆۋەن قاتلام تۇرمۇشىدىكى ئىشقىي- مۇھەببەت ھېكايىلىرىدە مەزمۇن تاپتى.

شۇنىسى ئېنىقكى، قۇرغاق ئىقلىمدا ياشىغۇچى قۇملۇق خەلقلىرىنىڭ ھېس- ھاياجانغا نىسبەتەن فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىك سەزگۈسى ئالاھىدە كۈچلۈك كېلىدۇ. چۆل بىلەن بوستانلىق ئوتتۇرىسىدىكى تىنىمسىز ھايات يېتىلدۈرگەن چاڭقاق ۋە قۇرغاق ئىسسىق ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى دولقۇنسىمان پسىخىك ھالەتنى ھاسىل قىلغان. ئۇلاردىكى ئاسان غىدىقلىنىدىغان ۋە سەزگۈرلۈك ئۈستىگە قۇرۇلغان پسىخىك تىندۇرما ئۆزىنى ئەڭ نەپىس تۇيغۇ ئارقىلىق تىل ئىمكانىيىتىدە ئىپادىلىنىشنى ئىزدىگەن. شۇڭا شەرق شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي كامالىتى بولغان ئىشقىي شېئىرىيەت ئەرەب سەھرالىرىدىن تەكلىماكان گىرۋەكلىرىگىچە بولغان قۇرغاق، ھۆل- يېغىنسىز چۆل- جەزىرىلەر بىلەن كىچىك بوستانلىقلار ئۆز- ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئىچكى ئاسىيادا تەرەققىي قىلغانىدى. «بۇ يەردىكى قۇياش نۇرىنىڭ تونۇردەك قىزدۇرۇشى بىلەن سۇسىز چۆللۈكلەرنىڭ ئالۋۇندەك يالىلدىشىدىن شەكىللەنگەن زېرىكەرلىك ھايات ئۇلارنى شېئىرىي تۇيغۇغا باي، ھېسسىياتچان، تىل سەنئىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ چاڭقىغان روھىي دۇنياسىغا تەسەللىي تېپىشقا ئۈگەتكەن» (103). ئاكىلىرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلانغان يۇسۇپنىڭ كەنئان چۆللۈكلىرىدىن مىسىرغا ئېلىپ بېرىلىپ قۇللۇققا سېتىلىشى؛ باش ۋەزىرنىڭ خوتۇنى زۇلەيخانىڭ يۇسۇپنىڭ پىراقىدا قىرىق يىل كۆيۈشى؛ يۇسۇپنىڭ ئۆز جامالىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئاچارچىلىقتا قالغان مىسىر خەلقىنى قۇتقۇزۇشى؛ ئاللاتائالانىڭ قىرىق ياشلىق زۇلەيخانى ئون سەككىز ياشلىق گۈزەل قىزغا ئايلاندۇرۇپ يۇسۇپكە جورا قىلىپ بېرىشى . . . پەقەت ئاسىيا چۆللۈكلىرىدىكى زېرىكەرلىك ھاياتقىلا خاس بولغان شەرقچە رومانتىكا ئىدى. «يۇسۇپ- زۇلەيخا» ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەتلەرنىڭ «قۇرئان» سۈرىلىرىدە ئورۇن ئېلىشى، ئۇنىڭ پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىغا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىغا ئاساس بولغان. مۇھەببەت قىسسىلىرىگە سىڭگەن شەرقچە رومانتىكا تۆگە كارۋىنى، كولدۇرما ساداسى ۋە باش- ئاخىرى يوق سۈررەڭ قۇملۇق ئارقىلىق خاراكتېرلىنىدىغان بەدىئىي ئىجادىيەتتە پۈتمەس- تۈگىمەس ئېنېرگىيە بولغانىدى. خۇددى «ئەرەب ئەدەبىياتى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى خامىلتون. ئا. گىببى ئېيتقاندەك: «يىل بويى ئۆزگەرمەيدىغان تەبىئىي مۇھىت ئۇلارنىڭ ئادىتى، ئىدىيىسى ۋە تىلىنى شەكىللەندۈرگەن. توختىماي تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ھادىسىلەر ۋە تاسادىپىي ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرغان ۋە ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشى ھەم ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەكس ئەتكەن» (104).

شۈبھىسىزكى، چۆل- چۆللۈك خەلقلىرىنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە پسىخىك خاھىشىنى شەكىللەندۈرگەن مۇھىم بىر تاشقى ئامىل. چۆل خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ئۆز مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا قۇملۇق بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. يەھۇدىي، ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. «سۆز ئېتىمولوگىيىسىدىن قارىغاندا، ئەرەب (Arab) قەدىمكى سېمىت تىلىدىكى نام بولۇپ، مەنىسى قۇملۇق ياكى قۇملۇق خەلقى دېگەننى بىلدۈرەتتى»

www.uyghurkitap.com

(105) . ئەنە ئاشۇ ئۇزاقتا سوزۇلغان ئاسىيا چۆللۈكلىرىدە قۇم بارخانلىرىنى قۇچاقلاپ، قۇياشنىڭ تونۇردەك تەپتىگە كۆنۈكۈپ، يىراق غايىۋى مەنزىرىلەرگە ئىنتىلىپ ياشاۋاتقان ئىسسىق مىزاج (خىلىت) لىق كىشىلەر ئاشىق- مەشۇقلار ھەققىدە ئاجايىپ گۈزەل رىۋايەتلەرنى توقۇشتى. ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان تۆگە كارۋانلىرى بۇ رىۋايەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ كولدۇرما سادالىرىغا قوشۇپ يىراقلارغا ئېلىپ كېتىشتى. ئىسلامىيەت ئورتاق ئېتىقاد سۈپىتىدە پۈتكۈل غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ تۈردىكى رىۋايەت ۋە چۆچەكلەرنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. نەتىجىدە X ئەسىردىن كېيىنكى پارس ۋە تۈركىي شېئىرىيىتىدە ئاشىق- مەشۇقلارنى تېما قىلغان مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ ئالتۇن دەۋرى يېتىپ كەلدى.

پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىغا تونۇلغان ئاشىق- مەشۇقلار قىسسىلىرى ئىچىدە «لەيلى- مەجنۇن» ، «پەرھاد- شىرىن» ، «غېرىب- سەنەم» قاتارلىق ئۈچ مەشھۇر داستان ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. يەنە كېلىپ بۇ داستانلاردا ئىپادە قىلىنغان تراگېدىيە يۈكسەكلىكى شەرق سەنئىتىدىكى تراگېدىك ئاڭنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى.

«لەيلى- مەجنۇن» داستانىنىڭ ئەسلى ۋارىئانتى خەلق ئارىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان گۈزەل رىۋايەت ئىدى. بەزى تەتقىقاتچىلار لەيلىنىڭ ئىشقىدا «مەجنۇن» بولغان قەيسنى رېئال شەخس دەپمۇ قارايدۇ. ھىتتى «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە، ئەرەب ئەدەبىياتىدا پلاتونچە مۇھەببەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان شائىر جەمىل (ئۆلۈمى مىلادى 701- يىلى) گە تەڭلىشەلەيدىغان كىشى «يېرىم ئەپسانىۋى تۈس ئالغان شەخس مەجنۇندۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى قەيس ئىبىن مۇراۋاھ بولۇپ لىرىك شېئىر- قوشاقچىلىقنىڭ ۋەكىلىدۇر. قەيس لەيلى ئىسىملىك قىزغا ئاشىق بولۇپ، مەجنۇنلۇق دەرىجىسىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن «مەجنۇن لەيلا» (لەيلىنىڭ مەجنۇنى) دەپ ئاتالغان» (106) دەپ يازىدۇ. ئىسلام دىنى ۋە ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ بۇ رىۋايەت ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ چىقىپ ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالدى.

«لەيلى- مەجنۇن» رىۋايىتىنى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن كىشى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىدۇر. ئۇ، «شاھنامە» دە لەيلى- مەجنۇن ھەققىدىكى رىۋايەتنى قوشۇمچە سيۇژىت سۈپىتىدە ئۆز ئەسىرىگە قوشىدۇ. فىردەۋسىدىن بۇرۇن «بۇ ۋەقە ئىبىن قۇتەيبەنىڭ ‹شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە كىتاب›، ئەبۇل فەراج ئەل- ئىسفاھانىينىڭ ‹مەجنۇن ھەققىدە ھېكايە›، ئەسرى ۋە ئەبۇ بەكىر ئەل- ۋالىبى تۈزگەن ‹دىۋانى مەجنۇن› دا خاتىرىگە ئېلىنغان» (107) . لېكىن بۇ سيۇژىتنى تۇنجى قېتىم يۈكسەك بەدىئىي كامالەتكە يەتكۈزگەن كىشى نىزامىي گەنجىۋىدۇر.

فىردەۋسىدىن نىزامىغىچە ئىككى يۈز يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. خەلق ئارىسىدا ۋە بەزى قەلەمكەشلەرنىڭ ئىجادىدا ئادەتتىكىدەك زىكرى قىلىنىپ كەلگەن بۇ رىۋايەت نىزامىنىڭ قەلىمى ئاستىدا پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا تونۇلدى. نىزامىي «خەمسە» سىگە كىرگۈزۈلگەن «لەيلى- مەجنۇن» ، «پەرھاد- شىرىن» قاتارلىق داستانلار كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان مۇشۇ تېمىدىكى مۇھەببەت داستانلىرىغا ئۈلگە بولدى. نىزامىنىڭ مەزكۇر داستانلارغا سىڭدۈرگەن بەدىئىي قۇۋۋىتى كېيىنكى قەلەمكەشلەرنى تاڭ قالدۇردى. شەيخ سەئدى (1208-1292) ، جالالىددىن رۇمى (1207-1273) ۋە ھاپىز شىرازى (1320-1389) قاتارلىق بۈيۈك شائىرلار بۇ بىر جۈپ ئاشىق- مەشۇقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى (1253-1325) ، ئابدۇراھمان جامى (1414-1492) ، ئەلىشىر نەۋائىيلار ئۆز «خەمسە» لىرىدە «لەيلى- مەجنۇن» ، «پەرھاد- شىرىن» داستانلىرىغا ئالاھىدە ئورۇن بەردى ۋە نىزامىغا يۇقىرى باھا بەردى. نەۋائىي: «نىزامىغا كىمنىمۇ سېلىشتۇرۇش مۇمكىن!؟» دەپ يازدى. بېرتېلس «نىزامىي خەمسەسى» نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە يازغان كىرىش سۆزىدە: «‹لەيلى- مەجنۇن› نىزامىي ئىجادىيىتىدە يۈكسەك پەللە ياراتتى. مەزكۇر داستان شەرقنىڭ ‹رومېئو- ژۇلىيېتتا› سىغا ئايلاندى شۇنداقلا ‹خىسراۋ- شىرىن› بىلەن بىرلىكتە قوشكېزەك ئاچا- سىڭىلدەك ئەسىرلەر بويى شەرق ئەدەبىياتىدا نۇر چېچىپ كەلدى» (108) . گېرمانىيە شائىرى گيۆتى ئۆزىنىڭ «شەرق- غەرب شېئىرلىرى توپلىمى» دا: «پەرھاد بىلەن شىرىن مۇھەببەت رىيازىتى ئىچىدە ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى، مەجنۇن بىلەن لەيلىنىڭ مۇھەببىتى تاكى ئۆلگىچە ئۆزگەرمىدى» (109) دەپ يازدى.

نىزامىدىن كېيىن «خەمسە» يازغانلار ئىچىدە ئەلىشىر نەۋائىي «لەيلى- مەجنۇن» داستانىنى يەنە بىر بالداق بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈردى. شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، نەۋائىينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى مۇھەببەت داستانلىرى ھەرگىزمۇ نىزامىي، دېھلىۋى ۋە جامىلار ئىجادىيىتىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ۋە تەكرارى بولماستىن، بەلكى يېڭىچە ماھارەت بىلەن تراگېدىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن قايتا ئىجادىيەتتۇر.

«پەرھاد- شىرىن» ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەتلەر ئەسلىدە VII ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىران خەلقى ئارىسىدا بارلىققا كەلگەندى ۋە خەلق ئىچىگە «خىسراۋ ۋە شىرىن» نامى بىلەن تونۇلغانىدى. بۇ رىۋايەتنىڭ مەنبەسى VII ئەسىردە ئۆتكەن ئىران ساسانىيلار خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى خىسراۋ پەرۋىزنىڭ نامى بىلەن باغلىنىپ، يۇقىرىقى نام بىلەن ئاتالغانىدى.

كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە بۇ رىۋايەت ئىسلام شەرقىدىكى نۇرغۇن قەلەم ئىگىلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. X ئەسىرگە كەلگەندە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى بۇ رىۋايەتنى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىردى. لېكىن فىردەۋسى پەرھاد ھەققىدە ھېچنېمە دېمەيدۇ.

بەلكى خىسراۋ بىلەن شېرىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى تەسۋىرلەيدۇ:

«. . . ئىران شاھى خىسراۋ ئوۋ قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە شېرىننى ئۇچرىتىپ، ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە شېرىنگە ئۆيلەنمەكچى بولىدۇ. لېكىن شېرىن ئېسىلزادىلەر نەسلىدىن بولمىغاچقا ئوردا ئەمەلدارلىرى شاھنىڭ ئۆيلىنىشىگە قارشى تۇرىدۇ. خىسراۋ توسالغۇلارنى يېڭىپ ئاخىرى شېرىنگە ئۆيلىنىدۇ. خىسراۋنىڭ ئالدىنقى خوتۇنى مەريەمدىن بولغان ئوغلى شىرۇيا شېرىننى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ، شېرىننى ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ. لېكىن شېرىن خىسراۋنىڭ قەبرىسى ئالدىدا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ. . . » (110).

دىمەك فىردەۋسى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتتا «خىسراۋ ۋە شېرىن» داستانىنىڭ ئىپتىدائىي سيۇژىتىنى يارىتىدۇ. X II ئەسىرگە كەلگەندە نىزامى ئۆزىنىڭ «خەمسە» سىدە «خىسراۋ ۋە شېرىن» داستانىغا ئالاھىدە ئورۇن بەردى. «نىزامى ياراتقان لىرىك داستان ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە كېيىنچە بۇ ژانىردا يارىتىلغان ئەسەرلەرگە تۈرتكە بولدى . . . لىرىك- ئېپىك داستان يېزىشنى مەقسەت قىلىپ يۈرگەن نىزامى قەدىمكى ئىران تارىخىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ دىققىتىنى ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خىسراۋ پەرۋىز (591-628) نىڭ ساداقەتلىك رەپىقىسى گۈزەل شېرىن ئوبرازى جەلپ قىلىدۇ. شېرىننىڭ نامى ۋىزانتىيە، سۈرىيە ۋە ئەرەب تارىخنامىلىرىدا ھەم تىلغا ئېلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايالنىڭ تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىگە شۈبھە يوق» (111). لېكىن مەيلى خىسراۋ ياكى شېرىن تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نىزامى قەلىمى ئاستىدا بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. نىزامى داستانىدا خىسراۋ، شېرىن ۋە پەرھادتىن ئىبارەت بەدىئىي ئوبرازلارنى ياراتتى ۋە بۇ ئوبرازلارنى مۇرەككەپ، ئەگرى- توقاي زىددىيەتلەر ئىچىگە قويدى. شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرى پەرھاد، خىسراۋ ۋە شېرىنلارنىڭ پاجىئەسىنى يۈرەكنى پارە- پارە قىلغۇدەك دەرىجىدە تەسۋىرلىدى. ئەسەرنىڭ خاتىمىسىدە پەرھاد شېرىنغا بولغان ساپ مۇھەببىتى ئۈچۈن خىسراۋنىڭ رەشك قىلىشى تۈپەيلىدىن ناھەق ئۆلۈپ كېتىدۇ. خىسراۋ ئوغلى شىرۇيا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. شىرۇيا شېرىننى ئەمرىگە ئالماقچى بولغاندا، شېرىن خىسراۋنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۆزىگە خەنجەر تىقىپ ئۆلۈۋالىدۇ. پۈتكۈل ئەسەر تراگېدىيە ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ.

X V ئەسىرگە كەلگەندە نەۋائىي قەلىمى ئاستىدا «پەرھاد- شېرىن» يېڭى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. فىردەۋسىدىن بەش ئەسىر، نىزامىدىن ئۈچ ئەسىر، ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋىدىن بىر ئەسىر كېيىن بۇ گۈزەل ماۋزۇغا بىزنىڭ بۈيۈك شائىرىمىز يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن مۇراجەت قىلدى (112). نەۋائىينىڭ قەلىمى ئاستىدا پەرھاد چىن شاھزادىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ئۇنىڭ ئەرمەن مەلىكىسى شېرىن بىلەن بولغان مۇھەببىتى ئاساسىي لىنىيە قىلىنىدۇ. خىسراۋ بولسا نامەرد تاجاۋۇزچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ ۋە پەرھاد- شېرىن پاجىئەسىگە سەۋەب بولىدۇ. نەۋائىيدىن كېيىن ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى پەرھادنى خوتەن شاھزادىسى، شېرىننى شەھرىيار مەلىكىسى دەپ تەسۋىرلەپ، كۈچادىكى «مىڭ ئۆي»لەرنى پەرھاد قازغان دېگەن سيۇژىتقا تەرەققىي قىلدۇردى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر، تۈرك، تۈركمەن، ئەزەربەيجان، ئۆزبېك خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارالغان «غېرىب- سەنەم» داستانى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر.

قويۇق شەرقچە تراگېدىيىگە ئىگە ئاشىق- مەشۇقلار ھەققىدىكى خەلق داستانلىرى ئوتتۇرا شەرقتىن تاكى تارىم ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدىكى خەلقلەر ئارىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى ۋە ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە «يەتتە ئاشىق- مەشۇق» دېگەن نام بىلەن ھەممىگە تونۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رايون خاراكتېرىگە ئىگە «بەھرام- دىلئارام»، «ھۆرلىقا- ھەمراجان»، «ۋامۇق- ئۆزرا»، «مەھزۇن- گۈلنىسا»، «رابىيە- سەئىدىن»، «تاھىر- زۆھرە» قاتارلىق ئاشىق- مەشۇقلار ھەققىدىكى قىسسە- داستانلار مۇھەببەت تراگېدىيىلىرى بىلەن سۇغۇرۇلدى.

دەرۋەقە، تراگېدىيە- سەنئەتنىڭ بىر خىل يۇقىرى شەكلى. شەرق ئەدەبىياتىدا ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى ئارقىلىق يۇقىرى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەت ياراتقان تراگېدىيىلەر نېمە ئۈچۈن ئەسىرلەر بويى خەلق ئىچىدە شۇنچە زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، شەرق سەنئىتى تراگېدى يۈكسەكلىكى ئارقىلىق بەدىئىي سەنئەتتىكى بىر خىل يۇقىرى دەرىجىلىك ئېستېتىك گۈزەللىكنى ئىپادە قىلغان. شەرق دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان ئاشىق- مەشۇقلار قىسسىلىرىدىكى ئاشۇ پاجىئە بىلەن سۇغۇرۇلغان مىسلىسىز تراگېدىك زوق ئىچىدىن ئادەم ئۆز ئۆزىنى ئويغىتىدۇ. ئەسلى ئۆزىدە ئەزەلدىن بار بولغان، ئەمما بىۋاستە ھېس قىلىنمايدىغان، ئىنساننىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببەتلىك چۇقانغا يېڭى مەزمۇن قوشىدۇ. سەنئەت مانا مۇشۇنداق تراگېدىيىنى بەدىئىي يول بىلەن ئىپادە قىلىش ئارقىلىق ئىنساندىكى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ھاياتلىق ئېنېرگىيىسىنى قېزىپ چىقىرىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. تراگېدىيە مەنزىرىسى ئادەمنىڭ پىنھان روھىي دۇنياسىنى لەختە- لەختە قىلىپ، مەنىۋىيەتتە مىسلىسىز ئازابلىق زىلزىلە قوزغايدۇ. ئادەم تراگېدىك زوق ئىچىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان قىسقا دەقىقە ئىچىدە بۇ دۇنيانىڭ جىمى رىيازەتلىرىنى بىراقلا سىلكىپ تاشلىۋېتىپ، ھاياتقا يېپيېڭى مۇھەببەت بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. كلاسسىكلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان شەرقچە مۇھەببەت تراگېدىيىلىرى بەدىئىي سەنئەتتىكى ئاشۇ خىل روھنى ئىپادە قىلغان.

## ئالتىنچى دىئالوگ:
## تەسەۋۋۇپ: ئىنسان بىلەن خۇدانىڭ ئارىلىقىدا

www.uyghurkitap.com

«ئادەم پەقەت ئۆزىنى بىلگەندىلا ئاندىن رەببىنى بىلەلەيدۇ.» (113)

— پەرىدىدىن ئەتتار

«ئاياسىزجان تىكىپ ھەرلەھزە ئىزدەيسىز ئىلاھىنى،
ئۇنى ئىزدەشكە نە ھاجەت، ئىلاھى- سىز، ئىلاھى- سىز!» (114)

— جالالىددىن رۇمى

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇش ۋە ئىختىرا قىلىش تارىخىدۇر. يىراق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا ئىنسانىيەت ئەجدادلىرى ئادەمدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك سىرنىڭ مەزمۇنىنى يېشىشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى. يۇنان دەۋرىدە «ئادەم» تېمىسى پەيلاسوپ- ھەكىملەرنىڭ تەپەككۇر ئوبيېكتىغا ئايلاندى. سوقرات: «تەپەككۇرسىز ھايات- ياشاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ. ئۆزۈڭنى تونۇ!» (115) دەپ خىتاب قىلسا، ئۇنىڭ شاگىرتى پلاتون: «بىز سىرتقى دۇنيانى بىلسەكمۇ، لېكىن ئۆزىمىزنى تەستە تونۇيمىز» دەپ كۆرسەتتى. يۇنان- رىم دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ياۋروپانىڭ ئىنسان ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى تاكى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگە قەدەر بىر ئىزدا توختاپ قالدى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر چىركاۋ پەلسەپىسىنىڭ دېدىكىگە ئايلاندى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ياۋروپا غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆمگەن ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىردە، شەرق ئىسلام پەلسەپىسى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى. بەزى شەرقشۇناسلار بۇ دەۋرنى «شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى» دەپ ئاتىدى. ئاكادېمىك ن. پ. كونراد «غەرب ۋە شەرق» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازدى: «ئويغىنىش دەۋرى ئىتالىيە خەلقى تارىخىغىلا تەئەللۇق بولۇپ قالمىسا كېرەك. .. ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىمالىي، غەربىي ھىندىستان تارىخىدا IX - XII ئەسىرلەرنى، ياۋروپا تارىخىدا XIV - XVI ئەسىرلەرنى شۇنداق دەۋر دەپ ھېسابلاش مۇمكىن» (116). ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئىسلام پەلسەپىسى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ چۈشكۈنلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن يۇنان دەۋرىدىن قالغان تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگە كەلگەندە ياۋروپاغا قايتۇرۇپ بەردى. تېخىمۇ توغرىراقى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام پەلسەپىسى قەدىمكى يۇنان دەۋرىنى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگە ئۇلىدى. خۇددى فىلىپ ھىتتى ئېيتقاندەك: «ئەرەبلەرنىڭ قورغىنى بىر ئىمپېرىيە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر خىل مەدەنىيەت ئىدى. ئۇلار دەجلە، ئېفرات، نىل دەريالىرى ھەم ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا بىر مەھەل گۈللەنگەن قەدىمكى مەدەنىيەتلەرگە ۋارىسلىق قىلدى. يۇنان- رىم مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلدى ۋە سىڭدۈردى. كېيىنچە ئۇلار بۇ مەدەنىيەتنى ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىغا تارقىتىپ، غەربنىڭ ئويغىنىشىنى تېزلەتتى ھەمدە ياۋروپانى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگە ئېلىپ كىردى. ئوتتۇرا ئەسىردە، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى ئەرەبلەر ۋە ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۆھپىسىگە سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ» (117).

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەرەب مەدەنىيىتى ياكى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى يالغۇز ئەرەبلەرگىلا تەئەللۇق مەدەنىيەت ئەمەس ئىدى. ئۆز دەۋرىدىكى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە كىرگەن ھەرقايسى خەلقلەر، جۈملىدىن پارسلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. خامىلتون. ئا. گىببى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازدى: «كلاسسىك ئەرەب ئەدەبىياتىغا تۆھپە قوشقانلار قان سىستېمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ مىللەتلەر بولۇپ، ئۇلار ئەرەب ئىستېلاچىلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۆز مىللەتلىرىنىڭ تىلى، ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ- ئادەتلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن ئىدىيە ۋە ئېتىقادنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى ۋە بارغانسېرى زورىيىۋاتقان ئەرەب مىللىتىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. يالغۇز پارسلارلا ئەرەبلەرنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكى ۋە ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي ۋە ئىرقىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالىغان» (118).

ئەرەب ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ ھەقىقىي زىلزىلىسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى پارسلار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارقىلىق ئىشقا ئاشقانىدى. ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىسلام كالامىزمى، تەسەۋۋۇپ ۋە مەدرىس پەلسەپىسىدىن ئىبارەت بىر قانچە تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تەسەۋۋۇپ ياكى سوپىزىم شەرق ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ گۈلتاجى ۋە يۈكسەك پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم بىلەن ئاللانىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مۇرەككەپ ئىزدىنىشلەر ۋە ئىنساننىڭ ئۆزى ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىمۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە مۇپەسسەل يورۇتۇلغانىدى. شۇڭلاشقا بەزىلەر تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى ئاللا، كائىنات ۋە ئىنسان پەلسەپىسى دەپمۇ ئاتىدى.

ئىسلام دىنى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ناھايىتى تېزلىكتە غەربتە ئىسپانىيىدىن شەرقتە ھىندى دەرياسى ۋادىسى ۋە تارىم ئويمانلىقىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئېتىقادىغا ئايلاندى. ئىسلام دىنى بىلەن تەڭلا مەيدانغا كەلگەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىمۇ بۇ رايونلاردا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنى بۇددىزم ۋە خرىستىيان دىنلىرىدىكى مىستىك تەلىماتلارغا باغلىدى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسىنى ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى دىنلاردىن ئىزدىدى. ئەمما شۇنى قەيت قىلىش زۆرۈركى، تەسەۋۋۇپ بىر خىل دىنىي پەلسەپە سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى ئاساسىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «قۇرئان» دىن ئالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئىبراھىم ھەققۇلۇۋ ئۆزىنىڭ «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت» ناملىق ئەسىرىدە: «شەرق تەسەۋۋۇپىدا بۇتپەرەسلىك، خرىستىيانلىق ئېلېمېنتلىرى مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئىلىم ساھەسىدە قايتا- قايتا ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەن. دەرۋەقە، يېڭى

پلاتونىزم پايلىرى ئۇنىڭدا مۇئەييەن دەرىجىدە ئورۇن ئالغان. لېكىن تەسەۋۋۇپنىڭ روھى-ئىسلامىي روھ» (119) دەپ يازىدۇ. گەرچە تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى ئومۇمىي خاراكتېر جەھەتتىن دىنىي مەۋقەنى ئىپادە قىلسىمۇ، لېكىن ئۆز نۆۋىتىدە ئۇمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى ۋە دۇنيانى بىلىش يولىدىكى بىر خىل ئىزدىنىشى ۋە ئالاھىدە تەپەككۇر شەكلى ئىدى. تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ مۇستەھكەم مەۋقەگە ئېرىشىشىدە بىبى رابىيە، ئەبۇ ھەمىد غەززالى، بايازىد بەستامى، ئىبن ئەرەبى، پەرىدىدىن ئەتتار، ئىبن رۇشىد، ئەبۇبەكىر شىبلى، مەنسۇر ھەللاجى، جالالىددىن رۇمى، يۇنۇس ئەمرە، خوجا ئەھمەد يەسەۋى، باھاۋىددىن نەقشىبەندى قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىم ۋە شائىرلارنىڭ ئەمگىكى ناھايىتى مۇھىمدۇر.

تەسەۋۋۇپ ئۆزىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنى ئەڭ ئالدى بىلەن «قۇرئان» دىن ئالغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. «سۈرە بەقەر» دە، ئاللا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتقاندىن كېيىن، ئەرشتىكى بارلىق مالائىكە- پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا باش ئېگىپ سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان. ئىبلىس (شەيتان) دىن باشقا بارلىق پەرىشتىلەر ئادەمگە سەجدە قىلغان. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئىسلام دىنىدا ئىنسان يارىتىلىشىدىنلا ئۇلۇغلانغان. «قۇرئان» 95- سۈرە 3- ئايەتتە: «شەك- شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق» دېگەن ئايەت بار. ئىسلامدىن ئوزۇق ئالغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى تەلىماتلىرىدا باشتىن ئاخىر ئىنساننى يۈكسەك ئورۇنغا قويىدۇ. ئىسلام مىستىسىزمىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان «ئىنسانىي كامىللىق» ئۇقۇمى «تەۋرات» تىكى خۇدا ئۆزىنىڭ شەكلىگە ئاساسەن ئادەمنى ياراتقان دېگەن ئۇقۇمدىن كەلگەن. مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ئاللا ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن ئادەم (يەنى تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالام) نى ياراتقان دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتتە، ئاللا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنى گەۋدىلەندۇرگەن، يەنى ئادەمنىڭ يارىلىشىدا ئاللا ماھىيەتلىرىنىڭ پۈتكۈل تەرەپلىرى نامايەن بولغان دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرەتتى. دەرۋەقە، ئىنساننىڭ ئىنسانىي كامىللىقى ئۇنىڭ ئاللانىڭ ئىلاھىيلىقى بىلەن بىرلىشىشىدە ئىشقا ئاشاتتى. مانا بۇ ئىبن ئەرەبى (1165-1240) نىڭ «ئىنسانىي كامىللىق» چۈشەنچىسى ئىدى (120). ئىبن ئەرەبى ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى «قۇرئان» نىڭ 15- سۈرە 29- ئايىتى ئارقىلىق دەلىللەيدۇ: «مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا، سىلەر ئۇنىڭغا باش ئېگىپ سەجدە قىلىڭلار». ئاللا ئۆزىنىڭ «روھى» نى تۇنجى ئىنسان- ئادەم ئەلەيھىسسالامغا پۈۋدەپ كىرگۈزگىنىدىن بۇيان، بۇ «روھ» ئۈزۈلۈپ قالماستىن بىر پەيغەمبەردىن يەنە بىر پەيغەمبەرگە ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەدتە «ئىنسانىي كامىل» لىققا ئېرىشكەندى (121). مەنسۇر ھەللاجى (857-922) دىن كېيىن، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ نامايەندىسى ئەبۇ ھەمىد غەززالى (1058-1111) مۇ ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ: «ئاللا ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشىتىپ ياراتقان» دېگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ (122). دېمەك، «قۇرئان» ۋە پەيغەمبەر ھەدىسلىرىدىن ئوزۇق ئالغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئىنسان بىلەن ئاللا ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى ئۆزئارا ئۇلاش ۋە ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرى ئۆزئارا قوشۇش ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. تەسەۋۋۇپ بۇ نۇقتىدا ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ ئۆزىگە مۇجەسسەملەشكەن ئۇلۇغلىقىغا مۇراجىئەت قىلدى. تەسەۋۋۇپنىڭ قارىشىچە، كائىناتتىكى باشقا شەيئىلەر ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تارقاق ياكى قىسمەن ھالدىكى تەجەللىسى (پارلاق كۆرۈنۈشى) بولۇپ، پەقەت ئىنسانلا ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تولۇق ۋە پۈتۈن ھالەتتىكى تەجەللىسى بولالايتتى. شۇڭا ئىنسان ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «نۇسخەئى ئەسرارى ئىلاھى» (ئاللا سىرلىرىنىڭ نۇسخىسى) بولۇپ، ئاللادىن ئىبارەت «ھۆسنى مۇتلەق» نىڭ چەكسىز گۈزەللىكى ئادەم ھۆسنىدە ئىپادە قىلىنغانىدى. شۇڭا ئاللانى بىلىش، تونۇش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسان ئۆزىنى تونۇشى ۋە بايقىشى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا جالالىددىن رۇمى ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ: «سەن ئىلاھىي سىرلارنىڭ نۇسخىسىدۇرسەن. ئالەمدىكى ھەرقانداق نەرسە سەندىن تاشقىرى ئەمەستۇر، سەن نېمىكى ئىزدىسەڭ ئۆزۈڭدىن ئىزدىگىن!» (123) دەپ يازىدۇ. تەسەۋۋۇپتا ئىنساننىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلىنىشى- دەل ئىنساننىڭ «نۇسخەئى ئەسرارى ئىلاھى» ، يەنى ئىنساننىڭ قەلبى ئاللا سىرلىرىنىڭ ماكانى بولغانلىقىدا ئىدى. شۇڭلاشقا ئىنسان ھەق (ئاللا) نى سىرتقى دۇنيادىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن ئىزدىشى كېرەك ئىدى. بۇ ھەقتە تۈرك تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى بولغان يۇنۇس ئەمرە (1240-1320) مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئىلىم ئىلىم بىلمەكتۇر،
ئىلىم ئۆزنى بىلمەكتۇر.
ئوقۇماقتىن مۇراد نە؟
كىشى ھەقنى بىلمەكتۇر (124)..

يۇنۇس ئەمرە يەنە ئۆز «دىۋان» ىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بۇ جاھانغا كەلمەستە مەشۇق بىلەن بىر ئىدىم،
قول ھۆۋەللا، سۈپەتلىك بىر نىشانسىز نۇر ئىدىم.
مەن كەلمىدىم دەۋا ئۈچۈن، مېنىڭ ئىشىم سۆيگۈ ئۈچۈن،
دوستىنىڭ ئۆيى كۆڭۈلدۇر، كۆڭۈللەر ئالغىلى كەلدىم.
ئىزدىدىم-يۇ ئىزدىدىم، يەر- كۆكنى ئىزدىدىم،
شۇنچە ئىزدەپ تاپمىدىم، تاپتىم ئىنسان ئىچىندە (125).

دېمەك يۇنۇس ئەمرەنىڭ ئىلىم بىلمەك ئۆزىنى بىلمەكتۇر دېگىنى ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئىنسان بىلەن ئاللانىڭ بىرلىكى قارىشىنى ئالغا سۈرگىنى ئىدى. چۈنكى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ نەزەرىدە: «ئىنساننى بىلمەك ئاللانى بىلمەك ۋە ئاللانى سۆيمەكتۇر. ئاللانى سۆيۈش بولسا ئۆز مەنىسى بىلەن يەنىلا ئىنساننى سۆيۈشتۇر. سۆيگۈ بىلەن ئىنسانلار بىر- بىرىگە باغلىنىدۇ ۋە بىر- بىرىگە قوۋۇنىدۇ. ئىنساننى

ئىنسان ئەتكەن سۆيگۈدۇر» (126). يەنە بىر تەرەپتىن يۇنۇس ئەمرەنىڭ شېئىرلىرىدىكى «كۆڭۈل» (يەنى قەلب) ئاللا سىرلىرىنىڭ ماكانى ۋە «ئاللانىڭ ئۆيى» (127) ئىدى. شۇڭا نەۋائىيمۇ ئۆزىنىڭ «لىسسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىدە:

ئۆز ۋۇجۇدۇڭنى تەفەككۇر ئەيلەگىل،
ھەر نە ئىزدەرسەن، ئۆزۈڭدىن ئىزدەگىن (128).

دەپ نىدا قىلىدۇ.

دېمەك تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە باشتىن- ئاخىر ئىنسان بىلەن ئاللانىڭ مۇناسىۋىتى ۋە بىرلىكى تىلغا ئېلىنغان ۋە پەۋقۇلئاددە مۇھاكىمە ئوبيېكتىغا ئايلانغان. تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىدىن قارىغاندا، ئىنسان ئاللا ياراتقان جىمى مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئۇلۇغ ئىجادىيەت ئىدى، شۇنداقلا كائىناتتىكى جىمى سىرلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۈيۈك «كىتاب» ئىدى. ئىنساننىڭ ئىنسانىي كامىللىقى ئۇنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك دەرىجىدە بىلىشى ۋە تونۇشىدا ئىشقا ئاشاتتى. ھەتتا جالالىددىن رۇمى:

گەر كۆرۈنۈشتە بولساڭمۇ «ئالەمى ئەسغەر»،
ھەقىقەتتە سەندۇرسەن «ئالەمى ئەكبەر» (129).

دەپ يېزىپ، كائىناتنى «ئالەمى ئەسغەر» (كىچىك- مىكرو ئالەم)، ئىنساننى بولسا «ئالەمى ئەكبەر» (چوڭ- ماكرو ئالەم) دەپ قارىدى ۋە جىمى كائىنات سىرلىرىنىڭ ئىنسان قەلبىگە مۇجەسسەملەشكەنلىكىنى تەكىتلىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ھەدىسلىرىدىن بىرىدە «ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» دېگەن سۆزگە ئاساسلىنىپ، غەززالى ئۆز قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. غەززالىنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ ھەنىۋا بىلىش ۋە تونۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئەڭ ئالدى بىلەن «ئۆزىنى بىلىش»تىن باشلىناتتى. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ساڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭدىنمۇ يېقىن نەرسە بارمۇ؟ ئۆزۈڭگە ئەڭ يېقىن بولغان ئۆزۈڭنى بىلەلمىسەڭ، ئۆزۈڭدىن تاشقىرىقى نەرسىلەرنى قانداق بىلەلەيسەن؟» (130). دېمەك، دەسلەپكى مۇتەسەۋۋۇپلار ئۆز تەلىماتلىرىدا ئىنسان بىلەن ئاللانىڭ ئوتتۇرىسىدا زەررىچە ئارىلىقنىڭ يوقلىقىنى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بىردەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ ھەمدە بۇ قاراشلىرىنى «قۇرئان» دىكى «مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمەن» (50:16) دېگەن ئايەت بىلەن «مەشرىق بىلەن مەغرىب ئاللانىڭدۇر، سىلەر قايسى تەرەپكە بۇرۇلساڭلار، ئاللانىڭ يۈزىمۇ شۇ تەرەپتىدۇر» (8:58) دېگەن ئايەت ئارقىلىق دەلىللەيدۇ.

ئىنساننىڭ بىلىش جەريانىنىڭ سىرتقى دۇنيادىن ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يۈزلىنىشى ياكى ھەقىقىي يوسۇندىكى ئۆزىنى تونۇشقا ئۆتۈشى- بىلىش تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ئىدى. مانا مۇشۇنداق يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندىلا ئىنسان ئاندىن «فەنا» (يوقلۇق، ئۆزلۈكنى يوقۇتۇش) قايىنىمىغا كىرەلەيتتى ۋە ئۆزلۈكنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇپ ياكى ئۆزلۈكتىن ھالقىپ، بىردىنبىر مەۋجۇدلۇق بولغان- ئەسلى ۋۇجۇد (ھەق ۋۇجۇدى) غا قوشۇلۇپ كېتەلەيتتى. ئۆزلۈك يوقالغان، نەپسى ئۆلتۈرۈلگەن، ھەق ۋۇجۇدى بىلەن مەڭگۈلۈك بىرلىشىپ كەتكەن بۇ يۈكسەك باسقۇچتا «مەن» ئۇقۇمى مەۋجۇت بولمايتتى. بەلكى «مەن» ۋە «سەن»، ياكى ئاشىق بىلەن مەشۇق ئەمەلىيەتتە بىرگەۋدە، بىر ۋۇجۇدقا ئايلىنىپ كېتەتتى ۋە يۇسۇپ ئەمرەدەك: «بۇ جاھانغا كەلمەستە مەشۇق بىلەن بىر ئىدىم» دەپ نىدا قىلىدىغان بولاتتى.

ناھايىتى روشەنكى «فەنا»- تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى بىر خىل يۇقىرى باسقۇچ ئىدى. بۇ ئاتالغۇنى دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغان كىشى بايازىد بەستامى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەسلەپكى «ئىلاھىي ئىشق» تەلىماتىنىڭ راۋاجى ۋە تەرەققىياتى ئىدى. تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ دەسلەپكى يۇقىرى دولقۇنىغا ئۈچ مەشھۇر شەخس- جۇنەيد بەكرى، بايازىد بەستامى ۋە مەنسۇر ھەللاجىلار ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاتالمىش تەسەۋۋۇپنىڭ يۇقىرى پەللىسى- ئىنساننىڭ ئۆزلۈكىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاللا ۋۇجۇدىدا يېڭى ھاياتقا ئېرىشىشىدە مەزمۇن تاپاتتى. ئەنە ئاشۇ يېڭى ھاياتلىق ئىچىدە ئادەم ئۆزىدىكى بارلىق ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، «سۆيگۈ ۋەسلىگە يەتكەن كىشى» سۈپىتىدە ئاللا بىلەن ئەبەدىيلىك بىرلىككە ئىگە بولاتتى. مانا بۇ باسقۇچ جۇنەيد بەكرى ۋە بەستامىلار تەكىتلەۋاتقان «فەنا» باسقۇچى ئىدى (131).

بۇ باسقۇچ ئىنساننىڭ ھەق ۋۇجۇدىدا چەكسىزلىككە ئېرىشكەن باسقۇچى- يەنى چەكلىك ھاياتلىقتىن چەكسىز ھاياتلىققا، ئۆزلۈك ئالەمدىن ئۆزلۈكسىزلىك ئالەمگە ھالقىغان باسقۇچى ئىدى. ئىنسان «فەنا» ئارقىلىق نەپسى- بالاغا چىرمالغان تەنىنىڭ قاراڭغۇ قەپىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ مەڭگۈلۈك روھىي پارلاقلىققا ئېرىشەلەيتتى. شۇڭا بەستامىنىڭ قارىشىچە، ئاللا پەقەت «بىر»لا بولۇپ قالماستىن، يەنە تېخىمۇ توغرىراقى «تەنھا بىر» دۇر ياكى «مۇتلەق تەنھا مەۋجۇدلۇق»تۇر. ئەگەر ھەرقانداق شەيئىگە ئاللانىڭ ئىشتىراكى بولمىسا، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ مۇمكىن بولمايتتى. شۇڭلاشقا روھ ئۆزىنىڭ «غەيرىي بارلىق»ىدىن پاك- پاكىز قۇتۇلغان، ئۆزلۈك ئۆزۈلكىسىل ئۆلتۈرۈلگەن ئاشۇ ئۇلۇغۋار دەقىقىدە «ئاللا» بىلەن «مەن» ئارىلىقىدا زەررىچە مۇساپە قالمايتتى شۇنداقلا مەڭگۈلۈك قوشۇلۇشقا مۇيەسسەر بولاتتى. ئادەم ئاللانىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالاتتى. بۇ چاغدا «مەن»نى كۆرگەنلىك، ئەمەلىيەتتە «ئاللا»نى كۆرگەنلىك ھېسابلىناتتى. بايازىد بەستامى بۇ ھالەتنى «فەنا ئەينىكى» ياكى تېخىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ «بىرلىك ئەينىكىدە يوقىلىش» (132) دەپ ئاتىدى ۋە بۇنى مۇنداق شەرھلىدى: «ئوتتۇز يىلدىن بۇيان، ئاللا مېنىڭ ئەينىكىم بولدى، لېكىن ھازىر مەن ئۆزۈمنىڭ ئەينىكى. بۇراق مەن ئاللىقاچان مۇتلەق يوقلۇق بولغاچقا، ئاللا ئۆز- ئۆزىنىڭ ئەينىكىدۇر. قاراڭ، مەن سۆزلەۋاتىمەن، بۇ يەردە ئاللا يەنىلا مېنىڭ ئەينىكىم، چۈنكى مېنىڭ تىلىمدىن چىقىۋاتقان سۆز ئاللانىڭدۇر. مەن بولسام ئاللىقاچان ئىز- تىزسىز يوقالغانمەن...» (133).

www.uyghurkitap.com

ئىلاھىي ئىشقىنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ، ئاللا ۋۇجۇدىدا مەست بولغان ئاشىقنىڭ تىلى «مەستلىك تىلى» ئىدى. بايازىد بەستامى بۇنى مۇنداق شەرھىلىدى: «. . . ئاللا مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆردى، مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزۈمنى كۆردۈم. نەتىجىدە مېنىڭ ئەكسىم ئاللا ۋۇجۇدىدا شۇئان يوق بولدى. مەن ئاللانىڭ نۇرى ئىچىدىن ئۆز نۇرۇمنى كۆردۈم. . . مەن ئاللادىن سورىدىم: ‹بۇ زادى كىم؟›، ئاللا دېدى: ‹بۇ مەن ئەمەس، شۇنداقلا مەن›. مەن ئاللا ئارقىلىق ئاللانى كۆردۈم، ئاللا ئارقىلىق ئاللانى بىلدىم . . . » (134) . بايازىد بەستامى ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئېغىزىدا كۈندە زىكرى قىلىنىپ تۇرىدىغان «سۇبھانائاللا» (شان- شەرەپ ئاللاغا مەنسۇپ) دېگەن سۆزنى «سۇبھانى» (شان- شەرەپ ماڭا مەنسۇپ) دەپ ئۆزگەرتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» (مەن خۇدا) دېگىنى بىلەن ئوخشاش ئىدى. مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» تەلىماتى ئۆز مەنىسى بىلەن بايازىد بەستامىنىڭ «فەنا» قارىشىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى. چۈنكى «فەنا» ئارقىلىق ئۆزلۈكتىن ۋاز كېچىپ، ھەق ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىنسان ۋۇجۇدى- ئاللانىڭ ۋۇجۇدى ئىدى. شۇڭا «سۇبھانى» ياكى «ئەنەلھەق» دېيىش، ئەمەلىيەتتە «خۇدا مەۋجۇت ئەمەس، مەنلا مەۋجۇت» دېگەن ئۇقۇمنى ئەمەس، بەلكى «مېنىڭ قەلبىم ئاللا بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، شۇنداق بولغاچقا مەن مەۋجۇت ئەمەس، ئاللا مەۋجۇت» دېگەن چۈشەنچىنى بېرەتتى.

«فەنا»، يەنى ئۆزلۈك ئېڭىنى يوقۇتۇش- تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ئەمەس ئىدى. ئۆزلۈك يوقالغان ۋاقىتتا، روھ ئاللانىڭ ۋۇجۇدىدا چەكسىزلىككە ئېرىشىپ «ماھىيەتلىك بىرلىشىش» كە ئىگە بولاتتى. شۇڭا تەسەۋۋۇپنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى «فەنا» (يوقلۇق) بولماستىن، بەلكى «بەقا» (مەڭگۈلۈك ھاياتلىق) ئىدى.

دەرۋەقە، تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ تاشقى پوستىغا قاراپلا، خۇددى ئۆز دەۋرىدىكى ئەھلى سۈننەت مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» سۆزىنى «خۇدالىق دەۋاسى قىلدى» دەپ خاتا چۈشەنگىنىدەك، ئۇنى قانداقتۇر «خۇدانى ئىنكار قىلغان ئاتېئىستىك پەلسەپە» دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇپ پېشۋالىرىنىڭ «ئىنساننى سۆيمەك ئاللانى سۆيمەكتۇر»، «ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» دېگەن قاراشلىرى قانداقتۇر «خۇدا مەۋجۇت ئەمەس، ئىنسانلا مەۋجۇت» دېگەن مەنىنى ئەمەس، بەلكى «‹مەن› (يەنى ئىنسان) ‹فەنا› ئارقىلىق ئۆزلۈكىنى تامامەن يوقۇتۇپ، ھەق ۋۇجۇدىغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا ‹مەن›، ‹سەن› دېگەن ئۇقۇملار مەۋجۇت بولمايدۇ. نەتىجىدە ئىنساننى سۆيۈش، ماھىيەتتە ئاللانى سۆيگەنلىك بولىدۇ» دېگەن چۈشەنچىنى ئالغا سۈرەتتى. شۇڭا تەسەۋۋۇپ باشقا دىنىي پەلسەپەلەردە بولمىغان ئىنسان ئۇلۇغلىقى تەلىماتلىرىنى ۋە بىر قىسىم ئىلغار ئىنسانپەرۋەر ئىدىيىلەرنى ئالغا سۈردى.

تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقى ۋە شىمالىي قىسمىدىكى رايونلار بىلەن ئىران ئېگىزلىكىدە رەسمىي بىر پەلسەپىۋى ئېقىم سۈپىتىدە شەكىللىنىشكە باشلىدى. X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئىران ۋە خوراسان رايونلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ ئوچىقىغا ئايلاندى. گەرچە تەسەۋۋۇپ ئەرەب ئىسلام پەلسەپىسى نامى بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي تەلىماتلىرىنى پارس مۇتەپەككۇرلىرى راۋاجلاندۇرغانىدى. شۇڭا ئىسلام سوپىزمىنى تەتقىق قىلغان فرانسۇز ئالىمى لوئىس ماسسىنون مۇنداق دەيدۇ: «پارس قان تىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىسىملىكى دائىم كىشىدە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەرەب تىلىدا تەپەككۇر قىلاتتى ۋە ئەسەر يازاتتى» (135) . ئەگەردە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان كلاسسىك شائىر ۋە مۇتەپەككۇرلارنى سانايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە جۇنەيد بەكرى، ئەبۇ سەئىد، سانائى، پەرىدىدىن ئەتتار، بايازىد بەستامى، مەنسۇر ھەللاجى، جالالىددىن رۇمى، غەززالى، بىبى رابىيە، ھاپىز شىرازى قاتارلىقلار پارسلاردىندۇر. X II ئەسىردىن كېيىن تەسەۋۋۇپنىڭ يۇقىرى پەللىسى پارسلاردىن تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا يۆتكەلدى. يۇنۇس ئەمرە، ئەھمەد يەسەۋى، ئەلشىر نەۋائىي قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىن تەرەققىياتىغىچە بولغان پۈتكۈل جەرياندا پارسلار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغان، تەسەۋۋۇپ ئىسلام ئويغىنىشىنىڭ غەربتىن شەرققە (دەمەشىق، باغداتلاردىن سەمەرقەنت، قەشقەرگە) سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ خوراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى شەرق ئىسلام تەپەككۇرىدا يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ ھالەتنى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ تەسۋىرلىدى: «ئىسلام شەرقىدىكى مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىدىن چىڭگىزخان ئىستىلاسىغىچە داۋام قىلىش جەريانىدا ھەرقايسى ئىسلام شەرق ئەللىرىدە ئوخشىمىغان باسقۇچ ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى بىلەن بىللە، ئومۇمەن ئۈچ ئاساسىي باسقۇچقا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئەرەب- ئىران مەدەنىيىتى ئاساسىدا، گرېكلار ۋە ھىندىستان قاتارلىق شەرق خەلقىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا باغداتنى مەركەز قىلغان ئاساستا باشلاندى. كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەرەب خەلىپىلىكى دۇنياسىدا تۇتقان ئورنىنىڭ كۈچىيىشى، خەلىپىلىكنىڭ نىسپىي ھالدا چۈشكۈنلىشىشىگە ئەگىشىپ بۇخارا- سەمەرقەنتنى مەركەز قىلغان ماۋارائۇننەھىردە داۋام قىلغان ئىككىنچى باسقۇچنى شەكىللەندۇردى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تىزگىنلىشى ۋە مەدەنىيەتتە گۈللەنگەن دەۋرگە قەدەم قويۇشى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن

www.uyghurkitap.com

بۇۋاستە رىقابەتكە چۈشۈشى، ھەتتا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «سەلتەنەت قۇياشى تۈركلەر بۇرجىدا جەۋلان قىلغان»، «زامان ئەھلىنىڭ تىزگىنى شۇلارنىڭ قولىدا» بولغان شارائىتتا ئىسلام شەرقىدىكى ئۇيغىنىش قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئۈچىنچى باسقۇچقا كىردى» (136).

دېمەك، ئەرەب سەھرالىرى؛ ئىران ئېگىزلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدا تەسەۋۋۇپ مۇھىم بىر پەلسەپۋى ئېقىم سۈپىتىدە شەرق تەپەككۇرىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى. گەرچە تەسەۋۋۇپ كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، بەدەخشاندىن تارىمغىچە بولغان رايونلاردا خوجا- ئىشانلار ۋە ئاتالمىش سوپىلار تەرىپىدىن سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن پايدىلىنىپ كېتىلگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇ ئەسلى ماھىيىتىدىن بىر خىل پەلسەپە ۋە ئىدىيە ئىنقىلابى ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسان سۆيگۈسى، ۋەھدەتى ۋۇجۇد ۋە ئىلغار ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى ئۆز دەۋرىدىكى باشقا ھەرقانداق دىنىي پەلسەپە ئوتتۇرىغا قويمىغانىدى. شۇڭا كۆپلىگەن ئالىملار بۇ دەۋرنى «شەرقنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىشى» ياكى «مۇسۇلمانلارنىڭ ئويغىنىشى» دەپ ئاتىدى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ياۋروپا ئويغىنىشىغا ئاساس ياراتتى، دەپ قارىدى.

## يەتتىنچى دىئالوگ:
## پارس ۋە تۈركىي تىلى ھەرىكەتتە

«مەن ئوتتۇز يىل جاپالىق ئىزدىنىپ پارس تىلى بىلەن ئىراننى قۇتقۇزۇۋالدىم»

- ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى «شاھنامە»

«بۇ تارىخنىڭ ياخشى ھەم يامان بارچە تەرەپلىرىنى بىلسۇن دەپ تۈركىي تىل بىلەن ئېيتتىم. بىر كەلىمە چاغاتاي تۈركىيدىن، فارسىيدىن ۋە ئەرەبىيدىن قوشمىدىم. روشەن بولسۇن دەپ، تۈركىي تىلىدا شۇنداق يازدىمكى، بەش ياشار ئوغلان ھەم چۈشىنەر. . . »

- ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك»

ياكوب گرىم: «بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ تارىخىدۇر. بىر مىللەتنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن ئۇستىخان- سۆڭەك، قەبرە- كېپەنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق بىر پاكىت باركى، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تىلىدۇر» (137) دەيدۇ. ھىتتى «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبىسى ئەمەلىيەتتە بىر تىلنىڭ غەلىبىسى، بولۇپمۇ بىر كلاسسىك دەستۇرنىڭ غەلىبىسى ئىدى» (138) دەپ يازىدۇ.

دەرۋەقە، تىل مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ بىرى. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر تاشلىساق، بىر ئەل ياكى بىر خەلقنىڭ مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋرى دەل ئۇلارنىڭ تىلىنىڭمۇ زور دەرىجىدە تاكامۇللاشقان دەۋرى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەپەككۇر تارىخىدىمۇ پارس ۋە تۈركىي تىللىرىنىڭ ئوينىغان رولى ھەقىقەتەن مۇھىمدۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى ئەرەبلەرنى تارىخ سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى، شۇنداقلا پۈتكۈل شەرق تارىخىنى يېڭى بىر دەۋرگە ئېلىپ كىردى. ئەرەبلەر سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى باشلىغان چاغدا، ئۇلارنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى ئىككى مەدەنىيەتلىك ئەل- شەرقتىكى ئىرانلىقلار بىلەن غەربتىكى ۋىزانتىيىلىكلەر بولغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ ئىران ساسانىيلار تېرىتورىيىسىگە يۈرۈش قىلىشى پەيغەمبەر ۋاپاتىدىن ئىككى يىل كېيىن، يەنى مىلادى 634- يىلى باشلاندى. 634- يىلى 26- نويابىردا ئىراقنىڭ ھىرا دېگەن يېرىدىكى جەڭدە ئەرەب قوشۇنلىرى پارسلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي تارمار قىلىندى. شۇندىن كېيىن ئەرەبلەر قاتتىق ھەربىي تەييارلىق قىلىپ، قايتا ھۇجۇمغا ئۆتتى. 637- يىلى مايىنىڭ ئاخىرلىرى ئەرەب قوشۇنلىرى پارسلارنىڭ دەجلە دەرياسىغا قۇرغان ئىستىھكامىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ شەرققە يۈرۈش قىلىش لىنىيىسىنى ئاچتى. شۇ يىلى ئىيۇندا ئەرەبلەر ساسانىيلار پايتەختى تەسفىننى ئىشغال قىلدى. پادىشاھ يېزدىگېرد III ئوردىنى تاشلاپ شەرقتىكى ئۆلكىلەرگە قاچتى. 651- يىلى پادىشاھ يېزدىگېرد III مەرۋى قېشىدىكى بىر تۈگمەندە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىلگىرى- ئاخىر بىر مىڭ ئىككى يۈز يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ئېچىنىشلىق ھالدا ھالاك بولدى (139). مۇشۇ دەۋرگىچە پارسلار پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى زور رول ئويناپ كەلگەنىدى. ئۇلار ياراتقان مەدەنىيەت ئەرەبلەرنىڭ قۇملۇق، تۆگە، چېدىر ۋە خورمىدىن ئىبارەت تۆتلا نەرسىدىن قۇرۇلغان سەھرا مەدەنىيىتىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى. خۇددى ھىتتى يازغاندەك: «ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئەڭ چوڭ پايتەختنىڭ ئىشغال قىلىنىشى، قاقاس چۆلدىكى ئەرەب ئاھالىلىرىنى ئۆز دەۋرىدىكى زامانىۋى تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئارامبەخش سارايلار بىلەن ئۇچراشتۇردى. پارس شاھىنشاھىنىڭ ھەشەمەتلىك كۆتۈۋېلىش زاللىرى، چىرايلىق ئەگمە دەرۋازىلىرى، گۈمبەزلىك قەسىرلىرى ۋە كۆزنى قاماشتۇرغىدەك بېزەكلىرى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەرەب شېئىرىيىتىدە كۈيلەندى . . . » (140). ئىران ئېگىزلىكىنىڭ ئەرەب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تولۇق ئىستېلا قىلىنىشى، ئەرەبلەرنىڭ تېخىمۇ شەرقتىكى رايونلارغا يۈرۈش قىلىشىغا ئاساس ياراتتى. ئەرەبلەر 710- 712- يىللىرى پەرغانە ۋادىسىنى ئىشغال قىلدى. تەبەرىي ۋە باشقا تارىخچىلارنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى قۇتەيبە 715- يىلى قەشقەرگىچە يېتىپ بارغان (141).

شۇنداق قىلىپ، ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىپ بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەرەبلەر غەربتە ئىسپانىيىدىن شەرقتە پەنجابقىچە بولغان كەڭ تېرىتورىيىدە ئۈچ قىتئەگە سوزۇلغان چوڭ ئىمپېرىيە قۇردى. ئىسلام دىنى بىلەن ئەرەب تىلى بۇ رايونلارغا تېزلىكتە ئومۇملاشتى. ئەرەبلەر ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۈملىدىن پارسلار، مىسىرلىقلار، يەھۇدىيلار، سۈرىيىلىكلەر، گرېكلار ۋە تۈركىي قەۋملەرنىڭ

مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ مەشھۇر ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنى ياراتتى.

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا پارسلارنىڭ رولى پەۋقۇلئاددە زور بولغانىدى. ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋال ئەرەبلەر تېخى قەبىلە ۋە ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدە ئاددىي چارۋىچىلىق ھاياتىدا ياشاۋاتقان چاغلاردا ئاخمانىيلار، ئارساكلار ۋە ساسانىيلار سۇلالىلىرىنى قۇرغان پارسلار ئاللىقاچان مۇكەممەل فېئوداللىق تۈزۈم شەكىللەندۈرۈپ، مەدەنىيەت جەھەتتە شەرق دۇنياسىدىكى بىر مەركەزنى ھاسىل قىلغانىدى. شۇڭا ئەرەبلەر پارسلارنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈملىرىنى ئەڭ ئالدى بىلەن پارسلارغا تەقلىد قىلىش ئاساسىدا قۇرۇپ چىقتى. ئابباسىيلار دەۋرىدە خەلىپە مەنسۇردىن خەلىپە ھارۇن رەشىدكىچە بولغان مەزگىللەردە باش ۋەزىر پارسلاردىن بولدى ۋە پارسلارنىڭ تەسىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ھەتتا بەزىلەر ئابباسىيلار خەلىپىلىرىنى «مۇسۇلمانلارنىڭ ساسانىيلار پادىشاھى» (142) دەپ ئاتىدى. «ئەرەب خەلىپىلىرى باغداتتا ساسانىيلارنىڭ خىسراۋ شەكلىدىكى ھۆكۈمەتلىرىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە پارسلارنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇ دەۋرلەردە پارسلارنىڭ باش كىيىمى، پارسلارنىڭ مەي- شارابلىرى، پارس ئاياللىرى ۋە ئاشنىلىرى، پارس ناخشا- كۈيلىرى ۋە پارسچە تەپەككۇر مودا بولغانىدى. . . شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، پارسلارنىڭ تەسىرى ئەرەبلەرنىڭ ئىپتىدائىي تۇرمۇش پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئىلىم- پەن ۋە ئىلمىي مۇلاھىزە بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان يېڭى ئېراغا داغدام يول ئاچتى. ئەرەبلەردە ئىككىلا نەرسە- دۆلەت دىنى بولغان ئىسلام دىنى بىلەن دۆلەت تىلى بولغان ئەرەب تىلىلا ساقلىنىپ قالدى» (143). «سەنئەت، قۇرۇلۇش، پەلسەپە، تىببىي ئىلىم، تەبىئىي پەن، ئەدەبىيات ۋە سىياسىي قاتارلىق جەھەتلەردە ئەرەبلەرنىڭ باشقىلارغا بەرگىدەك ھېچنېمىسى يوق ئىدى، بەلكى ھەممىنى باشقىلاردىن ئۆگەنگەنىدى» (144). «خەلىپە دەۋرىدە پارسلار ۋە مىسىرلىقلار يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان ئىسلام مۇرىتلىرى سۈپىتىدە ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەڭ ئالدىنقى سەپتە ماڭغانىدى» (145).

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئەرەبلەرنىڭ ئىراندىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاز كەم ئۈچ ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشتى. IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، ئىران تەۋەسىدە سەففارىيلەر (900-861)، بۇۋەييىلەر (1055-945) ۋە سامانىيلار (999-875) قاتارلىق يەرلىك خانلىقلار قۇرۇلۇپ ئاستا- ئاستا ئەرەبلەرنىڭ ئىراندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. لېكىن ئەرەب تىلى «قۇرئان» نىڭ تىلى بولغانلىقى ئۈچۈن دىنىنىڭ تىلى سۈپىتىدە ئەرەب ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدە ئورتاق تىل سۈپىتىدە رول ئوينىدى ۋە تېز ئارىدا ئومۇملاشتى. كېيىنىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، پارسلار گەرچە ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي ۋە ئىرقىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەرەب تىلىنى يەنىلا دىن تىلى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلغان. «پارس ئەدەبىياتى گۈللەنگەندىن كېيىن، پارس تىلى شەرقتىكى ئۆلكىلەردە ئەرەب تىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەرەب تىلى يەنىلا ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرى، پەلسەپە ۋە ئىلىم- پەندە ئورتاق تىل بولۇپ كەلدى» (146). شۇڭلاشقا ئابباسىيلار دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان ئالىملار ۋە مۇتەپەككۇرلار ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يازغان. تاكى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى X ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئاندىن دارى پارس تىلىدا ئەسەر يېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بەزى ئالىملار شۇ دەۋردىكى ئەرەب تىلىنى ئىلىم- پەن ۋە پەلسەپە تىلى، پارس تىلىنى ئەدەبىيات- سەنئەت تىلى دەپ ئاتىدى.

دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئەسىر پارس ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى پارس تىلىنىڭ ئىراندا قايتا تىرىلىشىدىن باشلانغانىدى. پارس تىلىدا تۇنجى قېتىم شېئىر يېزىش دولقۇنى سەففارىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدە باشلاندى. بىر قېتىم بىر شائىر ئەرەبچە شېئىر يېزىپ، سەففارىي خانلىقىنىڭ پادىشاھى ياقۇپ لىس (878-868 گىچە تەختتە ئولتۇرغان) قا سۇنغان. پادىشاھ ھېلىقى ئوردا شائىرىنى ماختاشنىڭ ئورنىغا غەزەپ بىلەن: «نېمىشقا مەن چۈشەنمەيدىغان تىلدا شېئىر يازىسەن؟» دېگەن ۋە باش ۋەزىرى مۇھەممەد بىن ۋاسىپقا پارس تىلىدا شېئىر يېزىشقا بۇيرۇق قىلغان (147).

پارس تىلىنىڭ ئىران تېررىتورىيىسىدە بەدىئىي ئىجادىيەت تىلى سۈپىتىدە قايتا مەيدانغا چىقىشى پارس ئەدەبىيات- سەنئىتىنى يېڭى بىر دەۋرگە ئېلىپ كىردى. شۇ دەۋردىكى نۇرغۇن زىيالىيلار پارس تىلىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتى. تېخىچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان زارا ئاستېر ئېتىقادىدىكى يۇقىرى قاتلام پارس ئاقسۆڭەكلىرى مەخپىي ھالدا ئۆتمۈشتىكى شانلىق پارس مەدەنىيىتىگە سېغىنىپ، ئەرەبلەرگە قارشى ئىدىيە جېڭى ئېلىپ باردى. شائىر- يازغۇچىلار بەس- بەس بىلەن پارس تىلىدا شېئىر يېزىپ خەلقنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى قوزغىدى. نەتىجىدە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىراندا ھەيۋەتلىك مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى- شۇئۇبىيەھ (Shuubiyah) ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. «شۇئۇبى» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «مىللەت، قەۋم» مەنىسىنى بېرەتتى. بۇ ھەرىكەت مىللىي ئويغىنىش ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، قويۇق مىللەتچىلىك ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق ئىدىيىلىرى بىلەن خاراكتېرلىنەتتى. بۇ ئېقىمنىڭ تەرەپدارلىرى «قۇرئان» نىڭ 49- سۈرە 13- ئايىتىنى، يەنى «ئى ئىنسانلار، مەن سىلەرنى ياراتتىم، سىلەرنى ئەر- ئايال قىلىپ ئايرىدىم، ئوخشاش بولمىغان مىللەت ۋە قەۋملەرگە بۆلدۈم، سىلەر ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىڭلار، سىلەرنىڭ شان- شەرىپىڭلارنى ئاللا بەرگەن» دېگەن سۆزلەرنى ئۆز تەلىماتلىرىنىڭ ئىدىيە ئاساسى قىلغانىدى. ئۇلار «قۇرئان» دىكى بۇ

www.uyghurkitap.com

ئايەتكە ئاساسلىنىپ، ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ تاپقۇقلىرىدىن... ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشىنىڭ ھېچقانداق دىنىي ئاساسى يوق، ئاللا ئۆز خەلقلىرىنىڭ ھەممىسىنى باراۋەر ياراتقان، پارسلار ئەرەبلەردىنمۇ شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلدى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى «چوڭ ئەرەبچىلىك» خاھىشلىرىغا قارشى تۇردى. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئىسمائىل بىن ئىيھسان، بەسسال بىن بۇلد، ئىبنى مۇغەييە، ئەبۇ نۇۋاس، ئىبنى رۇمى قاتارلىقلار مەشھۇر ئىدى. ھەتتا ئىبنى نۇسۋان (756ـ810) بىر شېئىرىدا : «بىر ئىتقا ئايلىنىپ، مەككە دەرۋازىسىدىن ئۆتكەن ھەر بىر ھەج تەلەپ قىلغۇچىنى چىشلىسەم» دەپ يازغانلىقى ئۈچۈن خەلىپە ھاشىم بىن ئابدۇلمالىك تەرىپىدىن سوغا تۇنجۇقتۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن (148).

شۇئۇبىيەھ ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى ئىككى تەرەپتىن كۆرۈلدى. بىرى، پارس ئەدىبلىرى پارس تىلىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە مەدەنىيەت دەستۇرلىرىنى ئەرەب تىلىغا كۆپلەپ تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى ۋە شۇ ئارقىلىق پارس مەدەنىيىتىنىڭ شان-شۆھرىتىنى ئەرەبلەرگە نامايەن قىلدى؛ يەنە بىرى، پارس شائىرلىرى پارس ۋە ئەرەب تىللىرىدا تەڭلا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى تەرغىب قىلدى. ئاباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدىكى يۈز يىللىق تەرجىمە ھەرىكىتى (750ـ847) داۋامىدا پارس ئەدىبلىرى ناھايىتى زور رول ئوينىدى. مىلادى 750ـ يىلى ئىبنى مۇقەففە پەھلەۋى (ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلى) تىلىدىن ھىندىستاننىڭ مەشھۇر مەسەللەر توپلىمى «بەشنامە» (سانسكرىت تىلىدا Panchatanra ) نى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلدى ۋە «كەلىلە ۋە دىمنە» دەپ نام بەردى. ئۇندىن باشقا ئىبنى مۇقەففە يەنە ئىراننىڭ قەدىمكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر توپلىمى «خۇدايىنامە» نى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. كېيىنچە «شاھنامە» مۇ تۇنجى بولۇپ ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە تونۇشلۇق بولغان ئەرەب خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى «مىڭ بىر كېچە» نىڭ ئەسلى مەنبەسى پارسلارنىڭ «مىڭ ئەپسانە» (Hazar Afsana) سىدىن كەلگەنىدى. كېيىنكى ئەرەبلەر ئۇنى بېيىتىپ ۋە ئۆز ئىجادىيەتلىرىنى قوشۇپ «مىڭ بىر كېچە» (ئەرەبچە Alif Layla Wa Layla ) دەپ ئاتىغان. ئۇندىن باشقا يەنە پارسلارنىڭ «ئاۋېستا»، «مازداك»، «ئەردەشىرنىڭ سىياسىتى»، «رۇستەم ۋە ئىسفەندىيار» قاتارلىق ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنغان. ھەتتا ئارىستوتېلنىڭ «مېتافىزىكا»، بوففېرنىڭ «ئارىستوتېل ، كاتېگورىيە نەزەرىيىسى، گە مۇقەددىمە»، «ئىلمىي مەنتىقىگە كىرىش» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ پارس تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى مەلۇم (149).

دېمەك، ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مەيدانغا كەلگەن مىللىي تىرىلىش ھەرىكىتى پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە زور تۈرتكە بولدى، شۇنداقلا ئەرەبلەرنىڭ يۈز يىللىق تەرجىمە ھەرىكىتىدە مۇھىم رول ئوينىدى. ئەدەبىياتتىكى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى «شۇئۇبىيە» دەپ ئاتالدى. «ئۇلار ساسانىيلار ئەنئەنىسىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئىدى. ئىرق ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى پارسلار ئىدى. ، شۇئۇبىيە، چىلەر ئەرەب ئۆلىمالىرىنىڭ مەنمەنچىلىكىگە ھۇجۇم قىلاتتى. ئۇلارنىڭ تىلىغا زەربە بېرەتتى. شېئىرلىرىنى مەسخىرە قىلاتتى. پارسلار ۋە ئەرەب بولمىغان خەلقلەر ئەرەبلەردىن ھەر جەھەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەپ قارايتتى. بۇ خىل توقۇنۇش كېيىنكى دەۋرلەرگىچە داۋاملاشتى» (150) . شۇ دەۋردە شۇئۇبىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان مەشھۇر شائىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك پارسلار ئىدى. ئۇلار ئەرەب تىلىدا يازغان شېئىرلىرىدا، شۇ دەۋرنىڭ رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قويۇق پارس پۇرىقىنى نامايەن قىلدى، شۇنداقلا شۇئۇبىي ئىدىيىلىرىنى ئىپادە قىلدى (151).

مىلادى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى، يەنى خۇراسان رايونىنى مەركەز قىلغان ھالدا دارى پارس تىلى قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. دارى پارس تىلى پەھلەۋى تىلىنى ئاساس قىلىپ، ئەرەب تىلى بىلەن بولغان رىقابەت جەريانىدا شەكىللەنگەن كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر پارس ئەدەبىي تىلى ئىدى. رۇداكى (850ـ941) تۇنجى بولۇپ دارى پارس تىلىدا شېئىر يېزىپ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى ۋە «پارس شېئىرىيىتىنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتالدى. رۇداكىنىڭ ئىجادىيىتى دارى پارس تىلىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچتى. رۇداكىدىن كېيىن، دەقىقى (؟ـ977) ، فىردەۋسى قاتارلىقلار دارى پارس تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ پارس شېئىرىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس ياراتتى ۋە ئەرەب تىلىنىڭ شەرقىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مونوپوللۇقىغا خاتىمە بەردى. شۇڭا فىردەۋسى زور ئىشەنچ بىلەن «مەن پارس تىلى بىلەن ئىراننى قۇتقۇزىۋالدىم» دېگەنىدى.

XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن X Ⅳ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان جەريان پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. مانا مۇشۇ ئۇزاق جەرياندا پارس ئەدەبىي تىلى ئىران تەۋەسىدىن ھالقىپ چىقىپ شىمالىي ھىندىستان، پامىر، ماۋارا ئۇننەھر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىرىغا، جۈملىدىن چاغاتاي تۈركچىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇئەييەن رول ئوينىدى. X V ئەسىرگە كەلگەندە پارس تىلى ئەرەب تىلىنىڭ شەرقىي رايونلاردىكى تەسىرىگە تامامەن خاتىمە بەردى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا پارس تىلىنىڭ تەسىرى كۈچىيىپ، تۈركىي تىللىرى بىلەن بىۋاستە رىقابەتلەشتى. تۈركىي تىللىرىنىڭ لۇغەت تەركىبىگە پارس تىلىنىڭ سۆزلۈكلىرى كۆپلەپ ئۆزلىشىشكە باشلىدى. پارس تىلىنىڭ تاكامۇللىشىشى ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ كۈچىيىشىدە فىردەۋسى، رۇداكى، ئۆمەر ھەييام، سانائى، جالالىددىن رۇمى، نىزامى گەنجىۋى، شەيخ سەئدى، ھاپىز شىرازى ۋە ئابدۇراھمان جامى قاتارلىق شائىر ۋە

مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرى مۇھىم رول ئوينىدى.

خەيرىيەت، XV ئەسىرگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىرى خۇددى ئۆز دەۋرىدىكى پارس تىلى دۇچ كەلگەن قىسمەتكە دۇچ كەلدى. پارس تىلىنىڭ كۈچلۈك خىرىسى ۋە كۆپ قىسىم تۈركىي ئاپتورلارنىڭ پارس تىلىدا ئەسەر يېزىشى تۈركىي تىللىرىنىڭ تەقدىرىگە- تەرەققىي قىلىش ياكى كېيىنگە چېكىنىش مەسىلىسىنى تاڭدى.

ئەمەلىيەتتە، تۈركىي تىللىرىنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىللىرى بىلەن بولغان رىقابىتى X ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپلا باشلانغانىدى. شۇ چاغدا ئاببasىيە خەلىپىلىكىنىڭ سەلتەنىتى ئاستا- ئاستا ئاخىرلىشىپ، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا سەففەرىيلەر، سامانىيلار، غەزنەۋىلەر قاتارلىق يەرلىك بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر بارلىققا كەلگەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ئورنىنى قاراخانىيلار ۋە سالجۇقىيلاردىن ئىبارەت ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر قۇرغان خانلىقلار ئىگىلىدى. نەتىجىدە ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداتتا ئاۋۋال ئەرەبلەر، ئاندىن پارسلار، ئەڭ ئاخىرىدا تۈركلەرنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولۇشتەك ھالەت شەكىللەندى. مەھمۇد قەشقەرى ئەنە ئاشۇ «سەلتەنەت قۇياشى تۈركلەر بۇرجىدا جەۋلان قىلغان» دەۋردە ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى- «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىپ چىقتى. ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىتى ھەققىدە: «... تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ...» (152)، «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس- تۈگىمەس بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ ... بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا ‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك›، دەپ ئات قويدۇم» (153) دەيدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، مەھمۇد قەشقەرى بۇ قامۇسىي ئەسىرىنى ئۆز دەۋرىدە ئەرەبلەرگە ۋە تۈركىيچىنى بىلمەيدىغان خەلقلەرگە تۈركىي تىللىرىنى تونۇتۇش ئۈچۈن يازغانىدى.

دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئەسىر دۇنياسىدا غەربتە لاتىن تىلى، شەرقتە ئەرەب تىلى خرىستىيان ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ تىلى سۈپىتىدە ئاساسلىق تىل دەپ قارالغانىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادىكى كۆپلىگەن ئېنگلىز ۋە گېرمان ئالىملىرى ئۆز ئەسەرلىرىنى لاتىن تىلىدا يازغان بولسا، شەرقتىكى نۇرغۇن مۇسۇلمان ئالىملىرى (مەسىلەن فارابى، ئىبنى سىنا قاتارلىقلار) ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يازدى. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىش ئارقىلىق تۈركىي تىلىنىڭ شەرق دۇنياسىدىكى شۆھرەتلىك تىل دەپ تونۇلۇۋاتقان «ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ» كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى (154). مەھمۇد قەشقەرى بىلەن دەۋرداش يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇ بىلىگ» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىنى ساپ تۈركىي تىلىدا يېزىپ، ئۆز دەۋرىدىكى تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. تىلشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا «قۇتادغۇ بىلىگ»تە ئەرەبچە سۆزلەر 94 بولۇپ، ئەرەبچە- پارسچە سۆزلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ 400 دىن ئاشمايدىكەن (155).

ھالبۇكى، XV ئەسىرگە كەلگەندە ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش بولدى. ئۆز دەۋرىدە «ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك تەڭ چېپىشىپ كېتىۋاتقان» تۈركىي تىلى ئەمدىلىكتە پارس تىلىنىڭ كۈچلۈك خىرىسىغا دۇچ كەلگەنىدى. پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ خوراسان (شەرقىي ئىران)نى مەركەز قىلىپ گۈللىنىشى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا «پارسگوي» (پارسچە يېزىشقا مايىل)لۇق دولقۇنى ئەۋج ئالدى. بۇ ھەقتە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تېمۇرىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدە پارس تىلى بىلەن ئەرەب تىلى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا بويلاپ ناھايىتى كەڭ تۈردە يامراپ كېتىشى بىلەن ئەدەبىياتتا ھاكىم تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەدىب- شائىرلىرى ئۆز ئانا تىلىنى تاشلاپ ياكى ياراتماي، پارس تىلىدا ئەسەر يېزىشنى بىر خىل مودىغا ئايلاندۇرىۋالغان، ھەتتا ئۆز ئانا تىلىدا يازغان ئەدىب- شائىرلار مەسخىرە قىلىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى» (156). بۇنداق بولۇشىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى با ئىدى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىران تېررىتورىيىسىدە قۇرغان سالجۇقىيلار قاتارلىق بىر قانچە ھاكىمىيەتلىرىدە پارس تىلى ھاكىمىيەت تىلى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققانىدى: ئۇنىڭ ئۈستىگە X ئەسىردىن XV ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا پارس ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىياتى مىسلىسىز گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن بولۇپ پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا زور تەسىر پەيدا قىلغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە پارسلار بىلەن يېقىن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى. پارسچە يېزىش، پارسچە ئوقۇش دولقۇنى ئەۋج ئالدى. ھەتتا بەزى تۈركىي ئەدىبلىرىنىڭ پارسچىغا بولغان چوقۇنۇشى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار «پارسىي شېكەرەست» (پارس تىلى شېكەر تىل)، «ئەرەبىي ھەسەلەست» (ئەرەب تىلى ھەسەل تىل) دەپ داۋراڭ سېلىشتى. تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ تەقدىرى جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى.

مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئەلشىر نەۋائىي، لۇتپى، سەككاكى ۋە ئاتايى قاتارلىق ئەدىب ۋە شائىرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي «شۇئۇبىيە» ھەرىكىتى قوزغىدى. نەۋائىيدىن بۇرۇن ئاتايى، سەككاكى، لۇتپى قاتارلىق شائىرلار پارسچە يېزىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن شارائىتتا مەردانىلىك بىلەن تۈركىي تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ باردى ۋە تۈركىي تىلىنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغان گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى تۇنجى بولۇپ نامايەن قىلدى. نەۋائىي دەۋرىگە كەلگەندە تۈركىي تىلى تىرىلىش ھەرىكىتى ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئىجادىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. نەۋائىي پارس تىلىنى سۇدەك بىلىدىغان، پارس تىلىدا ئاجايىپ

www.uyghurkitap.com

پاساھەتلىك شېئىرلارنى يازالايدىغان بولسىمۇ، لېكىن تۈركىي تىلىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۈركىي تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ باردى. ئۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىدە تۈركىي تىلى بىلەن پارس تىلىنى سېلىشتۇرۇپ، تۈركىي تىلىنىڭ پارس تىلى مۇمكىن بولمىغان ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى دەلىللەر ئارقىلىق ئوچۇق كۆرسەتتى شۇنداقلا «تۈركىي ھۈنەرەست» (تۈركىي تىلى ھۈنەر- سەنئەت تىلى) دەپ ئاتىدى. نەۋائىي ئۆز دەۋرىدىكى پارسگۈي ئەدىبلەرگە قارىتىپ مۇنداق دەپ يازدى: «. . . بۇ سۆزلەردىن دۈشمەنلىرىم بىلەن مۇخالىپلىرىم مېنى ئۆزىنىڭ تەبىئىتى تۈركىي تىلىغا مايىل بولغىنى ئۈچۈن بۇ تىلنىڭ تەرىپىدە مۇبالىغە قىلىۋاتىدۇ، پارس تىلى بىلەن ئانچە ئالاقىسى بولمىغاچقا ئۇنى رەت قىلىشتىمۇ گەپنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى دەپ گۇمان قىلىشمىسۇن. ھالبۇكى، پارس تىلى تەتقىقاتىدا ۋە پارسچە سۆزلەردىن پايدىلىنىشتا ھېچكىم تىبخي مەنچىلىك ئىش قىلالىغىنى يوق. بۇ تىلنىڭ ئارتۇق ۋە كەم تەرەپلىرىنى ھېچكىم مېنىڭدىن ئارتۇقراق بىلمەس» (157).

دېمەك، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، . نەۋائىي يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن تۈركىي تىلىنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغان گۈزەل ۋە پاساھەتلىك تىل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مەنا مۇمكىنچىلىكىنىڭ چەكسىزلىكىنى قەيت قىلىدۇ ۋە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۈركىي سۆزلەرنىڭ ئىگىلىرى كۆپ ھاللاردا ئەڭ ئۇششاق ئۇقۇملار ئۈچۈنمۇ مۇبالىغە يولى بىلەن مەخسۇس سۆزلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. بۇنى شۇ تىلنىڭ ئىگىلىرى چۈشەندۈرۈپ بەرمىگۈچە، باشقىلار ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ» (158).

ناھايىتى روشەنكى، ئۆز دەۋرىدە مۇنداق ئىلمىي قاراشلارنى تىلشۇناسلىق ۋە مەنتىقە ئىلمى نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. نەۋائىي بىر ئۇلۇغ شائىرلا ئەمەس، بەلكى كەسكىن بىر تىل تەتقىقاتچىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ پۈتكۈل تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تەپەككۇرىنى يېتەكلىگۈچى شەخس سۈپىتىدە «كەنجى ئويغىنىش دەۋرى» نىڭ سەركەردىسى بولغانىدى. نەۋائىي مەزكۇر ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا تۈركىي تىلىنى ئانا تىل ھېسابلايدىغان ياشلارنى ۋە ئەدىبلەرنى ئۆز ئانا تىلىدا يېزىشقا دەۋەت قىلىدۇ ۋە بۇ پىكرىنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن دەلىللەيدۇ: «. . . يىغىپ ئېيتقاندا، تۈركىي تىلىدا مۇنداق ئىنچىكىلىك ۋە نەپىسلىك ناھايىتى كۆپ. بۈگۈنگىچە ھېچ كىشى ئۇنى چىن ماھىيىتى بىلەن مۇلاھىزە قىلمىغىنى ئۈچۈن ئاشكارا بولماي كەلمەكتە. بىزنىڭ تەييارغا ئاشىق بىلىمسىز ياشلىرىمىز ھە دېسىلا ئىشنىڭ ئوڭىيىنى كۆزلەپ، پارس تىلى بىلەن شېئىر يېزىشقا قىزىقماقتا ۋە شۇغۇللانماقتا. ۋاھالەنكى، ئەگەر كىشى ياخشىلاپ مۇلاھىزە قىلىدىغان بولسا، تۈركىيچە سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن نەقەدەر كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقىنى، ئۇسلۇب جەھەتتىن نەقەدەر پەسھ ئىكەنلىكىنى، بۇ تىلدا مەنىنى راۋان، ئېنىق ۋە ئوچۇق ئىپادىلەشنىڭ ئاسانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. تۈركىي تىلىنىڭ كەڭ مەنىلىكلىكى ياكى ھەر تەرەپلىمىلىكلىكى شۇنچە دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان ھالدا، ئەمدى بۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدىكى شائىرلار ئۆزىنىڭ شۇنداق گۈزەل ۋە باي تىلى تۇرۇقلۇق، ئۆز قابىلىيەت ۋە ماھارەتلىرىنى باشقا تىل بىلەن كۆرسىتىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسا ئىدى. ئەگەر ئىككى تىلدا يېزىش ئىقتىدارى بولسا، ئۆز تىلىدا كۆپرەك يازسا ئىدى . . . » (159).

نىھايەت، نەۋائىي ۋەكىللىكىدىكى تۈركىي تىلىنىڭ ئىجادىيەت يۈكسەكلىكى، مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى گۈللىنىش دەۋرىنى، يەنى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «كەنجى ئويغىنىش دەۋرى» (160) نى ياراتتى. بۇ دەۋر تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەر تەپەككۇرىنىڭ پەللىسىنى ياراتتى، تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. نەۋائىينىڭ يازغىنىدەك:

تۈرك نەزمىدە چۇ تارتىپ مەن ئەلەم،
ئەيلەدىم ئول مەملىكەتنى بىر قەلەم.

دېيىش ئارقىلىق تۈركىي تىلىنىڭ يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنى ئاشكارە قىلدى. نەۋائىيلار قوزغىغان «تۈركىي ھۈنەرەست» دولقۇنى يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىللىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تاكامۇللىشىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

## سەككىزىنچى دىئالوگ:
## بۇخارا ئۇيقۇسى

ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبى مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈپ ياتارمەن.
- ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

ئۇيقۇ- ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ زامان تەنبىھ ۋەئاگاھلىق زامانىدۇر، غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەستۇر.
- ئابدۇقادىر داموللام

بۇخارا ئۇيقۇسىنىڭ قانداق ئۇيقۇ ئىكەنلىكى نامەلۇم، ئەمما بىز دائىم قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنلەرنى «بۇخاراغا كەتتى» دەيمىز. بۇ ئىبارە قانداقلارچە تۇراقلىشىپ قالغاندۇ؟ ئېھتىمال بىزدىن بۇرۇنقىلارغا بۇخارا ناھايىتى يىراق تۇيۇلغاندۇ، ئېھتىمال بۇ شەھەرنىڭ ئۇيقۇسى راستتىنلا تاتلىقتۇر. . . مەن X VI ئەسىردىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەنىۋى چۈشكۈنلىكىنى «بۇخارا ئۇيقۇسى» دەپ ئاتىماقچى بولدۇم . . . ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيالا ئەمەس، گويۇتى «شېئىر مەملىكىتى» (161) دەپ ئاتىغان ئىرانمۇ يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدە بۇخاراچە غەپلەت ئۇيقۇغا مۈپتىلا بولغانىدى.

ئەمەلىيەتتە، كەڭ بالادىن تارىم چوڭقۇرلۇق- لىرىغىچە بولغان رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى چۈشكۈنلۈكىنى چوڭ جەھەتتىن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ

چۈشكۈنلىشىشى، كىچىك جەھەتتىن سىياسىي تىنچسىزلىق ۋە ئىچكى تەپرىقىسىزلىق مۇئەييەن جەھەتتە بەلگىلەپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربتە ئويغىنىش يۈز بېرىپ، دېڭىز- ئوكيان دەۋرى باشلىنىشى بىلەن «يىپەك يولى» نىڭ خارابلىشىشى شەرقنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى مۇھىم رولىنى ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، پەقەت قۇرۇق نامىلا قالغان باغدات خەلىپىلىكى شەرقتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن موڭغۇللارنىڭ شاۋقۇن- سۈرەنلىرى بىلەن غەربتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ئەھلى سەلىپچىلەرنىڭ ھۇجۇملىرى ئاستىدا بەربات بولدى. شۇندىن كېيىن، ئەرەب دۇنياسى تاكى ئوسمان تۈركلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىغا ئۆتكىچە بولغان ئارىلىقتا سىياسىي مالىمانچىلىق ۋە ئىچكى تەپرىقىسىزلىق ئىچىدە قالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە «شەرقتىكى مۇسۇلمانلار دۇنياسى بۆلۈنۈپ، تەنها، كۈندىن- كۈنگە پارچىلىنىۋاتقان مەدەنىيەت رايونى بولۇپ قالدى. پېرسىيەدە كونا مەدەنىيەتنىڭ ھۆكۈمران بولۇشى داۋامىدا پارسلارنىڭ ھېسسىياتىنى تامامەن پارس تىلى بىلەن ئىپادىلەيدىغان يېڭى مەدەنىيەت بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ تارمىقى بولغان يېڭى زېمىن ئاناتولىيە ۋە ھىندىستاننىڭ شىمالىدىمۇ راۋاجلىنىپ تۈرك ۋە ھىندى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مىللىي ئەدەبىيات بولۇپ قالدى» (162) . لېكىن پارس ۋە تۈركىي مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات- سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ئەڭ كەينىگە سۈرۈلگەندىمۇ XVI ئەسىر بىلەن چەكلىنەتتى. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە ئەرەبلەرنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈشى ئۇزاق ئاسىيانىڭ دىن، مەدەنىيەت ۋە تىل بىرلىككە كەلگەن رايونلىرىدىكى خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەڭپۇڭلۇقىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغانىدى. ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ چۈشكۈنلىشىشىگە نۇرغۇن ئامىللار سەۋەب بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام روھىنىڭ سۇسلىشىشى ۋە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى خەلىپىلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زەئىپلىكنى تېزلەتكەنىدى. ھىتتى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشتا چىرىكلىشىشى، ئۇلارنىڭ روھىي ۋە ئەخلاقىي مىزانلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خەلىپىلىك مۇتەقەررىز قىلىنغان خەلقلەرنىڭ ئىمپېرىيىسىگە ئايلىنىپ قالدى. خەلىپە ئوردىسىدىكى سانسىزلىغان ئاغۋاتلار، ھەرەمخانىلاردىكى ئاختا قىلىنغان قۇللار، ئەيش- ئىشرەت ئۈچۈن تۇتۇلغان چۆرە- كېنىزەكلەر، قەدەمدە ئۇچراپ تۇرىدىغان غىلمان ۋە زەيپانىلەر ئاستا- ئاستا ئەرلەرنىڭ ئەرلىك جاسارىتىنى، ئاياللارنىڭ ئاياللىق زىباسىنى يوقۇتۇپ، ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ چۈشكۈن، چىرىك كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى. خەلىپە قەسىرلىرىدىكى سانسىز ھوجرىلار، ئاتا بىر ئانا باشقا قېرىنداشلار، ساقلانغىلى بولمايدىغان تۈرلۈك ھەسەت- رەشك ۋە سۇيىقەستلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئوردىدىكى كەيپ- ساپا، ئەيش- ئىشرەتلىك تۇرمۇش، مەي- شاراب ۋە رەققاسلارنىڭ غىلجىڭلىق بىلەن ئوينىغان يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللىرى ئوردىدىن شەھەر كوچىلىرىغىچە بولغان ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى چىرىتتى ...» (163).

ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ زەئىپلىشىشىدىن ئۇلارنىڭ تارىخ بېتىدىن تامامەن چۈشۈپ قالغىنىغا قەدەر بولغان ئۈچ ئەسىر (XI ئەسىردىن XIV ئەسىرگىچە) مابەينىدە، ئەرەبلەرنىڭ تەپەككۇر قۇۋۋىتى پەۋقۇلئاددە تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ئۇز دەۋرىدىكى پەلسەپە، مېدىتسىنا ۋە فىقھ ئىلىملىرىدە ئېرىشىلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەمدىلىكتە ھېچكىمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇ دەۋردىكى داڭلىق سەييارە ئىبنى بەتۇتە (1303-1337) ئەرەب تىلى تەتقىقاتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىگە ئېچىنىپ مۇنداق دەپ يازغانىدى:

مەن بىر كۈنى مەسچىتكە جۈمە نامىزىغا باردىم. ئىمامنىڭ سۆزىدە بىرمۇنچە روشەن گراماتىكىلىق خاتالىقلار بار ئىدى. مەن بۇ ئەھۋالدىن ھاڭ- تاڭ قالدىم. كېيىن بۇ ھەقتە قازى بىلەن سۆزلىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا: «بۇ شەھەردە گراماتىكا بىلىدىغان بىرمۇ ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ئاگاھلاندۇرۇش. ئەي، ھەممىگە قادىر قۇدرەتلىك خۇدا! بەسرە- ئەرەب تىلى گراماتىكىسىنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابى سىبەۋەيىنىڭ يۇرتى. ئەرەب تىلى گراماتىكىسى مۇشۇ يەردە دۇنياغا كەلگەن ۋە مۇكەممەللەشكەن. ئىلگىرى بۇ يەردە كىشىلەر گراماتىكىغا كامىللىقتا يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى. ۋاھالەنكى، بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ بەسرەدە ۋەز ئېيتقاندا خاتا سۆزلىمەيدىغان بىرەر ئىمامنىمۇ تاپقىلى بولماس بولۇپ كېتىپتۇ! ... (164).

ئەرەبلەرنىڭ تەپەككۇر ۋە ئىلمىي مۇلاھىزە ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ پەلسەپە پەنلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاستا- ئاستا غايىب بولدى. ئىسلام دىنى ۋە «قۇرئان» تەپسىرلىرى ھەققىدىكى مەزھەپچىلىك ۋە ئىختىلاپلار بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ، ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراشتا بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. 1502- يىلى سەففاۋىي خاندانلىقى (1499-1775) ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىنى ئىراننىڭ دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى. نەتىجىدە سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر چەتكە قېقىلىپ، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا دىنىي مەزھەپچىلىك دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ، ئۇز دەۋرىدىكى بارا- بارا چۈشكۈنلۈككە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان ئىسلام شەرقىنىڭ ئىچكى ئىختىلاپلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئىراننىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىي گۈللىنىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى ئابدۇراھمان جامى (1414-1492) دىن كېيىن پارس ئەدەبىيات- سەنئىتى ۋە ئىرانلىقلارنىڭ تەپەككۇرى ئومۇميۈزلۈك پەسكويغا قاراپ يۈزلەندى. «شېئىر مەملىكىتى»، «شائىرلار ئېلى» دەپ تەرىپلەنگەن ئىراندا بەدىئىي ئەدەبىيات ۋە پەلسەپىۋى ئىزدىنىشلەر بىر ئىزدا توختاپ قالدى. بۇ ھال ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۈشكۈنلۈكىنىمۇ تېزلەتتى. ھالبۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۈشكۈنلۈكى ئىراندىن كېيىنرەك باشلاندى. چۈنكى ئىراندا ئەدەبىيات- سەنئەت تامامەن چۈشكۈنلەشكەن XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سەمەرقەنت ۋە ھىراتنى مەركەز قىلغان تېمۇرىيلەر

www.uyghurkitap.com

سۇلالىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى ھۆكۈم سۈرىۋاتاتتى. ئەمىر تىمۇر (ئاقساق تىمۇر 1333ـ1405) ئۆز دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۆلۈنمە ۋەزىيىتىنى بىر مەھەل بىرلىككە كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا نىسبىي تىنچلىق بارلىققا كېلىپ، مەدەنىيەتنىڭ بىر مەزگىل گۈللىنىشىگە شارائىت ھازىرلاندى. ئەمىر تىمۇر ئۇزۇن ئۆتمەي زور قوشۇن تارتىپ خۇراسان، ئىران قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى ھەتتا ئاناتولىيىگىچە بېسىپ بېرىپ ئوسمان تۈركلىرى بىلەن تىركەشتى. شۇڭا تىمۇرىيلەر سۇلالىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىرلىككە كەلگەن، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن چوڭ خاندانلىق دېيىشكە بولاتتى. ئۆزبېكىستان ئالىمى بۆرىباي ئەھمىدوۋ ئەمىر تىمۇر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەمىر تىمۇر ھەم ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ۋە قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم، دارا ۋە مەھمۇد غەزنەۋى، چىڭگىزخان ۋە باتۇ، ئىۋان گروزنىي ۋە پېتر I، ناپالېئون ۋە مىخائىل فرۇنزىگە ئوخشاش ھۆكۈمران ئىدى» (165). تىمۇرلەڭنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى يىپەك يولى ئالاقىلىرىدە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ياۋروپالىقلارغا تونۇشتۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ كېيىنكى بىر ۋاستە بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم،ـ دەيدۇ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (166).

دەرۋەقە، تىمۇرىيلەر سۇلالىسى دەۋرى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى بىر مۇرەككەپ دەۋر بولدى. 1405ـ يىلى ئەمىر تىمۇر جۇڭگوغا قىلغان يۈرۈشىدە قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى بالاـ چاقىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش ئۇرۇشلىرى داۋامىدا ناھايىتى تېزلا پارچىلاندى. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ قىسقىغىنا دەۋر مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەدەنىيەت گۈللىنىش دەۋرى بولدى. ئەلىشىر نەۋائىي، ئۇلۇغبېگ، ئەلى قوشچى قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار ئەدەبىيات، تەبىئەت ئىلمى، ئىلمىي نوجۇم قاتارلىق پەنلەرنىڭ مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈردى. بۇ شۇنداق بىر دەۋر بولغانىدى: «بىر تەرەپتە تەبىئەت ئىلمى، ھۈنەرـسەنئەت ئالىملىرى ئۆز لاگېرىنى، ئۆز داھىيلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن، يەنە بىر تەرەپتە ئىلاھىيەتچىلىك، روھانىيەتچىل سوپىزم ھامىيلىرى ئۆز لاگېرىنى، ئۆز ۋەكىللىرىنى شەكىللەندۈرگەن؛ بىر تەرەپتە دەھشەتلىك نىزا ۋە ئۇرۇشلار، خانىۋەيرانلىق، يەنە بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش، بىناكارلىق ۋە مەدەنىيەت گۈللىنىشى. ئالاھىدە تىپىكلىككە ئىگە بولغان بۇ تارىخىي مۇھىت پۈتكۈل ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىدېئولوگىيىسى تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى» (167). ۋاھالەنكى، بۇ دەۋر ئۇزاققا بارمىدى. ئەمىر تىمۇر ۋاپاتىدىن بىر ئەسىر كېيىن، يەنى 1501ـ يىلى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر چوققاـ شائىر ئەلىشىر نەۋائىي ۋاپات بولدى. شۇندىن كېيىن، «سۆز ئەھلى خامىنىنىڭ باشتەرگۈچىسى، سۆز گۆھەرلىرى خەزىنىسىنىڭ ئىشەنچلىك ئامانەت ساقلىغۇچىسى، شېئىرىيەت گۈلىستانىنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇلى بولغان ئەلىشىر نەۋائىي» (168) چىلىك مۇتەپەككۇر تارىخىمىزدا قايتا كۆرۈلمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى باشـ ئاخىرى يوق ئىچكى مالىمانچىلىق قاينىمىغا كىرىپ قالدى. مەھمۇد قەشقەرى ئېيتقان: «تۈركلەر بۇرجىدا جەۋلان قىلغان قۇياش» ئۆز بۇرجىدىن كەتتى. 1857ـ يىلى ئېنگلىزلار بابۇرىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى سىراجىددىن باھادىر شاھ II نى تەختتىن چەتلەشتۈرۈپ، تۈركىي خەلقلەر قولىدىن ھىندىستاننى تولۇق تارتىۋالدى (169). ئەمەلىيەتتە، ئېنگلىزلارنىڭ ھىندىستانغا بولغان ئەمەلىي كونتروللۇقى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا باشلانغانىدى. تارىم ۋادىسىدا سەئىدىيە سۇلتانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، بەدەخشان، بۇخارا، قەشقەر ۋە يەركەن ئارىلىقىدا ئاتالمىش «ئاق ئۇستىخان» ئەۋلادلىرىدىن بولغان خوجاـ ئىشانلار تىنىمسىز قوتراپ، ئوتتۇرا ئاسىياني تۈگىمەس نىزا ۋە تەپرىقىسىزلىق دەۋرىگە باشلاپ كىردى. موللا مۇسا سايرامىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ئاراملىق خۇددى ئەنقا قۇشىنىڭ تۇخۇمىدەك غايىب بولدى، تىنچلىق خۇددى سۇمرۇغ قۇشىدەك كۆھىقاپنىڭ ئىچىدىن ۋەتەن تۇتتى» (170). نەۋائىيدىن كېيىنكى 500 يىل مابەينىدە، ئىچكى ئاسىيادىكى بۇ سىرلىق بالىياتقۇدا ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان يېڭى مەدەنىيەتنىڭ تۆرەلمىلىرى بىخلىيالمىدى. بۇ يەردە شەرق تېرىمچىلىرىدەك كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدىكى چىگىش ئېتىكىلىق مەسىلىلەر ۋە ئائىلە، نەسەپ ئەھكاملىرى مۇھاكىمە قىلىنمىدى؛ ھىندىستانلىقلاردەك مېتافىزىكىغا باي، پانىي ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىگە مەھلىيا بولىدىغان ئويـ خىياللار بولۇنمىدى؛ غەربلىكلەردەك شەخسنىڭ قەدىرـ قىممىتىنى، ئەقلىي يۈكسەكلىكىنى، كەسكىن ئەمەلىيەتچانلىقىنى ئۆز ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ مىزانى قىلىدىغان پەلسەپە تېخىمۇ مەيدانغا كەلمىدى. بۇ يەردە پەقەت قۇم بارخانلىرىنىڭ سۈررەڭ، زېرىكەرلىك جىمجىتلىقىغا ئوخشاش چىدىغۇسىز سۈكۈنات؛ پىنھان، ئانداـ ساندا كۆرۈلۈپ قالىدىغان غۇۋا ھاياجان؛ قۇرغاق، چاڭقاق ئىستەك؛ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىشنى خالىمايدىغان سەۋرسىزلىك ھۆكۈم سۈردى. تېخىمۇ توغرىسى، يېڭىدىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپالىقلار مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ئاتلانتىك ئوكياندا، تەۋەككۈلانە قەدەملىرى بىلەن شامال يۆنىلىشىگە قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كېمىلىرىنىڭ ئاپئاق يەلكەنلىرىگە يېڭى دۇنيانىڭ تارىخىنى يېزىشقا باشلىغان چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ «ۋائۇكۇم بەلبېغى» غا، كونا قۇرۇقلۇقتىكى «تەنھا ئارال» غا، يېقىنقى زامان تارىخىدىكى «ئۇنتۇلغان زونا» غا ئايلىنىپ قالدى... (171).

رۇس سەيياھلىرىدىن كوروپاتكىن يازغان «قەشقەرىيە»، چوقان ۋەلىخانوۋ (قازاق) يازغان «قەشقەرىيە خاتىرىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئوقۇساق، زۇلمەت پەردىسى ئىچىدە جاھالەت ئۇيقۇسىنى قانغىچە ئۇخلاۋاتقان تارىملىقلارنىڭ ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق كۈنلەرنى-

ماڭقۇرتلۇق كومېدىيىسىنى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز؛ ئابدۇللا قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىنى ئوقۇساق قوقان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھىسى خۇدايار خاننىڭ ئوردىدىكى 400 خوتۇنغا بىرىلىپ، مىسلىسىز دەرىجىدە چىرىكلەشكەن قەسىر ھاياتىدا دۆلەت ئىچىدە كۈندىن- كۈنگە كۈچىيىۋاتقان تەرىقىسىزلىقنى كونترول قىلىشقا قۇربى يەتمەيۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز... ئوتتۇرا ئاسىياغا نېمە بولدى؟ ئۇلارنىڭ خەلقىگىچۇ؟

شانلىق ئۆتمۈش چۈشكە ئايلانغاندى. بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە قەشقەر ئېغىر ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇلۇغبېكنىڭ رەسەتخانىسى، نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاياغ ئىزلىرى قالغان يېزا- قىشلاقلارنى بىر قەۋەت قويۇق چاڭ- توزان باسقانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىرلىق سۈكۈتىنى بۇخارا مەسچىتىنىڭ مۇنارىسى بىلەن قەشقەر ھېيتگاھنىڭ پەشتىقىدىن كۈندە بەش قېتىم ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئەزان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق سادا بۇزالمايدىغان بولدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدا قالدۇرغان: «مىللەتنىڭ دەردلىرىگە دەرمان بولماق ۋەزىپىڭىزدۇر. ئادالەت ۋە ھۆرلۈك دەستۇرىڭىز بولسۇن. مەن كەبى ئۇزۇن سەلتەنەت سۈرۈشنى ئىستىسىڭىز قىلىچىڭىزنى يېنىڭىزدا چىڭ ساقلاڭ!...» (172) دېگەن ۋەسىيەتلىرى سەمەرقەنتنىڭ مۆلۈك بېسىپ تۇرغان ساراي تاملىرىدىلا قېپقالدى. نەمەنگاندىن «ئىشق» شارابىنى ئىچىپ مەست بولغان شاھ مەشرەپ، قەشقەردىكى رىيازەتلىك كۈنلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قۇندۇزغا بارغىنىدا جاھالەتچى ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋاسىدىن ھازىرلانغان دار سىرتمىقىغا ئېسىلدى ۋە ئەڭ ئاخىرقى نەپەسدە تۆۋەندىكى شېئىرىنى ئوقۇدى:

مەنسۇر ھەللاجىدەك ئىچىپ شارابى ئەنتەھۇر،
چەرخ ئۇرۇپ يىغلاپ تۇرارمەن ئۇشبۇ دەم دار ئالدىدا (173).

چۈن مۇبارەك بولسۇن، ئەي مەشرەپ، قىزىل قانىڭ سېنىڭ،
خوپ ئىش بولدى ساڭا بۇجان بەرگىنىڭ ئاپەت ئەمەس (174).

دەرۋىشلەرنىڭ جەندە- كۇلاسىنى كىيىپ، مۈرىسىگە خۇرجۇن ئارتىپ، تارىم گىرۋەكلىرىدە توپا كېچىپ كېتىپ بارغان زەلىلى ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ، مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» سۆزىنى قانچە قېتىملار تەكرارلىدى «كەل ئەي مەنسۇر بولۇپ ساقى سىرىمنى ئاشكارا ئەيلەي» (175).

گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان بۇ مۇدھىش دەۋر ئۇزاق داۋاملاشتى. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار جاھالەت بۆشۈكىدە يەتكۈچە ئۇخلىدى. بۇخارا، قوقان خانلىقىنىڭ غەم- ئەندىشە ئىچىدە قۇرغان ئىستىھكاملىرى چارروسسىيە قوشۇنلىرىنىڭ توپ- زەمبىرەكلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلغان گاۋىن ھامبلىي ئېيتقاندەك: «XVI ئەسىردىن باشلاپ توپ- زەمبىرەك ۋە مىلتىق دورىسىنىڭ ھىندى ئوتتۇرا ئاسىيادا پۇراشقا باشلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ قوشنا ئەللەر نەزەرىدىكى ھەربىي ئۈستۈنلىكى يوق بولدى. ھەتتا ئۇلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولدى. توپ- زەمبىرەكلەرنىڭ ساداسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيا تارىخىدىكى مۇھىم رولىغا خاتىمە بەردى» (176).

ئاشۇ ئۇزاق دەۋردە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇخلاۋاتقان «بۇخارا ئۇيقۇسى»نى ئىران ئىگىزلىكىمۇ ئوخشاشلا ئۇخلاۋاتاتتى. شەرقتە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

چۆل- جەزىرە، دەشتۇ- سەھرا ئىچرە قالدىم نائىلاج،
ئاھ، قاچان بىر يول تېپىپ قوشۇلاي قاتارىمەن.

دەپ نىدا قىلىپ، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرىدىن قايغۇرسا، غەربتىكى ئىران ئىگىزلىكىدە شائىر ئەشرەفىددىن (1871-1934): «ئىران ئاغرىق، ئۇنىڭغا دەۋا بولغىدەك دورا يوق» (177) دەپ خىتاب قىلدى. ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەھەر- قىشلاقلىرىنى قاپلىغان غەپلەت ئۇيقۇسى تاكى يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگىچە داۋاملاشتى.

## خاتىمە

«ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ خۇشاللىقى بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز، ئازابىمۇ بىزنىڭ ئازابىمىزدۇر. ئەگەر ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا مۇنداق ئورتاق ھېسسىيات بولمايدىكەن، تارىخ بىر دۆۋە قەغەز پارچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ» (178).

- ماكس مۇللېر: «سېلىشتۇرما ئەپسانىشۇناسلىق»

تۇران بىلەن ئىراننىڭ مەدەنىيەت دىئالوگى تېخى ئاخىرلاشمىدى. ئىسلام قىسسىلىرىدىكى نوھنىڭ ئوغلى يافەس، يافەسنىڭ ئوغلى تۈرك؛ ئىران رىۋايەتلىرىدىكى فېرىدۇننىڭ ئۈچ ئوغلى سېلىم، تۇر ۋە ھەلاج دەۋرىدىن باشلانغان بۇ دىئالوگ ئۇزاق ئۆتمۈشنى بېسىپ ئۆتۈپ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلدى. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى غايىۋى قەھرىمانى ئالىپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياب) قەدىمكى ئىرانلىقلارغا قانچىلىك زور تەسىر قىلغان بولسا، ئىران رىۋايەتلىرىدىكى جەمشىد، رۇستەملەر ئوبرازىمۇ تۈركىي خەلقلەرگە شۇنچىلىك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، بۇ خىل مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى ئورتاق دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. پارسلار ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنى ئېلىپ كەلگەن ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭمۇ شەرققە تارقاتقۇچىسى بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئىران ۋە ئىراننىڭ غەربىدىكى رايونلارغا تارقىلىشىغا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىغا «قۇرئان»، ھەدىس- ھەپتىيەكلەردىن باشقا يەنە «مىڭ بىر كېچە» رىۋايەتلىرى، فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى، نىزامىنىڭ «خەمسە»لىرى، جالالىددىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى»لىرى، شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان»ى، ھاپىز شىرازىنىڭ شېئىرلىرى، ئابدۇراھمان جامىنىڭ قەلب دەپتىرىمۇ ھەمراھ بولدى؛ فارابى، ئىبنى سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىب، ئەھمەد يەسەۋى ۋە نەۋائىيلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىمۇ ئىرانلىقلارنىڭ بەدىئىي

تەپەككۇرىغا چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇردى. پارس ۋە تۈركىي تىللىرى تارىم چوڭقۇرلۇقلىرىدىن ئىران ئېگىزلىكىگىچە بولغان ئۇزاق تېررىتورىيىدە ئورتاق قوللىنىلدى. نەتىجىدە بۇ ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئۆتۈشۈش ناھايىتى كۈچەيدى. بولۇپمۇ ئىسلاملىشىش نەتىجىسىدە ئەرەب، پارس تىللىرى تۈركىي تىللىرىغا شىددەت بىلەن تەسىر قىلدى. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ 1944- يىلى شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان بىر ئۇيغۇرچە گېزىتنى ستاتىستىكا قىلىشقا قارىغاندا، شۇ گېزىتتىكى سۆزلەر ئىچىدە ئەرەب- پارس تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەر 40% دىن ئارتۇق سالماقنى ئىگىلىگەن (179). ئېھتىمال، تۈركىي تىللىرىنىڭ پارس تىلىغا بولغان تەسىرىمۇ خېلى كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن.

تارىخ گويا دېڭىز دولقۇنىدەك گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ يىراق ئۆتمۈشنى بۈگۈنگە ئۇلىدى. بەسرە، ئىسپاھانلاردىن سەمەرقەنت، قەشقەرلەرگە سوزۇلغان چۆل- جەزىرە ۋە توپىلىق يوللاردا «سوپى ئاللا يار»نى ئېيتىپ، ئىشق سەۋداسىغا چۆمگەن قانچىلىغان جاھانكەزدى دەرۋىشلەرنىڭ ئاياغ ئىزلىرى كۆمۈلدى؛ مەدداھ- ۋائىزلارنىڭ شاللىرىنى چاچرىتىپ، جەمشىد- رۇستەملەر ھەققىدە تەكرار- تەكرار ئېيتقان جەڭنامىلىرى چۆچەككە ئايلاندى؛ ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەجدادلىرى بىر چاغلاردا ئېتىقاد قىلغان زەردۇشتلۇق، شامانلىق ۋە مانى دىنلىرى ئىسلامىيەت ئەقىدىسى يېتىپ كەلگەن چاغدا ئىز- تىزسىز غايىب بولدى. . . قىسقىسى، «ئاۋېستا»دا يارىتىلغان ئاشۇ ئۇزاق ئۆتمۈشتىن نەۋائىي دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق جەريان شەرق تارىخىدىكى ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ئىرا بولغانىدى. ئىنسانىيەتنىڭ كۆپلىگەن مەدەنىيەتلىرى، قانۇن ئەھكاملىرى، سىستېمىلىق دىنلىرى، ئىنسان بىلەن تەڭرى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگلىرى، تەپەككۇر ۋە شېئىرىي تۇيغۇدىكى ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلىرى بۇ يەردە يارىتىلغانىدى . . . لېكىن يېقىنقى زامان ياۋروپاسىنىڭ ئويغىنىشى، يەلكەنلىك كېمىلەرنىڭ ماچتىلىرى بىلەن پار ماشىنىلىرىنىڭ سادالىرى شەرقنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئورنىنى ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى.

گېگىلنىڭ «مۇتلەق ئۇقۇم» ۋە «ئەقلىي- لىك»نى ئۆلچەم قىلغان سوغۇققان پەلسەپىسى غەرب مەركەزچىلىك تەلىماتىغا ئاساس ياراتتى. گېگىل ئۆزىنىڭ «روھىي تەرەققىيات» پرىنسىپىغا ئاساسەن ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ جەريانىنى شەرھلىدى. ئۇ: دۇنيا تارىخى ئەمەلىيەتتە ئەقلىيلىك ھالقىلىرىنىڭ روھ ئەركىنلىكى ئۇقۇمى ئىچىدىن ئاجرىلىپ چىقىشىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، شۇنداقلا روھنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ مۇقەررەر تەرەققىياتى (180) . . . دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىيات تەرتىپى: شەرق دۇنياسى ← گرېك دۇنياسى ← رىم دۇنياسى ← گېرمان دۇنياسىدىن ئىبارەت تۆت ھالقىدىن تەركىب تاپقان، بۇ تۆت دۇنيا «روھ» تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاشمىغان باسقۇچلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ شەرق دۇنياسى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ باللىق دەۋرىگە، گرېك دۇنياسى ئىنسانىيەتنىڭ شېئىرىي تۇيغۇغا باي ياشلىق دەۋرىگە، رىم دۇنياسى ئىلاھىي پەلسەپە ھۆكۈم سۈرگەن ئىنسانىيەتنىڭ قىرانلىق دەۋرىگە، گېرمان دۇنياسى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى، يەنى «روھ»نىڭ پىشقان دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ كۆرسەتتى (181). شۇندىن كېيىن، ياۋروپانىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ غەرب مەركەزچىلىك نەزەرىيىسى دۇنيا مەدەنىيىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى. غەرب ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ پاراۋۇزىغا ئايلاندى. پۈتكۈل شەرقتىكى نۇرغۇن خەلقلەر يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگەندە، ئۇزاق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، غەربتىن ئۆگىنىشنى ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇشنىڭ نەزەرىيە قورالى قىلدى. بۇنداق ھالەت ئۇزاق داۋاملاشقاندىن كېيىن، شەرقلىقلەر ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مىللىي ۋە ئىرسىي ئېنىرگىيىسىنىڭ كۈندىن كۈنگە خوراپ كېتىۋاتقانلىقىنى، روھىي دۇنياسىنىڭ قۇرۇقدىلىنىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا شانلىق ئۆتمۈشنىڭ غۇۋا مەنزىرىسى ئايان بولغانىدى.

شۇنداق، ئەمدى شەرقنىمۇ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يولىنى تېپىش زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى! . . .

## ئىزاھلار

(1) «ماركس- ئېنگېلس سەنئەت ھەققىدە»، I توم، 312- بەت، موسكۋا، رۇسچە نەشرى.

(2) مۇنبەت ھىلال ئاي رايونى- پارس قولتۇقىدىن مېسوپوتامىيە ۋادىسىنى بويلاپ غەربىي- شىمالغا سوزۇلغان ۋە ئوتتۇرا دېڭىز قىرغىقىدىن تاكى سىناي يېرىم ئارىلى ئارقىلىق مىسىرغا تۇتاشقان ھىلال ئاي شەكلىدىكى مۇنبەت جۇغراپىيىلىك زونىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە دۇنياغا مەشھۇر بولغان قەدىمكى سومېر. بابىل، ئىبراي (يەھۇدىي) ۋە مىسىر مەدەنىيەتلىرى مەيدانغا كەلگەن.

(3) خەلىپە ھارۇن رەشىد (مىلادى 786- يىلىدىن 809- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 5- خەلىپىسى. خەلىپە ھارۇن رەشىد دەۋرىدە ئەرەب ئىمپېرىيىسى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە مىسلىسىز گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن، پايتەختى باغدات ئەڭ مەشھۇر شەھەرگە ئايلانغان.

(4) ئەمىر تېمۇر (1333- 1405)، يەنى ئاقساق تېمۇر دېگەن نامى بىلەنمۇ مەشھۇر. ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان ھەتتا كىچىك ئاسىياغىچە باستۇرۇپ بېرىپ ئوسمان تۈركلىرى بىلەن تىركەشكەن. شۇ دەۋردە سەمەرقەنت ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى سۈپىتىدە مەشھۇر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان.

(5) سۇلتان سۇلايمان I (1520- يىلىدىن 1566- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋردىكى سۇلتانى. بۇ دەۋردە ئىستانبۇل ياۋروپا- ئاسىيا پاسىلىدىكى ئەڭ مەشھۇر سىياسىي مەركەزگە ئايلانغان.

(6) فىلىپ. ك. ھىتتى (ئامېرىكا): «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 1- توم 1- بەت، سودا نەشرىياتى، 1995- يىل خەنزۇچە نەشرى.

(7)، (8) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، 256-، 269- بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996- يىل نەشرى.

(9)، (10) ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 7-، 8- بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997- يىل نەشرى.

(11) گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 14- بەت، سودا نەشرىياتى، 1994- يىل خەنزۇچە نەشرى.

(12)، (13) ئې. م. بۆرنىس (ئامېرىكا) قاتارلىقلار تۈزگەن: «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»، 1- جىلد، 4- بەت، سودا نەشرىياتى، 1995- يىل، خەنزۇچە نەشرى.

(14) ۋ. ئى. ئاۋدىيېۋ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «قەدىمكى شەرق



## ھايات ھەقىقەتلىرى

# تارىخ ھەققىدە ھېكمەتلەر

▲ پەرىزىمچە، تارىخ كىشىلەر بىلەن ئوينىشىشقا ئامراق كىشىلەرگە چاقچاق قىلىشنى ياقتۇرىدۇ. ئەسلىدە مۇشۇ ئۆيگە كىرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.

**- لېنىن**

▲ ئادەم تار مەنىدىكى ھايۋانىيلىق تەبىئىتىدىن قانچىكى يىراقلاشقانسېرى شۇنچە ئاڭلىق ھالدا ئۆز تارىخىنى ئۆزى يارىتىدۇ. ئالدىن كۆرۈۋالغىلى ياكى كونترول قىلغىلى بولمايدىغان كۈچلەرنىڭ بۇ تارىخقا نىسبەتەن تەسىر كۆرسىتىشىمۇ شۇنچە كىچىكلەيدۇ. تارىخنىڭ نەتىجىسى ئالدىن بەلگىلەنگەن مەقسەتكە تېخىمۇ ئۇيغۇنلىشىدۇ.

**- ئېنگېلس**

▲ ئەڭ دەسلەپكى تارىخ قايسى شەكىلدە خاتىرىلەنگەن؟ پەرىزىمچە، داستانلار ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. قەدىمدە يېزىق ئانچە ئومۇملاشمىغان، شۇنداقلا مۇكەممەللەشمىگەنىدى. شۇڭا، كىشىلەر تەسىرى چوڭقۇر بولغان ۋەقەلەرنى خاتىرىلەش بىلەن ئەمەس، مەدھىيىلەش بىلەن ئەستە ساقلايتتى. مەدھىيىلىگۈچىلەر تىلغا باي ئىدى.

**- لياڭ چىچاۋ**

▲ قەدىمقىدىن پايدىلىنىپ بۈگۈنكىنى سۆزلەش ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان تارىخىي قاراشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**- فەن ۋېنلىيەن**

▲ فېئودالىزم دەۋرىدە شۆھرەت ئۈچۈن خۇشامەت قىلىدىغان تارىخچىلار، ئەمەلدارلار تارىخ يېزىشنى ئالىي ھۆكۈمرانلارنىڭ، مۇشتۇمزور ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئابروي قازىنىش ۋاستىسى قىلىپ كەلگەن. بۇنداق رەزىل ئادەت ئۇلارنى تارىخ يازغاندا پەرەزگە ئاساسەن تاللايدىغان ياكى شاللاپ چىقىرىۋېتىدىغان قىلىپ قويغان. ھەر قانداق بىر ئىشنى، پەرەزگە تايىنىپ يازغان گەپ- سۆزلەرنىڭ تولىسىنى يانپاشقا ئۇرۇپ تاپقان. يالغان ياۋىداق گەپلەرنى توقۇپ چىقىپ تارىخنى بۇرمىلىغان. پادىشاھلارغا خۇشامەت قىلغان. ئۇلار ئەۋلادلارغا پەقەتلا رەزىل تارىخ ۋە ساختا تارىخ قالدۇرۇپ كەتكەن، خالاس.

**- ليۇ جىجىي**

▲ كونىچە تارىخىي قاراش يېتەكچىلىكىدىكى كونىچە تارىخشۇناسلار ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلقنى ئەخمەق قىلىدىغان قورالى.

**- لى داجاۋ**

▲ ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلمىگەن مىللەت، باشقىلارنىڭ ئالدىدا قۇل مىللەت.

**- فېيرباخ**

▲ تارىخ- قەدىمنىڭ ئىزناسى، ھازىرنىڭ

## دانالار خەزىنىسى

ئەينىكى، كەلگۈسىنىڭ بېشارىتى.

- سېرۋانتىس

▲ تارىخ كۆپىنچە سەكرەپ- سەكرەپ ۋە ئەگرى- توقاي يول بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ.

- ئېنگېلس

▲ ياتلارنىڭ دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلماقچى بولساڭ چوقۇم ئۇلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىڭ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ تارىخىنى بىلىشىڭ كېرەك.

- گۇڭ زىجېن

▲ پەلسەپە كىشىنى چوڭقۇر پىكىر قىلدۇرىدۇ، ماتېماتىكا كىشىنى تەمكىن قىلىدۇ، تارىخ كىشىنى ئەقىللىق قىلىدۇ.

- فرانسىس بېكون

▲ تارىخ ئۆتكەنكى سىياسىي، سىياسىي دەل دەۋرنىڭ تارىخىدۇر.

- فرىمان

▲ تارىخىي جەريان دەۋرىيلىك بولىدۇ: بىر مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت بىر مەھەل گۈللەنگەندىن كېيىن زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ؛ يەنە بىر مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەپ تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى تېگى- تەكتىدىن ئېيتقاندا، روھىي ئامىلنىڭ تەرەققىياتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دىنىي ئىدىيە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ.

- تامبىي

▲ قەدىمكىنى ئۆگىنىش- كەلگۈسىنى بىلىش ئۈچۈندۇر.

- كۇڭزى

«تارىخ ئىلمىدىن ئومۇمىي بايان» دىن تەييارلىغۇچى:
**مۇختار مامۇت مۇھەممەدى**

## «جالالىددىن رۇمى» دىن ھېكمەتلەر

▲ كۆڭۈلدە ئىنسانلارغا مۇھەببەت بولمايدىكەن، ئۇنداقتا ھەر قانچە بۈيۈك ئىلمۇ- دانىشمەنلىكمۇ پايدىسىز ھەتتا يىرگىنچلىك.

▲ تولا گەپ- ئېشەككە يۈك.

▲ ئادەتتە كۆيۈمچان ئاياللار ۋە ئانىلار ئۆز باللىرى ۋە مەھبۇبلىرىنىڭ ناتونۇش تەرەپلەرگە بېرىشىغا ئۇناشمايدۇ، ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشىدۇ. ئەقىل- ئىدراك نۇرى بىلەن يورۇتۇلمىغان بۇنداق مېھىر- مۇھەببەت ئالەمنى قۇچاقلاشقا ئىنتىلىدىغان ئاشۇ نارەسىدە روھلارغا يار- يۆلەك بولۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا زەنجىر بىلەن ئېسىلغان تاش بولۇپ، ئۇلارنى يارامسىزلىق ۋە پەسكەشلىك ئورىكىگە قاراپ سۆرەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاخىرىدا ئالەم بىلەن ئادەملەر بىرلىكىنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ.

▲ تىلەك شارابقا ئوخشاش، ئۇ قانچە ئۇزۇن تۇرسا شۇنچە قۇۋۋەتلىك بولىدۇ.

▲ سەن ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇشۇڭ مۇمكىن، پەقەت بىرلا نەرسىنى ئۇنتۇمىساڭ بولغىنى، يەنى دۇنياغا نېمىشقا كەلدىڭ؟ ئۆزۈڭنى ئەرزىنىڭلا گۆرۈگە قويۇپ سېتىۋەتمە، چۈنكى سېنىڭ باھايىڭ يۇقىرى.

▲ ئويلاش باشقا، بىلىش باشقا.

▲ ھەقىقەتنى كۆز ئەمەس، كۆڭۈل تونۇيدۇ.

▲ تارىخ- خاتالىقلارنىڭ يىغىندىسى ئەمەس، ئورۇنۇشلارنىڭ جەريانىدۇر.

▲ سۆز- لىباس، مەنا- ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن سىر.

▲ ئادالەت يۈكىنى ئوتۇنچىنىڭ تارازىسىدا ئەمەس، زەرگەرنىڭ تارازىسىدا تارتىش كېرەك.

▲ شائىر ھەمىشە ئاشىق. ئاشىقلارنىڭ كۆزلىرى يېنىپ تۇرغىنى بىلەن، رەڭگىرويى سۇنۇق بولىدۇ.

▲ ئادەملەر مىسالى ئەينەك، ئۇلارنىڭ گۇناھىدا سېنىڭ گۇناھلىرىڭ ئەكس ئېتىدۇ.

▲ ئوغۇلبالا پەقەت ئاتا ۋاپاتىدىن كېيىنلا ھەقىقىي ئوغۇلبالا بولىدۇ.

▲ تەڭرىدىن كېلىمىز، تەڭرىگە بارىمىز، ئاللانىڭ سەلتەنىتىدىن بۆلەك سەلتەنەت يوق. غايىبتىن چىقىپتۇق، غايىبقا يەتكەيمىز.

▲ ئوت كۆمۈردىن تۇغۇلۇپ، كېيىن يەنە كۈل- كۆمۈر قالدۇرغىنىدەك، غەزەپمۇ مەغرۇرلۇقتىن تۇغۇلۇپ، يەنە مەغرۇرلۇق پەيدا قىلىشىنى كىم بىلسۇن.

▲ ئىلىم نانغا ئوخشايدۇ، ئون پاتمان ناننى كۆتۈرۈش ئوڭاي، ئەمما يېيىش قىيىن.

▲ چېقىمچىنىڭ چېقىمچىلىقتىن ھالاك بولمىقى راست.

▲ ئىنسان ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانغا مۇھەببەت باغلاش بىلەن ئۆز ماھىيىتىنى، ئومۇمەن ئىنسانلىق ماھىيىتىنى تاپالايدۇ.

▲ كىمكى بىزگە مەھبۇب ئەمەس، ئۇنىڭ ئەڭ ئېغىر گۇناھلىرىنىمۇ كەچۈرۈش كېرەك. كىمكى بىزگە مەھبۇبدۇر، ئۇنىڭ قىلچە گۇناھىنىمۇ كەچۈرۈشكە بولمايدۇ.

▲ كۆزۈڭنى يۇم، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل.

▲ ئىنسان روھى سىغدۇرالمىغان نەرسىنى سۆز سىغدۇرالمايدۇ. ھېكمەت كۆپ جايدا قايغۇمۇ كۆپ.

▲ ئەجەلدىن ئەمەس، كۆڭۈل ۋە ئەقىلنىڭ كورلۇقىدىن قورق.

▲ كىمكى دۇنيانىڭ غېمىنى يېمەي، ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئويلىسا، بىر ئۆزى ئۈچۈنلا كۆيۈپ- پىشسا، ئۇ ئىنسان ئەمەس، بەلكىم بىر قورالدۇر.

▲ تەختتە ئولتۇرۇپ ھەقىقەت ئىزدەش- چۆلدە يوقاتقان تۆگىنى ئوردا ئۆيلىرىدىن ئىزدىگەندەك ھاماقەتلىكتۇر.

▲ ھەقىقىي ھاكىمىيەت ئادەملەر ئۈستىدە ئەمەس، ئۇلارنىڭ قەلبى ئۈستىدىن قارار تاپىدۇ.

▲ ساڭا قانداقلا پەتىۋا بېرىشمىسۇن، ئۇ كىم توغرىسىدا بولمىسۇن، ئاۋۋال قەلبىڭ بىلەن كېڭەش.

▲ ھۆكۈمدارغا قانچىكى يېقىنلاشساڭ قەلبىڭدىن ۋە ھەقىقەتتىن شۇنچە يىراقلىشىسەن. ئەڭ ئادىل پادىشاھنىڭ كۆز- قۇللىقى بولۇشتىن كۆرە ئىشق بىلەن مۇنەۋۋەر ئازاد قەلبكە قۇل بولغىنىڭ مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل.

▲ دىل- دېڭىز، تىل- قىرغاق، دېڭىز دولقۇن كۆتۈرسە، ئۆز قوينىدا بارنى قىرغاققا سۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ نېسىۋە ھەممىگە باراۋەر بېرىلىدۇ، ئەمما ھەر كىم قۇربى يەتكۈچە ئالىدۇ.

▲ كۆڭۈلنى تازىلاش- ھاجەتخانىنى تازىلاشتىن مۇشكۇل.

▲ ئاچلىق- يولۇچىنى ئاداشماي مەنزىلگە يەتكۈزگۈچى ئات.

▲ جەڭچىنىڭ كەمىرىدىكى شەمشەر غىلاپىدا تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا كۈچ بېغىشلايدۇ.

▲ بىر غاردا ئىككى ئارسلان بىرگە تۇرالماس.

▲ - كۆز نېمىشقا يۇمۇقلۇق بولۇر؟
- باشقىلارنىڭ گۇناھى، ئۇياتلىق ئىشلىرىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن.

▲ ئاھ، يەر ئۈستىدە يۈرگەن بەزى ئادەملەرنى بىز تىرىك ھېسابلايمىز، ئەسلىدە ئۇلار ئۆلۈك. يەر ئاستىدا ياتقان بەزى زاتلارنى ئۆلۈك ھېسابلايمىز، ئەسلىدە ئۇلار تىرىك.

▲ كىم بىزگە دوست بولسا، شۇ ئۇلجىغا شېرىك!

▲ ئىنسان ئەينەك بولمىسا، ئۆز چىرايىنى كۆرەلمەيدۇ. بۇ، باشقا بىر كىشىسىز ئۆزىنى بىلەلمەيدۇ، دېگەنلىك. چۈنكى جامائەت ۋەكىلى ھېسابلىنىدىغان ئىنسان ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىلىدۇ، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن چۈشىنىدۇ.

▲ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر ئىنسان ئۈچۈن، پەقەت ئىنسان ئۆز ئۆزى ئۈچۈندۇر.

▲ بۇ دۇنيادا مۇھەببەت بىلەن نەپرەت بىر-بىرى بىلەن ياندىشىپ ماڭىدۇ. مۇھەببەت قانچىلىك ساپ ۋە پاك بولسا، ئۇ، يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە شۇنچە دۇچ كېلىدۇ.

▲ ئىنسانلار ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزمەكچى بولساڭ، ئىنسانلىقىڭنى ئۇنتۇ.

▲ ئىمان شام- چىراغدۇر، لېكىن ئىنسانلارغا مۇھەببەت قۇياشى يورۇسا، ئىمان ۋە ئىمانسىزلىق دېگەن چۈشەنچىلەرنىڭ ئۆزى كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

▲ ھەتتا قۇياشمۇ ئۆز ئۆزىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەككە موھتاج.

▲ بەزىدە تىرىكلەرنى چۆكۈرۈش ئۈچۈن ئۆلۈكلەر ئاجايىپ ماختىلىدۇ.

▲ نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇر- كۆپتۇر غەپلەت باسىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ غاپىللىقتا قېلىش شارائىتىغا قاراپ ئۇنى بەزىدە ئىللەت، بەزىدە پەزىلەت دەپ ئاتىشىۋالىدۇ. ئەمما ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىللەت- غاپىل بولۇپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ھەممە نەرسىدىن سەگەك تۇرىمەن، دەپ بىلگۈچى ۋە شۇ ۋەجىدىن ئۆزىنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن ئۆزىگە ئەرك بەرگۈچى غاپىللىقتۇر.

▲ دۇنيادىكى زىندانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىكى- ئادەملەرنىڭ بېشىدىكى زىندان.

▲ ئېرىشكىنىڭگىلا قانائەت قىلىش- مەنىۋى ئۆلۈم، زامان بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، بىرلىكتە قەدەم تاشلاش- ھاياتلىق.

▲ ھاسىلى مەقسەت ھەممىشەم سەۋر بىلەن.

▲ ئەركىن شېئىرىي داستان ھاياتقا- كىشىلەر ئارىسىغا قاراپ ئاقىدۇ. بەزىدە يامغۇر تامچىلىرىنىڭ شىۋىرلاشلىرىدەك، بەزىدە كۈن بىلەن تۈننىڭ ئالمىشىپ، يىللارنىڭ ئۆتكىنىدەك ياڭراق، بەزىدە يالقۇنلاپ، ئۆتكۈرلىشىپ، بەزىدە خۇشال- خۇرام، بەزىدە بولسا پەردىنى قايرىپ قويۇپ يالىڭاچ چىقىدۇ.

▲ شائىرلار كېسەل سەۋەبىدىن ئەمەس، كۆڭۈل ئاغرىقى- ئەلەم دەستىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

تەييارلىغۇچى: **ئەنۋەر ئەخەت** (ئوقۇغۇچى)

## ھېكمەتلەر

▲ روھىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ھادىسە ھەم ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ باشلىنىشى، ھەم ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ ئاخىرلىشىشى.

**- ياسپىرس**

▲ گۈزەل ئەخلاق دەپ قارالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىلا كىشىلەرگە بەخت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، ئەمما كۈچلۈكلەرلا ئۆزىنىڭ بەختىنى گۈزەل ئەخلاق، دەپ جاكارلىيالايدۇ.

**- نىتزى**

▲ بىز ھەر قانداق خۇشاللىقنى تاللىيالمايمىز، ئەمما ئېغىر ئازاب خۇشاللىققا ئەگىشىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ھەمىشە نۇرغۇن خۇشاللىقتىن ۋاز كېچىمىز.

**- دېئوگىننى لارىشۇ**

▲ ئادەم گۈزەللىكنىڭ ياردىمى ئارقىلىقلا ئۆزىنى بەخت ئىچىگە قويالايدۇ.

**- ماركۇس**

▲ ئادەم ئۆزىنى ئىگىلەش ئارقىلىقلا ئۆزىنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرەلەيدۇ.

**- ساموئېل مورسون**

▲ تۇرمۇشنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن ئەنسىرىمەي، تۇرمۇشىڭىزنىڭ ئەبەدىي باشلانماي قېلىشىدىن ئەنسىرەڭ.

**- ج. نىئومان**

▲ نىشان سىزنىڭ قانداق ئادەمگە ئايلىنىشىڭىزنى بەلگىلەيدۇ.

**- يولىئوس ئېرۋىڭ**

▲ ھېچقانداق ئۈمىدكە ئىگە بولمىغان ئادەم مەڭگۈ ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ.

**- بېرناردشاۋ**

▲ تۇرمۇشنىڭ يېرىمى سەل قارالغان بارلىق پۇرسەتلەردىن تەشكىل تاپىدۇ.

**- ئو. ھولمىس**

▲ ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، بىز ھەرگىزمۇ ياخشى ياكى يامان بولمايمىز، بەلكى ئۆزىمىزگە تېخىمۇ ئوخشاپ قالىمىز.

**- م. بېكىر**

▲ دۈشمەندىن ئۆگىنىش ھەرگىزمۇ قانۇنسىزلىق ئەمەس.

**- د. يۇم**

▲ خۇدانىڭ ئىنساننى سىناشتىكى بىردىنبىر پۇرستى- ئوڭۇشسىز شارائىت.

- گىئورگىي ئىلىلئوت

▲ پرىنسىپ ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئاسان، ئەمما پرىنسىپنىڭ تەلىپى بويىچە ياشاش تەس.

- ئا. ستىۋېنسۇن

▲ ئادەم بىردىنبىر كۈلەلەيدىغان ۋە يىغلىيالايدىغان هايۋان، چۈنكى ئۇ بىردىنبىر شەيئىلەرنىڭ هازىرقى هالىتى ۋە كەلگۈسى هالىتىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان هايۋان.

- خازلىت

▲ شەيئىلەرنىڭ هەقىقىي گۈزەللىكى ئەستايىدىل كۈزەتكۈچىنىڭ قەلبىدە مەۋجۇت.

- د. يۇم

▲ هەقىقىي ئىلىم ئالدى بىلەن كىشىلەرگە گۇمانلىنىشنى ۋە ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى بىلىشنى ئۆگىتىدۇ.

- ئۇ. نامۇند

▲ بىز ئۆزىمىز چۈشەنگەن نەرسىلەرنىلا ياخشى كۆرىمىز، ياخشى كۆرمىگەن نەرسىنى مەڭگۈ چۈشەنمەيمىز.

- ئا. خوكسىلى

▲ ئەركىنلىك مۇنداق نەرسە: باشقىلارغا بەرمىسەڭ، ئۆزۈڭمۇ ئېرىشەلمەيسەن.

- ۋات

▲ بارلىق ئادەمنىڭ پىكىرىگە قوشۇلغان ئادەم هېچقانداق ئادەمنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

- پالمىرستون

▲ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنىڭ يولى بىر ئەمەس، ئەمما ئادەم بولۇشنىڭ يولى بىر، ئۇ بولسىمۇ، باشقىلارغا ياردەم بېرىش.

- لورىمىر

▲ باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىز ئۈمىد قىلغان ئادەمگە ئايلىنالمىغانلىقىدىن قايغۇرماڭ، چۈنكى سىزمۇ ئۆزىڭىز ئۈمىد قىلغان ئادەمگە ئايلىنالمايسىز.

- ت. توماس

▲ هەسەتخورلار باشقىلارنى بىزار قىلىدۇ، ئەمما ئۆزىنى ئازابلايدۇ.

- ۋ. چېنى

▲ تەڭرى كىمنى هالاك قىلماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۇنى سارالڭ قىلىشى كېرەك.

- ئېۋرىپىدىس

▲ ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى باشقىلاردا كۆرۈش- ئادەمنى ئەڭ ئازابلايدۇ هەم بىزار قىلىدۇ.

- فوللىر

▲ هېچقانداق هايۋان مەستلىكتە ئادەمدەك ئوسال ئىش قىلىشنى كەشپ قىلمىغان هەم هاراقتەك شېرىن نەرسىنى كەشپ قىلمىغان.

- چېس ترتۇن

▲ قورساق بەك تويۇپ كەتسە هەم ئۇرۇش قىلالمايسەن، هەم يېڭىلگەندە قاچالمايسەن.

- ناپالئون

▲ تۇرمۇش بىر ئويۇن، ئويۇندىن بۇرۇن سيۇژىتىنى بىلىۋالساڭ، ئۇنى قەتئىي كۆرگۈڭ كەلمەيدۇ.

- كولبى

▲ ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش هەر ئىككى تەرەپنىڭ خاتا قىلغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

- ۋولتېر

▲ ئايرىلغىلى بولمايدىغان جەننەت دوزاختەك.

- «ئىنجىل»دىن

▲ هەقىقەتنى سۆزلەشنى خالىمىغان ئادەم جاهىلدۇر؛ هەقىقەتنى سۆزلەشنى بىلمىگەن ئادەم ئەخمەقتۇر؛ هەقىقەتنى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئادەم قۇلدۇر.

- دراموند

▲ ئارقىغا قارىغاندىلا تۇرمۇشنى چۈشەنگىلى بولىدۇ، ئەمما تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم ئالدىغا قاراش كېرەك.

- كىرگەيگوئېر

▲ تۇرمۇش هەممە ئادەم ئۆگىنىدىغان، هېچكىمنىڭ ئۆگىنىشى زۆرۈر بولمىغان سەنئەت.

- بېرن خارت

▲ دۇنيانى ئادەملەشتۇرۇش دېگەنلىك- دۇنياغا ئادەمنىڭ خوجايىنلىقىنى هېس قىلدۇرۇش دېمەكتۇر.

- نېتىزى

---

توپلىغۇچى: ئىلتىكىن

# هېكمەتلەر

▲ ئەركىن ۋە ئادىل بىر دۆلەتتە، بايلىق هۆرۈن ۋە قابىلىيەتسىزلەر ئىلكىدىن ئىشچان، باتۇر ۋە ئىرادىلىكلەر ئىلكىگە ئۆتىدۇ.

- ئېمېرسون

▲ ئەڭ ئالىي قانۇن شۇكى، مالنى ئىشلىتەلەيدىغان ئىگىسىگە بېرىش.

- تورو

▲ نامرات ئادەمنى قوشنىسىمۇ ياقتۇرمايدۇ، باينىڭ دوستى كۆپ بولىدۇ.

- «ئىنجىل» دىن

▲ تېز بېيىمەن دېسەڭ، جازالانماي قالمايسەن.

- «ئىنجىل» دىن

▲ ئەگەر سەن خىزمەتنى سۆيمەي، ئۇنىڭدىن بىزار بولساڭ، ئەڭ ياخشىسى خىزمەتنى تاشلاپ، چېركاۋ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئىشتىن خۇشال-خۇرام يانغانلار بەرگەن سەدىقىنى ئال.

- گالىل گىبلان

▲ ئالدىراش بولغىن، ئالدىراش ئۆتكىن، ئۇ، دۇنيادىكى ئەڭ ئەرزان دورا، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى دورىلارنىڭ بىرى.

- دېئېل كارنېگ

▲ سەن ئىشنى سۆيلىگىن، ئىش سېنى سۆيلىمىسۇن.

- فرانكلىن

▲ بايلىق توپلىيدىن كاردىن چىققان ئادەملەر بىلەن بېرىش- كېلىش قىلماسلىق كېرەك.

- كيورى خانىم

▲ قان بىلەن گۆشنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات بىلەن روھنىڭ ئوخشاش بولۇشى سەۋەبىدىن بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە.

- چايكوۋىسكىي

▲ دوستىدىن يۈز ئۆرىگەن كىشىلەر كۆپ ھاللاردا بىلىپ- بىلمەي ئۆزىنىمۇ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

- ئېزوپ

▲ دۈشمەننىڭ كۈلكىسى ئادەمنى زەخمىلەندۈرىدۇ، دوستلارنىڭ ئەيىپلىشى كېسەلگە شىپا بولىدۇ.

- ئاتىلار سۆزى

▲ دۇنيادا ئەڭ كەڭ نەرسە، ئادەمنىڭ قەلبىدۇر.

- ھيوگو

▲ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمگەك قىلىدىغان ئادەم ئاتاقلىق ئالىم، كامالەتكە يەتكەن ئەقىدە ئىگىسى، داڭدار شائىر بولالىشى مۇمكىن. بىراق ئۇ ھەرگىزمۇ يېتىشكەن ئادەم ۋە ئۇلۇغ ئادەم بولالمايدۇ.

- ماركس

▲ ئادەم ھەقىقەتنى ئىزدەش يولىدا ئۈزلۈكسىز خاتالىق سادىر قىلىدۇ.

- گيوتى

▲ ئىشەنچتىن مەھرۇم قالغان چېغىڭدا، ۋۇجۇدۇڭدا جان قالمايدۇ.

- چوڭ دىيوما

▲ بىر مىنۇت نۇتۇق سۆزلىمەكچى بولساڭ، ئاز دېگەندە بىر كۈن تەييارلىق قىل.

- ھاربى

▲ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئىسمى ئۆزىگە بىر قوللىنىدىغان بارلىق تىللار ئىچىدە ئەڭ يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ.

- دېيىل كارنېگ

* * *

▲ قەيەردە قىزىقىش بولمايدىكەن، شۇ يەردە خاتالىقمۇ بولمايدۇ.

▲ بىرىنچى بولغانلاردىن قورققان ئادەم مەڭگۈ بىرىنچى بولالمايدۇ.

---

توپلىغۇچى: مۇھەممەتجان توختى (ئوقۇغۇچى)

## لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيىتى

تارىخنىڭ جاكارچىسى ئۆتمۈشتىن شۇنداق خەۋەرلەر بېرىدۇكى، مەشھۇر ھۆكۈما، ئۆز زامانىسىنىڭ دانىشمىنى بولغان لوقمان ھەكىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئوغلىغا مۇنداق ۋەسىيەتلەرنى قىلغان:

- ئى ئوغلۇم، ئۇلۇغلۇقنىڭ دەسمايىسى- ئەقىل- پاراسەت ھەم ئەدەپ- ئەخلاققا ئىگە بولۇشتۇر، چۈنكى ئەقىل- پاراسەت، ئەدەپ- ئەخلاق ئىنسانغا ئەتراپلىق پىكىر قىلىش، دەل- مۇۋاپىق سۆزلەش، ئىش- ھەرىكەتتە ئادىل بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەتنى بەخش ئېتىدۇ.

ھەر دائىم ئاتا- ئاناڭنى ئىززەتلە، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى چوقۇم ياخشى قىلغىن. ئۇستازلىرىڭنى داۋاملىق ئەزىز كۆرگىن. ھەر قاچان دانىشمەنلەرنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتقىن. ياخشى ئىشلارغا جان دىلىڭ بىلەن تىرىشقىن، كىرىشكىن.

ھەر قانداق ئىشلىرىڭنى دانالار بىلەن كېڭەشىپ قىلغىن، چۈنكى ئادەم ئۆزىدىن ئەقىللىقراق كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئۇنىمىسىقى لازىمدۇر، بولمىسا ئاخىرىدا پۇشايماندا قالىدۇ.

ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سال. پەرزەنتىڭگە ئىلىم ۋە ئەخلاق ئۆگەتكىن.

ھەر قانداق ئىشتا ياخشىلىق ۋە نۇسرەت تاپاي دېسەڭ ھەمراھنى ياخشى تاللاپ تۇتقىن.

ھەر قاچان بىلىملىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلا. سورىماستىن ئاۋۋال سەن سۆزلىمە. ئۇستازىڭ بار جايدا تىلىڭنى ھەم قولۇڭنى يىغ. بېشىم ئامان بولسۇن دېسەڭ، تىلىڭنى چىڭ تۇت، بولمىسا تىلىڭ بېشىڭنى يونار.

يامانغا يولداش، نادانغا سىرداش بولما. ھەممىشە ھالىڭغا بېقىپ ئىش قىل. چىرايىڭنى ئوچۇق تۇتقىن. كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىل.

خەلقىڭنىڭ قەدرىگە يەت. ئۆز ئېلىڭنى سۆي.

خەلقىنىڭ بېشىغا بىرەر مۈشكۈلات چۈشسە سەن قولۇڭدىن كېلىدىغان بارلىق چارە- ئامالىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىن.

كىشىلەرنىڭ كەينىدىن غەيۋەت- شىكايەت قىلما. ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمە، ئاش- نان، ئوزۇقلۇق ئۆزۈڭدە بار تۇرۇقلۇق باشقىلارنىڭ مىننىتىنى ئىشتىدىغان قىلىقلارنى قىلمىغىن، مىننەتلىك تائام قورساقنى ئاغرىتىدۇ.

ھەر كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرسەڭ تىلىڭ بىلەن كۆزۈڭنى يىغىپ ئولتۇرغىن. ئاز سۆزلىمەك، ئاز يېمەك، ئاز ئۇخلىماق، ئاز ئولتۇرماقنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل، بۇ، كۆڭۈللۈك ھايات كەچۈرۈشىڭگە پايدىلىقتۇر.

ھەر جايغا بارساڭ ئۆز ئورنىڭنى بىلىپ ئولتۇرغىن. ھەرگىزمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلما، ئاچچىقلىنىپ سۆزلىمە. كېچىدە سۆزلىسەڭ ئاستا سۆزلە، كۈندۈزلىرى سۆزلىسەڭ ئەتراپىڭغا بېقىپ سۆزلە، بىپەرۋالىقتىن خىجالەتچىلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ.

بېخىلدىن ھەرگىزمۇ ياخشىلىق كۈتمە. مويسىپىتلەرگە (ئۆزۈڭدىن چوڭلارغا) بىھۆرمەتلىك، بەتقىلىقلىق قىلما.

مېھماننى ئىشقا بۇيرۇما. ھاجەتمەننى نائۇمىد قايتۇرما.

قىلىقى سەت (بەتبەشىرە) ئىبىسلىدىن ۋاپا ئىزدىمە. مەست بىلەن دىۋانىغا نەسىھەت قىلما، ئۇلارغا نەسىھەتنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق.

ھەر قانداق ۋاقىتتا پايدا- زىيان قوغلىشىپ، ئىززەت- ئابرۇيىڭنى تۆكمىگىن.

ۋەدەڭگە چوقۇم ۋاپا قىلغىن. رەقىبىڭگە ھەرگىزمۇ رەھىم ئەيلىمە.

www.uyghurkitap.com

مېھمانلارنىڭ ئالدىدا كىشىلەرگە زادى ئاچچىقلانما، سۆزلىرىڭنى ئاۋۋال كۆڭلۈڭدە ئويدان پىشۇرۇۋپ، ئاندىن بايان قىلغىن.

ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى ئويدان ئويلان، ئاندىن پۇختا قىل. بىلمىگەن ئىشقا ھەرگىزمۇ ئۇستاتلىق قىلمىغىن.

ياخشىنى قەدىرلە، ئەسكىنى خارلىغىن.

خۇلقىڭنى تۈزەت. غاپىل بولما. پىتنە- پاساتتىن يىراق بول. دۈشمەنىنىڭ ھىيلىسىدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرغىن. ھارامغا قوشۇلما. ناھەق قان تۆكمە. ھەممە ئىشتا ئوتتۇراھال يول تۇتقىن. كۆرمىگەن نەرسىگە گۇۋاھلىق بەرمە. ئۇنداق قىلمىساڭ، بۇ دۇنيادا خىجالەتچىلىككە، ئاخىرەتتە ئازابقا يولۇقىسەن. دوستۇڭغا كېرەكلىك نەرسىنى ھەرگىز ئايىماي قالما.

بۇ دۇنيا بىر قونالغۇ، سەن ئۇنىڭدىكى بىر كارۋان. ئەگەر بەخت- سائادەتمەن بولاي دېسەڭ، نەسىھەتلىرىمنى ئېسىڭدە تۇتۇپ بىجا كەلتۈرگەيسەن، ساڭا ئاسايىشلىق، ئامەت ئەبەدىي يار بولغاي.

تۈپلىگۈچى: **ئۇبۇلقاسىم مەتنىياز**

## ھېكمەتلەر

▲ ئۆتكۈر ئىرادىسىنى يوقاتقان مىللەتنىڭ ئىشلىرىدا قانداقمۇ تۈزۈلۈشنىڭ ئۈمىدى بولسۇن؟

▲ جاپا- مۇشەققەتتىن كېيىن ئارزۇ- ئارمانغا يېتىش باقىيدۇر. سەۋر- تاقەت ساقايماس كېسەلگە داۋادۇر.

**- ئابدۇقادىر داموللام**

▲ سالماق بولۇپ باشقىلاردىن مەسلىھەت سورا. چۈنكى بەزى ئىشلار ئوچۇق- ئاشكارا، بەزى ئىشلار مەخپىي- يوشۇرۇن بولىدۇ. ئىككى كىشىنىڭ پىكرى بىر كىشىنىڭ پىكرىدىن ئەۋزەلدۇر. ئۈچ كىشىنىڭ پىكرى بۇزۇلمايدۇ.

**- ھارۇن رەشىد**

▲ توغرا سۆزنى ئەيىبلەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. بۇ، خاتا چۈشەنچىدىن كەلگەن ئاپەتتۇر. ئەمما كىشىلەر شۇ توغرا سۆزدىن ئۆزلىرىنىڭ بىلىم- ئىقتىدارىغا لايىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىدۇ.

▲ كىمكى ئوۋ ئوۋلاشتا شىرنى قارچۇغا ئورنىدا ئىشقا سالسا، شىر ئۇ ئادەمنى ئوۋلىغان نەرسىلەر قاتارىدا ئوۋلاپ قويىدۇ.

**- مۇتەنەببى**

▲ ئەڭ ۋەھشىي يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن پاناھلانغۇدەك تاغ تېپىلىدۇ. يىراق ئادەملەرنىڭ يامىنىدىن پاناھلانغۇدەك تاغ تېپىلمايدۇ. يىرتقۇچ ھايۋان چېقىلماي ئامان قالغان ئادەملەر ناھايىتى كۆپ بولىسمۇ، ئادەم ئەرزىيەت يەتكۈزمىگەن بىرمۇ ئادەمنى كۆرمەيسەن.

**- ئەبۇل پەتھى**

▲ قاتتىقچىلىقتىن كېيىن مەمۇرچىلىق كېلىدۇ. غەم- قايغۇ دەرھال كېلىدىغان خۇشاللىقتىن بېشارەت بېرىدۇ. قارايدىغان بولساڭ، ئىنسان ئۈچۈن كېتىپ قالىدىغان نېمەتتىن كېتىپ قالىدىغان دىشۋارچىلىق ياخشى.

**- مەجدۇل مەلىك**

ئەرەبچىدىن: **شىھابىددىن ئابدۇلئەھەد** تەرجىمىسى

## ھېكمەتلەر

▲ بىلىمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قانچە ئۆرلىگەنسېرى كۆز ئالدىمىزدىكى مەنزىرە شۇنچە ئۇلۇغۋار بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

**- رادىشېۋ**

* * *

▲ چىدامسىزنىڭ ئىشى ئۇنۇمسىز، چىرايلىقنىڭ ئىچى كۆيۈمسىز.

▲ كۆيگەن ئۆتنى كوچىلىما، ياش ئالىدۇ، ئۇزۇنسىز ئىشنى كوچىلىما، باش ئالىدۇ.

▲ ئوغلۇڭ ۋايىغا يەتسە ئابرۇيۇڭ جايىغا يېتەر.

▲ ئادەم ماڭمىغان يول يامان، ئىگىسى چىقمىغان سۆز يامان.

▲ بارنىڭ ئىشى پەرمان بىلەن، يوقنىڭ ئىشى ئارمان بىلەن.

▲ ھېجىيىشنى بىلمىسەڭ، سودا- سېتىق قىلما.

تۈپلىگۈچى: **ئەھمەتجان تاشتۆمۈر**

## ھېكمەتلەر

▲ پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىگە كۆڭلى بار كىشى كور، گاس، جولاق، ئاقساق بولۇشى لازىم. تىلنى شاھلارنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاشتىن كېكەچ قىلىش كېرەك. بۇ، بارچە ئىشلاردىن قىيىندۇر.

**- ئەلىشىر نەۋايى**

▲ ساقال بويۇندىن ئۆزۈراپ كەتمىگەن تەغدىردە ئادەمگە زىننەت.

**- زەمەخشەرىي**

▲ جىملىقتا يەتتە خاسىيەت بار: 1. ئۇ- زىبۇ- زىننەتسىز گۈزەللىك؛ 2. سەلتەنەتسىز ھەيۋە- قۇدرەت؛ 3. مېھنەتسىز ئىبادەت؛ 4. سېپىلسىز قورغان؛ 5. ئۆزرىدىن قۇتۇلۇش؛ 6. پەرىشتىدەك ئازادلىق؛ 7. ئەيىبلەردىن خالىيلىق.

**- لوقمان ھەكىم**

تۈپلىگۈچى: **ئاسىمجان ئۇبۇلقاسىم** (ئوقۇغۇچى)

# شەمسۇلمائالى قابۇس ھېكمەتلىرىدىن

## - «قابۇسنامە» دىن ھېكمەتلەر

▲ ھۈنىرى يوق ئادەم ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بەلكى ھايۋان ھۈنەرسىز ئادەمدىن ياخشىراق. چۈنكى ھايۋان خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ھۈنەرسىز ئادەمنى «ئىنسان سۈرەتلىك ھايۋان» دېيىشكەندۇر.

▲ ئاتا- ئانىدىن قالغان نام (نەسەب) بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئۆز ھۈنەر- كەسپىڭ ۋە ئەقىل- پاراسىتىڭ بىلەن ئىپتىخارلان. چۈنكى، ئاتا- ئاناڭ ساڭا چىرايلىق قىلىپ ئەھمەد، ياكى مەھمۇد، ئابدۇللا، ئابدۇراھمان دەپ ئات قويغان بولسا، بۇ ئاتلار ساڭا شەرەپ بولالمايدۇ. سەن ئۆزۈڭ تىرىشىپ ھاسىل قىلغان ئالىم، پەيلاسوپ، دوختۇر، ئۇستاز- مۇئەللىم ياكى ھۈنەرۋەن دېگەن ئىسىملارنىڭ ساڭا مەنسۇپ بولۇشى شەرەپلىكتۇر.

▲ ھەر بىر ئاڭلىغان سۆزۈڭنى سۆزلەۋەرمە. بەزى سۆزنىڭ ئاساسى- ئىگىسى يوق بولۇپ قالسا، ئىغۋا تارقاتقان بولىسەن.

▲ ھەر قانداق خۇشاللىق كەلسە، ئالدىراپ سۆيۈنمە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قايغۇسى بولىدۇ. ھەر قانداق كۆڭۈل يېرىمچىلىقى- خاپىلىق كەلسە، رەنجىپ كەتمەي ئۆزۈڭنى چىڭ تۇتۇپ يۈرگىن، ئاخىرىدا شادلىق كېلىدۇ.

▲ بىر ئادەم بىر يامان ئىش قىلسا، ئىبرەت كۆزۈڭ بىلەن قارىغىن. ئۇ ئۇنداق قىلدى، مۇنداق قىلدى، دەپ ئەيىبلىمە. ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇنداق يامان ئىش قىلمىغىنىڭغا شۈكۈر قىل.

▲ كىشى تۆۋەندىكى سۈپەتلەرگە ئىگە بولسا خۇدا ۋە خەلق ئالدىدا يارامىلىق كىشىلەردىن بولىدۇ. ئۇ سۈپەتلەر: 1. ئىلىم؛ 2. ئەدەپ؛ 3. كەمتەرلىك؛ 4. تەقۋادارلىق (يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىماق)؛ 5. سۆز- ھەرىكەتتە توغرىلىق؛ 6. دىن- دىنىيەتتە پاكلىق؛ 7. خەلقنى رەنجىتمەسلىك؛ 8. زىيان- زەخمەت يەتكەندە سەۋرلىك بولۇش. بۇ ئىشلارنىڭ تايىنىدىغان كۈچى- ھايادۇر. ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھەر قاچان ئادەمدە ھايا بولسا، ئىمانمۇ بولىدۇ. ھايا بولمىغان ئادەمدە ئىمانى كامىللىق بولمايدۇ. ئىمانى بار ئادەمنىڭ ھەممە ئىشلىرى ياخشى بولىدۇ.

▲ ئەگەر ھەق- توغرا سۆز بولسىمۇ، يالغانغا ئوخشاپ قالىدىغان (ئىشەنچىسىز) بولسا، مۇنداق سۆزنى سۆزلىمە، يەنى كىشىلەر ئىشەنمەيدىغان سۆزلەرنى سۆزلىمە. چۈنكى، توغرا سۆز يالغان سۆزگە ئوخشاپ قالسا، يالغان بولىدۇ. بەزىبىر ھاللاردا بىر يالغان سۆز ھەق- توغرا سۆزگە ئوخشىسا، ھەق سۆزدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

▲ بىلىش لازىمكى، ئادەم- سۆزى ئاستىدا يوشۇرۇنغان بولىدۇ، سۆزلىمەي تۇرۇپ كىم ئىكەنلىكى بىلىنمەيدۇ. ھەزرىتى ئەلى ئېيتقانكى: «ئادەم تىلىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ.» ئادەم سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى سۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

▲ ئەگەر بىر گۇرۇھنىڭ ئىچىدە بولساڭ، سۆزۈڭنىڭ توغرىلىقى ئۈچۈن قانچىلىك دەلىل- پاكىت كەلتۈرسەڭمۇ سۆزۈڭنى ئاڭلىمىسا، قارشىلىق كۆرسىتىپ قوبۇل قىلمىسا، مۇشۇنداق شارائىتتا مەزكۇر گۇرۇھنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق سۆزلىشىڭ لازىم. شۇ يول بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن جېنىڭنى قۇتقۇزغايسەن.

▲ ئەگەر دۇنيادا زەخمەت (جاپا) چەكمەي دېسەڭ ۋە ئىنسانىي ئۆمۈر كەچۈرەي دېسەڭ، ئۆز ئىشىڭ بىلەن شۇغۇللىنىپ، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما. ئەگەر خەلق مېنى ساراڭ دېمىسۇن دېسەڭ، ھاسىل بولمايدىغان نەرسىنى ئىزدىمە. ئەگەر ھۆرمەت- ئابرويۇم تۆكۈلمىسۇن دېسەڭ، ھاياني ئۆزۈڭگە كەسىپ قىل. ئەگەر ئالدانمايمەن دېسەڭ، تەجرىبە قىلىنغان ئىشنى تاشلاپ، تەجرىبە قىلىنمىغان ئىشلارغا قول تىقما. . . ئەگەر خەۋپسىز بولاي دېسەڭ، خەلق بىلەن چېقىشمە، يەنى نىزالاشما ۋە خەلقنى رەنجىتكۈچى بولما. ئەگەر مەرد بولاي دېسەڭ، كىشىدىن تەمە قىلما، كۆڭلۈڭدىن تەمەنى چىقىرىۋەت . . . ئەگەر كۆڭلۈمگە ئازار- زەخمەت يەتمىسۇن دېسەڭ، نادانلار بىلەن جېدەللەشمە.

▲ مەستىنىڭ ھەر بىر قىلىقى ساراڭغا ئوخشايدۇ. ئاقىللار ئېيتقانكى: «ساراڭلىق بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ». مەستلىك ئەنە شۇ ساراڭلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر. مەسىلەن، كۆپ كۈلۈش، بىر سۆزنى قايتا- قايتا سۆزلەش، ئادەمگە ئېسىلىۋېلىش، ئادەمنى رەنجىتىش، مەنىسىز كۆپ سۆزلەش، ئەدەپسىزلىك قىلىش، قاباھەتلىك (ناچار) سۆزلەش، يىغلاش قاتارلىقلار مەستلەرنىڭ سۈپىتى بولۇپ يەنە بىر ھېسابتا ساراڭلىقتۇر.

▲ 1. ھەددىدىن زىيادە خۇشاللىق؛ 2. ئۈشتۈمتۇت ھالدا يولۇققان خۇشاللىق؛ 3. ئارتۇقچە قايغۇرۇش؛ 4. ساراڭلىق؛ 5. ئۇخلاش- بۇلار ئادەمنى دەرھال (تېز) ئۆزگەرتكۈچى نەرسىلەردۇر.

▲ كۆڭلۈڭنى بىر نەرسىگە تامامەن باغلىما، تۇيۇقسىز بىر ھادىسە، سەۋەب بىلەن سەن كۆڭۈل باغلىغان نەرسە قولۇڭدىن كەتسە غەم- قايغۇغا قالمىغايسەن.

▲ مال- مۈلكۈڭدىن بىرەر نەرسىنى بىر كىشىگە ئامانەت قويساڭ، ئىسراپخور ئادەمگە تۇتتۇرما. بېخىل، باي ئادەمگە ئامانەت قويساڭ بولىدۇ. چۈنكى، ئىسراپخور ئادەم گەرچە موھتاج بولمىسىمۇ، سېنىڭ ئامانەت قويغان مۈلكۈڭنى زايا قىلىۋېتىش ئېھتىمالى بار. ئەمما بېخىل سېنىڭ مېلىڭنىمۇ ئۆز مۈلكىدەك ساقلايدۇ.

▲ ھەرقاچان كىشىگە ئامانەت قويساڭ، بىر قانچە ديانەتلىك، ئىناۋەتلىك مۇسۇلمان كىشىلەرنى گۇۋاھ قىلىپ ئامانەت قويغىن، ئامانىتىڭنى ھۆججەتسىزمۇ قايتۇرۇپ ئالالايسەن.

▲ باي، كەمبەغەل بولسۇن، ھەر كىم ئەۋلادىغا ھۈنەر ئۆگىتىشى لازىم. ۋاقتى كەلگەندە يولداشلىرىنىڭ كۆپلىكى ۋە باتۇرلۇقى كارغا كەلمەي قالىدۇ. ھۈنەر بولسا، باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «كىشىنىڭ قولىدا ھۈنىرى بولسا،

كەمبەغەلچىلىك- يوقسۇللۇقتىن ئامان بولىدۇ» دېگەندى.

▲ ۋاقتى كەلمىگۈچە دۈشمەنگە ئۆزۈڭنىڭ دۈشمەنلىكىڭنى بىلدۈرمە.

▲ مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ ۋاقتى كەلگەندە بىر دۈشمەندىن ساقلىيالمايدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇما. . دۈشمىنىڭنى ئاجىز ھالەتتە كۆرۈپ، خاتىرجەملىنىپ بىپەرۋا بولما. چۈنكى، ئۇ پۇرسەت تاپسىلا ساڭا قەست قىلىدۇ.

▲ قىلماستىن ئىلگىرى بىر ئىشنى قىلىمەن دەپ ماختانما. «خۇدا خالىسا قىلىمەن» دېگىن. ئالدى بىلەن ئىشلىگىن، ئۇنىڭدىن كېيىن سۆزلە.

▲ مۇناپىق (ئىككى يۈزلىمە) ئادەمگە يېقىن كەلمە. يەتتە باشلىق ئەجدىھادىن قورقما، ئەمما سۆز توشۇغۇچى مۇناپىقتىن قورق. چۈنكى، ئىككى يۈزلۈك مۇناپىقنىڭ بىر نەپەستە تۇغدۇرغان پىتنىسىنى بىر يىلدا تۈگىتىشكە، تىنجىتىشقا بولمايدۇ.

▲ بىر ئىشنى ئۆزۈڭ ئىشلەشنى بىلسەڭ باشقىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتمە. چۈنكى زامانە ئادەملىرى سېنىڭ بىر ئىشىڭنى ئىشلىسە ئاجىز ۋە ھىيلە بىلەن ئىشلەيدۇ.

▲ بىراۋنى سىناپ كۆرگەن بولساڭ، سىناپ باقمىغان كىشى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمە. چۈنكى، بىر كىشىنى سىناپ كۆرۈشكە كۆپ ۋاقىت لازىم بولىدۇ. دانالار ئېيتقانكى: «سىناپ كۆرۈلگەن شەيتان سىنالمىغان پەرىشتىدىن ياخشىراق».

## رابىندرانات تاگور ھېكمەتلىرىدىن

▲ بىز دۇنيانى خاتا تونۇپ، ئۇ بىزنى ئالدىدى، دەپ يۈرۈپتىمىز.

▲ بايلىق ۋە ھوقۇقتا بولغان تويماسلىقنىڭ مەڭگۈ چېكى بولمايدۇ. نەپسانىيەتچىلىكنى مۇرەسسەگە كەلتۈرۈشتە ئاخىرقى يارىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇلار جەزمەن ھەسەتخورلۇق بىلەن گۇمانخورلۇقتا ھامىلدار بولۇپ، مۇنداق ئاقىۋەت يۈز بەرگۈچە قاراپ تۇرىدۇ: يا مەلۇم بىر خىل تاسادىپىي بالايىئاپەت يۈز بېرىدۇ، يا مەنىۋى جەھەتتىكى يېڭى ھايات مەيدانغا كېلىدۇ.

▲ مېنىڭ دۆلىتىم (ئاپتور ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىدىكى ھىندىستاننى كۆزدە تۇتىدۇ. مۇھەررىردىن)- ئۇ مېنىڭ تۇغۇلغان يېرىم بولغانلىقى ئۈچۈنلا ماڭا تەئەللۇق بولمايدۇ. مەن زوراۋانلىق بىلەن ئۇنى قولۇمغا كىرگۈزگەن كۈنۈملا ئۇ ماڭا تەئەللۇق بولىدۇ.

▲ ئىدىيىمىز ئىجتىمائىي غايىمىزدىن چەتنەپ، ھوقۇقتا بولغان ھېرىسمەنلىككە بۆرۈلگىنىمىزدا، ئۇ چاغدا، ئەنە شۇنداق مەستخۇش ۋە غالجىرلاشقان ھالەتتە، بىز نورمال بولمىغان بىر دۇنيادا ياشاپ قالىمىز، ئۇ يەردە بىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتىمىز ساغلام بولمايدۇ، ئەركىنلىكىمىز ئەركىن بولمايدۇ.

▲ ھاكىمىيەت يوللاردىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىپ ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەۋاتقان چېغىدا، ھامان كۆرەڭلەپ يۈرۈپ ئۆزىنى ئەڭ ئاخىرقى يوقىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

▲ يولۋاس يولۋاسنى يېمەيدۇ، پەقەت ئادەملا ئادەم بىلەن ئۆزىنى سەمرىتىدۇ.

▲ بۇ دۇنيادا كىم قانچىكى ئاچكۆز بولسا، شۇنچىلىك باي بولىدۇ.

▲ تەڭرى- چەكسىز مۇكەممەللىكنىڭ نەمۇنىسى، كىشىلىك ھايات بولسا، مۇشۇ نەمۇنىنى بىلىشنىڭ ئەبەدىلئەبەد ئاخىرقى مەزگىلى بولمايدىغان جەريانى.

▲ سەن خەقنى قەدىرلىسەڭ، خەقمۇ سېنى قەدىرلەيدۇ، بۇ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئادىل سودا.

▲ بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ قەلبى ئوتتۇرىسىدىكى ئىستىھكامنى ئۆمۈرۋايەتمۇ يوقاتقىلى بولمايدۇ.

▲ تەڭرى پۈتۈنلەي بىزنىڭ ئىرادىمىزنى چېگىتىش ئۈچۈنلا، يوللىرىمىزغا قاتمۇ-قات توسالغۇلارنى قۇرۇپ قويغان.

▲ ئادەم- «زېمىنىنىڭ ئوغلى»، «غايىۋى دۇنيانىڭ ۋارىسى».

▲ ئەمەلىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يوقاتقان ئادەم ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەھمىيىتىنىمۇ يوقاتقان بولىدۇ.

▲ خەۋپلىك بالايىئاپەتكە دۇچ كەلمەكتىمىز. تونۇش يوللار بىلەن مېڭىۋېرىش، كونا بىر يۈرۈش ئۇسۇللار بىلەن تەپەككۇر قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى.

▲ ئۇلاردا ئىشەنچ يوق، شۇڭلاشقا ئۇلاردا ئۈمىدمۇ يوق.

▲ نامەلۇم ئىشتىن ساراسىمىگە چۈشۈش، ناتونۇش شەيئىيلەرگە تاقابىل تۇرالماسلىق- مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنى ئالغا ئىلگىرىلەشتىن قاراپ تۇرۇپلا توختىتىپ قويىدۇ.

▲ دۇنيادا جەمئىيەتنى ئۇلۇغ قىلىدىغانلار دەل تۇرمۇشنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى يېڭى مەسىلىلىرىنى سىناپ كۆرۈشكە ۋە ھەل قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر! قائىدە-يوسۇندىن چىقالمايدىغان كىشىلەر جەمئىيەتنى ئالغا باستۇرالمايدۇ، ھازىرقى ھالىتىنىلا ساقلاپ قالالايدۇ.

▲ ئەمەلىيەتتە، بىر ئادەم ئۆز خىزمىتىدىن سىرت ئىشلارنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويمايدىغان بولسا ئۆز خىزمىتىنى ھەرگىزمۇ ياخشى ئىشلىيەلمەيدۇ.

▲ بىز شەيئىيلەرگە قانچىكى رەھىمدىللىك بىلەن قارايدىغان بولساق، ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقەتنى بىر پۈتۈن گەۋدە ۋە مەڭگۈلۈك نەرسە سۈپىتىدە كۆزىتىدىغان ئىقتىدارىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز.

▲ ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەنلا بولغان بولسا، (ھەر قانداق ئىش) جاپا- مۇشەققەتلىك تۇيۇلمايدۇ.

▲ بىزنىڭ ھەسسىلەپ كەمتەر بولغان چېغىمىز ئۇلۇغلۇقتا ئەڭ يېقىنلاشقان چېغىمىزدۇر.

▲ ئۆز نىيىتىڭنى ئاشكارىلاشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ھاياتىڭغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن بولغان ھەر قانداق ھەرىكەتنى قوللانما.

▲ ھايۋانلارنىڭ تۇرمۇشى ئەخلاقتا يات،

چۈنكى ھايۋانلار كۆز ئالدىدىكىگىلا تىكىلىپ تۇرىدۇ.

▲ ئىنسانپەرۋەرلىككە ياتمايدىغان ئەخمىقانە باتۇرلۇق ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى ياۋۇز، قوپال قىلىۋېتىدۇ، خالاس.

▲ ھەممىدىن يامىنى كۆرۈنۈشتە تىنچ-ئاماندەك بولۇپ، ئىچىدە مەسىلە ساقلانغانلىق.

▲ جىنايەت ئالدى بىلەن راۋاجلىنىپ ئەڭ رەزىل ھالەتكە يېتىشى كېرەك، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنلا پارتلايدۇ، ئاندىن يىرگىنچلىك ھالدا يوقىتىلىدۇ.

▲ دۇنيادىكى دانىشمەنلەر بىلەن ئاددىي ئادەملەرنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، دانىشمەنلەر خۇپسەنلىك قىلىشنى بىلىدۇ، ئاددىي ئادەملەر بولسا ئاق كۆڭۈل كېلىدۇ.

▲ ھايۋانلار يېقىندىكى نەرسىلەرنى كۆزلەپ ئازابلىنىدۇ، ئادەم بولسا، يەتكىلى بولمايدىغان شەيئىلەرنىڭ تاماسىدا ھەسرەت چېكىدۇ.

▲ ئادەم مۇقەررەرلىك دۇنياسىدا چەكلىك چوققىغا، ئۈمىد دۇنياسىدا بولسا، چەكسىز چوققىغا ئىگە.

▲ خام خىيال- ھەقىقەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قىياپىتى، ئۇ ئۆز يارىغا نىقابلىنىپ بارىدۇ، لېكىن ۋاقتى كەلگەندە بېزەك ۋە چۈمبەللىرىنى تاشلىۋېتىپ، قىپيالىڭاچ تەنتەنىنى كېيىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ.

كۈچلۈك ھەمكارلىق روھىغا ئىگە ئادەملەرلا ياشىيالايدۇ ھەمدە مەدەنىيەت يارىتالايدۇ.

▲ قېرىنداشلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغانلار ئۆمۈرۋايەت ئۇلۇغ شەخس بولالمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇلارمۇ باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرايدۇ.

▲ ھەقىقەت ئۆزىنىڭ راست- يالغانلىقىنى ئۆزى دۇچ كەلگەن توسالغۇ ۋە قارشىلىقلار بىلەنلا سىنايدۇ.

▲ دۆلىتىمىزدە كىشىلەر ھامان نەزىر-چىراغقا ئاتالغان ھايۋانلاردەك كونا ئادەت كۈچلىرىنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن بوشىنىپ چىقىش قىيىن. قەلب بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقمىغۇچە تۇرمۇشقا توغرا نۇقتىئىنەزەردىن قاريالمايدۇ ياكى ئىنسان تەبىئىتىنى ھەقىقىي چۈشىنەلمەيدۇ.

▲ جىمجىت قاراڭغۇ كېچە ئاننىڭ گۈزەللىكىگە ئىگە، ۋاراڭ- چۇرۇڭغا تولغان كۈندۈز بولسا، بالىنىڭ گۈزەللىكىگە ئىگە.

▲ ئاياللارنىڭ مىجەزىدىكى ئاساسلىق ئۆزگىرىش مۇھەببەتنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ، ئەرلەرنىڭكى بولسا، جىنايى ئورۇنۇشلارنىڭ تۈرتكىسىدىن بولىدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ كالللىسى قانداق تۈزۈلگەن؟ ئۇلار ئاغزىدا «ياق» دەپ تۇرغىنىدا، كۆڭلىدە «ماقۇل» دەپ تۇرىدۇ.

▲ ئادەم بىر قېتىم توي قىلغان بولسىلا، ئۇ، كۆڭلىدە توي قىلىشتىن يەنە ئەنسىرىمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇ، خوتۇنغا، ئادەم گۆشىنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرگەن يولۋاس ئادەمگە قانداق مۇئامىلە قىلسا، شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ؛ ھال-ئۇقتى ۋە ياش- قورامنىڭ قانداق ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، جۈپتىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلا بولسا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن يەنە ئۆيلىنىدۇ.

▲ مۇھەببەت چۈشىنىشنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى.

▲ ئادەمنى قىزغىن سۆيىدىغان ئادەملا ئادەمنى ئاگاھلاندۇرالايدۇ.

▲ بىز دۇنيانى قىزغىن سۆيگەن چېغىمىزدىلا مۇشۇ دۇنيادا ھايات كەچۈرگەن بولىمىز.

▲ پەلسەپە- كۆزىتىش سەنئىتى، تەپەككۇر.

▲ تۇرغۇنلۇقنىڭ ئۆزى ئۆلۈم، مەڭگۈ ھاياتلىقنىڭ دەرۋازىسىنى ھەرىكەتلا ئاچالايدۇ.

▲ بىز دائىم كەلسە- كەلمەس ئەندىشىلەرگە بېرىلىپ، شەيئىلەرنى سىرتىدىن كۆزىتىپ، ئىشنى خاتا كۆرۈۋالىمىز.

▲ كىشىلەر ۋەدە بېرىدۇ، كۆپ ھاللاردا گېپىدە تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن خورسىنىدۇ، شۇڭا ۋەدە بەرمەسلىك ھەممىدىن بەك بەختەر بولىدۇ.

▲ مېنى بەختسىزلىككە ئۇچراتقان ئىش سېنى بەختسىزلىككە ئۇچراتقان ئىش بولۇشى ناتايىن. مۇشۇ ئاددىي ھەقىقەتنى بىز بۇرۇن زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمىز!

▲ ئۆرۈلەيلا دەپ قالغان تۈۋرۈكنى قانچە چىڭ تۇتساڭ، ئۇ شۇنچە تېز ئۆرۈلىدۇ.

▲ دەم ئېلىش بىلەن خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتى دەل كۆز قاپىقى بىلەن كۆزنىڭ مۇناسىۋىتىدەك بولىدۇ.

▲ ئۆتكۈرلۈكلا گۈزەللىككە يېقىن بولالايدۇ، خۇددى تىكەن گۈلگە يېقىن بولغىنىدەك.

▲ سەنئەتكار تەبىئەتنىڭ ئاشىقى. شۇڭلاشقا ئۇ تەبىئەتنىڭ قۇلى، شۇنداقلا تەبىئەتنىڭ خوجايىنى.

▲ ئۇياتچان قەلبنىڭ ئىزھار قىلمىقى قىيىن بولغان گەپلەرنى ئۇنىڭغا مۇزىكىدىن تون يېپىپ ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

▲ مۇقاۋىلىرىغا ھەل بېرىلگەن بۇ رەڭگارەڭ كىتابلار ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بولغان ئاشۇ بەختلىك دۇنياغا ئېلىپ بارىدىغان گۆھەر ئىشىككە ئوخشاپ كېتىدۇ.

## «ئەقىل- پاراسەت خەزىنىسى»دىن ھېكمەتلەر

▲ ھەر كۈنى بىر قېيىن ئىشنى قىلىشتىن قورققان ئادەم ھاياتلىقنىڭ بىرىنچى دەرسىنى ئوقۇمىغان بولىدۇ.

- رالپ ۋالدو ئېمېرسون

▲ بىزدىكى قورقۇش ھامان بىزگە كېلىدىغان خېيىم- خەتەردىن كۆپ بولىدۇ.

- سېنېكا

▲ سەن تەشۋىش قىلغان ئىشنى قىلساڭ، تەشۋىش تەبىئىي ھالدا يوقىلىپ كېتىدۇ.

- رالپ ۋالدو ئېمېرسون

▲ ئەقىل- پاراسەتلا بولۇپ، قەيسەرلىك بولمىسا ئەسقاتمايدۇ. ئېتىقادلا بولۇپ ئۈمىد بولمىغاندىمۇ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ؛ چۈنكى ئۈمىد سەۋر- تاقەتلىك قىلىدۇ، بەختسىزلىك ۋە

بالايىئاپەتنى يېگىدۇ.

- مارتىن لۇتېر

▲ ئىشتىن بۇرۇن تەشۇش قىلىش، ۋەقە يۈز بەرگەندە ئىنتايىن تەمكىن بولۇش ئىشتىن بۇرۇن تەمكىن بولغان، ۋەقە يۈز بەرگەندە تەشۇشلىنىشكە قارىغاندا كۆپ ياخشى.

- ۋىنستون چېرچىل

▲ ئەجرىم بىكار كەتمەيدۇ دەپ قارىسىڭىزلا، زادى يېڭىلمەيسىز.

- دېيىل كارنېگ

▲ ھۇرۇنلۇق گۇمانخورلۇق ۋە تەشۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەرىكەتتىن ئىشەنچ ۋە جاسارەت كېلىپ چىقىدۇ. تەشۇشنى تۈگەتمەن دېسەڭ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۇنى ئويلاۋەرمەي تالاغا چىقىپ پايپېتەك بول.

- دېيىل كارنېگ

▲ تالانت- ئەسەبىيلەرچە قىزغىنلىق. تالانت ئىگىسى- ئىرىشىشكە ئەرزىيدىغان ھەرقانداق نەرسىگە ئېرىشەلەيدىغان ئادەم، ئۆزى كۆزلىگەن نىشانغا يەتمەكچى بولغان، ئالايلى، مۇشۇكنى قوغلاۋاتقان ئىتقا ئوخشىشىدىغان ئادەمدۇر. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ھەر بىر تال پەي ۋە تومۇرلىرىمۇ كۈچلۈك قىزغىنلىق ۋە قەتئىي نىيەت بىلەن تولغان بولىدۇ.

- ۋ.س. ھولمان

▲ قىممەتتىن ئىشەنچ ھاسىل بولىدۇ، ئىشەنچتىن قىزغىنلىق ھاسىل بولىدۇ، قىزغىنلىق دۇنيانى باش ئەگدۈرىدۇ.

- ۋالتېر.ج. كوتتىڭھام

▲ قىزغىن، سەمىمىي بولساقلا باشقىلارنى قايىل قىلالايمىز.

- ۋىليام ھازلىت

▲ ھەۋەسنىڭ قاچان قوزغىلىدىغانلىقىنى سېزىش- باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاشنىڭ بىرىنچى شەرتى.

- ۋىسكونت جون مورلېي

▲ ھەر بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىر قەدىمى؛ ھەر دۆرەم خاتالىقنىڭ تېگىنى تاپقاندا، ئۇ بىزنى ھەقىقەتكە يېتەكلەيدۇ؛ ھەر بىر ئىزدىنىش كىشىنى ئازدۇرىدىغان مەلۇم خاتالىقنى توسىدۇ.

- ۋىليام ۋېۋېل

▲ ئىشتىن بۇرۇنقى غەم- غۇسسىنى ئىشتىن بۇرۇنقى پىكىر يۈرگۈزۈشكە ۋە پىلان تۈزۈشكە ئايلاندۇرايلى.

- ۋىنستون چېرچىل

▲ ھاياتلىقتىكى چوڭ غەم- قايغۇغا قارىتا جاسارەتلىك بولۇش، ئۇششاق- چۈششەك غەم- قايغۇغا قارىتا سەۋرچان بولۇش لازىم؛ بىر كۈنلۈك ئىشنى جاپاغا چىداپ ئورۇندىغاندىن كېيىن بەھۇزۇر ئۇخلا، سېنى ئاللا ئىگەم ئويغىتىپ قويىدۇ.

- ۋېكتور ھيۇگو

▲ ئادەمنى نابۇت قىلىدىغىنى خىزمەت ئەمەس، بەلكى غەم- ئەندىشە. ئىشلىگەن ئادەم ساغلام بولىدۇ. .!. غەم- ئەندىشە- پىچاق بىسىدىكى دات. ماشىنىنى ئۇنىڭ ئايلىنىشى ئەمەس، بەلكى سۈركىلىشى كاردىن چىقىرىدۇ.

- جوش بىللىنگىن

▲ بىزنىڭ دۈشمەنگە غەزەپلىنىشىمىز ئۇلارنىڭ بىزنى باشقۇرۇشىغا كۈچ بەرگەنلىكىمىز بولىدۇ؛ ئۇ بىزنىڭ ئۇيقۇمىز، ئىشتىھايىمىز، قان بېسىمىمىز، سالامەتلىكىمىز ۋە خۇشاللىقىمىزنى بۇزىدىغان كۈچ. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئۆزىنىڭ بىزنى قانداق ئازابلاۋاتقانلىقىنى، قىيناۋاتقانلىقىنى، بىزدىن ئۆچ ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالسا، خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتكەن بولاتتى. بىزنىڭ غەزىپىمىز ئۇلارنى زادىلا زەخىملەندۈرەلمەيدۇ، ئەمما ئۆزىمىزنىڭ غەزىپى ئۆزىمىزنى كېچە- كۈندۈز دەرد- ئەلەملىك قالايمىقانچىلىققا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

- دېيىل كازېگ

▲ كىشىلەر مەندىن: ھەممىيلەن دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان پەرىشانلىقنى قانداق تۈگەتتىڭ دەپ سورىغاندا، مەن ئۇلارغا «مەن تۈنۈگۈننى ئۆتكۈزگەن يەردە، بۈگۈننىمۇ چىداپ ئۆتكۈزەلەيمەن، ئەتە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى ئويلىشىمغا روخسەت قىلمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىمەن.

- دوروتى دىكس

▲ خېلى يىللار ئىلگىرى پۈتكۈل ھاياتىمنى مەن كونترول قىلىپ تۇرغان كۈچتىن باشقا كۈچ تارمار قىلىۋاتقاندەك گاڭگىراپ ئارىسالدى بولۇپ قالغانىدىم. بىر كۈنى سەھەردە توساتتىن يېڭى ئىنجىلنى ئاچقىنىمدا، «مېنى ئەۋەتكۈچى مەن بىلەن بىللە، ئاللا مېنى تاشلىۋەتمىدى، مەن يېتىم ئەمەس» دېگەن جۈملىگە كۆزۈم چۈشتى. ھاياتىم ئەنە شۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئۆزگەردى. ماڭا نىسبەتەن ھەممە نەرسە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان بولدى. ئويلىسام، ئۆتكەن ھەر بىر كۈنۈم ئاشۇ سۆزنى تەكرارلاش بىلەن ئۆتۈپتۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن كىشىلەر مەندىن تەلىم سوراپ كەلگەندە، مەن ئۇلارنى ئاشۇ مەڭگۈلۈك پەند- نەسىھەت بىلەن ئۈزىتىپ قويىدۇم. ئىنجىلدىكى مۇشۇ بىر جۈملە سۆزنى كۆرگەندىن بۇيان ئىزچىل ھالدا مۇشۇ گەپ بىلەن جان بېقىپ كەلدىم. مەن يولدا كېتىۋېتىپمۇ ئۇنى ئويلىدىم ۋە ئۇنىڭدىن ئامان- ئېسەنلىك ۋە كۈچ- قۇۋۋەت ئالدىم. مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ، دىنىنىڭ جەۋھىرى. ئۇ، ھاياتنى قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ. ھاياتىمدىكى ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت ئەنە شۇ.

- جوسېپ.ر. سىزو

▲ كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىز سىزنىڭ ئىبادەتخانىڭىز ۋە دىنىڭىزدۇر.

- كالىل گىبران

▲ ئەگەر سېنى غەم باسقان بولسا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى يول يۈرۈش. سەن تالا- تۈزگە چىقىپ ئىستىراھەت قىلساڭ، بۇ غەم- قايغۇ قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كېتىشى مۇمكىن.

- دېيىل كارنېگ

▲ ئۇيقۇڭىز كەلمىسە، ئورنىڭىزغا يېتىپ ھەسرەت چەكمەي، بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىڭ. سىزنى كاردىن چىقىرىدىغىنى ئۇيقۇسىزلىق ئەمەس، بەلكى غەم- قايغۇ.

▲ يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەن غەم قىلىپ كەلگەن ئىشلارنىڭ توقسەن توققۇز پىرسەنتى زادىلا يۈز بەرمەي باقمىغانلىقىنى بايقىدىم.

- دېيىل كارنېگ

▲ ئەتە ئۈچۈن تولا باش قاتۇرماڭ، ئەتىكى ئىشنى ئەتىنىڭ ئۆزى ئويلايدۇ. بالا- قازا ھامان بۈگۈندىلا يۈز بېرىدۇ.

- دېيىل كارنېگ

▲ قانائەتلىنىشنىڭ سىرى ئۆزىگە تەۋە نەرسىدىن قانداق بەھرىمەن بولۇشنى بىلىش ھەمدە ئۆز ئىقتىدارىدىن باشقىدىن نەپسىنى يىغىشتا.

- يىسۇس

▲ ئالدىدا كېتىۋاتقان پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن ئادەم ئۇنىڭ توققۇزىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانماي قالمايدۇ.

- لىن يۇتاڭ

▲ ھاياتلىقتا قانداق قىلىپ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىكنى بىلىشتىن قالسىلا، ئەڭ مۇھىم ئىش قانداق چاغدا بىر خىل مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىش لازىملىقىنى بىلىشتىن ئىبارەت.

- دېيىل كارنېگ

▲ ئۆزى قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئىشلاردىن ھوزۇرلانغان ئادەم شاد- خۇرام بولىدۇ.

- بېنجامىن دىسرائېل

▲ ئىدىيە ئۆزۈڭنىڭ خوجايىنى، ئۇ، دوزاخنى جەننەتكە، جەننەتنى دوزاخقا ئايلاندۇرالايدۇ.

- گيۇتى

▲ يۈز بەرگەن ئىشنىڭ ساڭا يەتكۈزگەن زىيىنى، سېنىڭ يۈز بەرگەن ئىشلار ئۈستىدىكى خىيالىڭنىڭ ساڭا كەلتۈرگەن زىيىنىنىڭ چوڭلۇقىغا يەتمەيدۇ.

- جون مىلتون

▲ خۇشال بولۇشنىڭ يولى ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن ئىشنى قىلىشتا ئەمەس، بەلكى قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلارنى ياقتۇرۇشۇڭدا.

- مىكىل ئېيكوئېم دې مونتايگنى

▲ بىز بەختسىزلىك بىلەن خۇشاللىقنى ئوخشاشلا مۇبالىغە قىلدۇق. بىز ئەزەلدىنلا ئۆزىمىز ئېيتىۋاتقاندەك ئۇنچىۋالا بىچارە ياكى خۇشال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىدۇق.

- جامېس.م. بارىنى

▲ يىراق كەلگۈسىدىكى مۇشەققەتلىك ئالداشلار ساختىلىق، چوڭ پۇرسەت يېنىڭدا تۇرۇپتۇ.

- ھونورې دې بالزاك

▲ كىشىلەر ھامان كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالنى شارائىتتىن كۆرىدۇ. مەن شارائىتقا ئىشەنمەيمەن. بۇ دۇنيادا باش كۆتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى كۆرەش قىلغانلار، ئۆزىگە لايىق شارائىتنى تاپقانلاردۇر. ناۋادا بىز بۇنداق شارائىتنى تاپالمىساق، ئۇنى ئۆزىمىز يارىتىشىمىز لازىم.

- گېئورگى بېرنادشاۋ

▲ ئۈمىدۋار ئادەم جەبىر- جاپادىن پۇرسەتنى كۆرەلەيدۇ؛ ئۈمىدسىز ئادەم ھەر بىر پۇرسەتتىن جەبىر- جاپانى كۆرىدۇ.

- يې مىڭ

▲ ھاياتلىقتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ يولى شۇكى، ئادەم تەييارلىق كۆرۈشكە ماھىر بولۇپ، پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش لازىم.

- بېنجامىن دىسرائېل

▲ مۇشۇ ھاياتىمىزدا ئۆگىنىشىمىزگە تېگىشلىك ئەڭ قىيىن دەرسلەردىن بىرى- ئېھتىمال نۇرغۇن كىشىلەر ئەزەلدىن ئۆگىنىۋالالمىغان دەرستۇر، يەنى ئۇ، ئادەتتىكى ئىشلاردا، قولىمىزغا يېقىن يەردە تەڭرىنى، جەننەتنى، چىنلىقنى- پاكلىقنى كۆرەلمەسلىك. جەننەتنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ئىكەنلىكىنى، ئەتراپىمىزدا ئىكەنلىكىنى كۆرەلمەسلىكتىن ئىبارەت.

- جون بۇرو

▲ ئىشەنچ- ئۆيگە يوشۇرۇپ قويغان كاپىتالدۇر.

- گيۇتى

▲ ئېتىقاد- بىز كۆرمىگەن نەرسىگە ئىشىنىشتۇر؛ ئەمما بىز ئىشەنگەن نەرسىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈش بۇ خىل ئېتىقاد قايتۇرغان ياخشىلىقتۇر.

- سائى ئاۋگۇستىن

▲ بىر ئېغىز يېقىملىق گەپ ئۆزاققا سوزۇلغان قىشنى ئىللىتىدۇ.

- ياپونىيە ئەقلىيە سۆزى

▲ مەن سۆز- ھەرىكەتتە چەكلەنمىگەن ئىناقلىقنى ياقتۇرىمەن. ئۇ، قەلبىمدە كەمسىتىش پەيدا قىلمايدۇ، پەقەت تېخىمۇ يېقىملىقلىق پەيدا قىلىدۇ.

- گېرترۇدې ستېئېن

▲ مېھرىبانلىق- گاس ئاڭلىيالايدىغان، گاچا چۈشىنەلەيدىغان سۆزدۇر.

- يې مىڭ

▲ ئادەمزات بارلىكى يەردە مېھرىبانلىق بولىدۇ.

- سېنېكا

▲ ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىش- دۇنيادىكى ئەڭ قىيىن ئىشلاردىن بىرىدۇر. بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇل يوق.

- بېنجامىن دىسرائېل

▲ ئەخمەقلەرنىڭ ھەر قانداقىي تەنقىد بېرىشى، ئەيىبلىشى، ئاغرىنىشى مۇمكىن، ئەخمەقلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى دەل مۇشۇنداق قىلماقتا.

- بېنجامىن فرانكلىن

▲ مەن تونۇشىدىغان ئەڭ زېرەك كىشى ماڭا: «ئۇن ئادەمنىڭ توققۇزى دوست تۇتۇش ئارقىلىق ئالغا باسىدۇ» دېگەنىدى. مەن بۇ گەپنىڭ راستلىقىنى بايقىدىم.

- فرانك سۋىننېرتون

▲ كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرگىنىنى قوللاش ۋە تەرىپلەش ئارقىلىق كىشىلەر كۆڭلىنى ئېلىشتىنمۇ ئارتۇق ئىش يوق.

- ئىسساك نيوتون

▲ قاتتىق ۋاستە قوللانغاندا پەقەت ئۆچمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. پەقەت روھىي جەھەتتىن

يېتەكلىگەن ھەمدە ئىنسانلار ئەقلىنى تەدبىقلىغاندىلا، بىر ەر ھەرىكەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ.

ـ سامۇئېل كومچېرس

▲ دوست بولۇش ھەمدە باشقىلارنىڭ پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ـ قارشى تەرەپنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرۇش.

ـ دېئېل كارنېگ

▲ بەزى كىشىلەر ئۆزى خالىغاندا باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ھەمىشە بىر لۇپا (چوڭايتقۇچ) ئەينەك ئېلىپ يۈرىدىغانلىقىنى ئۆزى بىلمەي قالىدۇ.

ـ جون ۋاناماكېر

▲ بۇ ئۆمرىدە ياخشىلىققا قايتۇرۇلىدىغان ئەڭ گۈزەل ئىنئامدىن بىرى شۇكى، باشقىلارغا چىن كۆڭۈلدىن ياردەم بەرگۈچى باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز قالمايدۇ.

ـ رالىپ ۋالېسن

▲ كىشىلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشتا ئۆگىنىۋالىدىغان بىرىنچى ئىش شۇكى، ئۇلارنىڭ خۇشاللىققا ئېرىشىشتىكى ئالاھىدە ئۇسۇلىغا ئارىلاشماسلىق لازىم.

ـ ھېنرى جامېس

▲ ئاق كۆڭۈل ئادەملەر تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ياخشى تەرىپى ـ ئۇششاق، ئۇن ـ تىنسىز ۋە كىشىلەرنىڭ يادىدا قالمايدىغان ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش.

ـ ۋىلىيام ۋوردىسۋورت

▲ سەن تاكاللاشساڭ، غوۋغا كۆتۈرسەڭ، رەددىيە بەرسەڭ، ئېھتىمال ۋاقتىنچە ـ بەزىدە غەلىبە قىلىشىڭ مۇمكىن، لېكىن بۇ قۇرۇقتىن قۇرۇق خىيالىي غەلىبىدىن ئىبارەت. چۈنكى سەن قارشى تەرەپنىڭ ياخشى كۆڭلىگە قايتا ئىگە بولالمايسەن.

ـ بېنجامىن فرانكلىن

▲ ئەگەر بىر مۇتتەھەم بىلەن ئالاقە قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنى ئۇتۇپ چىقىشنىڭ بىرلا ئۇسۇلى بار ـ ئۇنىڭغا ھۆرمەتكە سازاۋەر مۆتىۋەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىل. ئۇنى شۇنداق سەۋىيىگە ئىگە دەپ قارىغىن. ئۇ مۇشۇنداق مۇئامىلىگە سازاۋەر بولغانلىقىدىن ھاياجانلىنىدۇ ـ دە، ساختىمۇ ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىدۇ ھەمدە باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ.

ـ ۋاردېن لوئى. ئې. لاۋېس

▲ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ماھىيىتى ھۆرمەتلىنىشكە تەشنا بولۇشتۇر.

ـ ۋىلىيام جامېس

▲ شەخسىيەتچىلىك ـ ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئۇسسۇل بويىچە ياشاش ئەمەس، بەلكى باشقىلاردىن ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئۇسسۇل بويىچە ياشاشنى تەلەپ قىلغانلىق. شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىق ـ باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى پاراكەندە قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىقتۇر.

ـ ئوسكار ۋىلدې

▲ بىر ئادەمنىڭ جاسارىتىنى تۈنجۈقتۇرۇشتا تەنقىدتىن يامان نەرسە يوق. مەن كىشىلەرنى تەنقىد قىلىپ باقمىدىم. مېنىڭچە، كىشىلەرگە ئىشلەش پۇرسىتىنى بېرىش كېرەك، شۇڭا، مەن ھەمىشە ماختاشقا ئالدىرايمەن، قۇسۇر چىقىرىشنى يامان كۆرىمەن. ئەگەر مەن بىر ەر نېمىنى ياخشى كۆرۈپ قالسام، چىن قەلبىمدىن ھۇزۇرلىنىمەن، ئۇنى مەردانىلىك بىلەن ماختايمەن.

ـ چارلىز شۋاب

▲ سەن ئۆزۈڭنى ياپونلاردىن ئۈستۈن كۆرەمسەن؟

ئەمەلىيەتتە، ياپونلار ئۆزىنى سەندىن خېلىلا ئۈستۈن كۆرىدۇ! بىر مىسال كەلتۈرەي، مۇتەئەسسىپ بىر ياپون بىر ئاق تەنلىكنىڭ ياپونىيىلىك ئايال بىلەن تانسا ئوينىغانلىقىنى كۆرسە دەرھال غەزەپلىنىدۇ.

سەن ئۆزۈڭنى ھىندىستاندىكى ھىندىلاردىن ئۈستۈن كۆرەمسەن؟

ئۇ سېنىڭ ھوقۇقۇڭ؛ ئەمما مىليونلىغان ھىندىلار ئۆزىنى سەندىن خېلىلا ئۈستۈن دەپ ھېس قىلىدۇ، ئۆزىنى خارلىمايدۇ، ئۇلار ئۆزىنى بۇلغىماسلىق ئۈچۈن، سەن كۆپارنىڭ كۆلەڭگىسى چۈشكەن يېمەكلىككە قول تەگكۈزمەيدۇ.

سەن ئۆزۈڭنى ئىسكىمورلاردىن ئۈستۈن كۆرەمسەن؟

بۇمۇ سېنىڭ ھوقۇقۇڭ؛ ئەمما سەن ئېسكىمورلارنىڭ ساڭا بولغان قارىشىنى ھەقىقىي بىلىشنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟ خوش، ئېسكىمورلار ئارىسىدا ئاز ساندىكى بەتخەجلەر بار، ئۇلار ھېچقانداق قىممىتى يوق تەييار تاپلاردۇر. ئېسكىمورلار ئۇلارنى ئاق تەنلىك دەپ ئاتايدۇ. بۇ، ئىنتايىن كۆزگە ئىلماسلىقنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ.

ھەممە دۆلەت ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكمۇ يېتىلىدۇ، ئۇرۇشمۇ كېلىپ چىقىدۇ.

سەن ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەلۇم جەھەتتە ئۆزىنى سەندىن ئۈستۈن كۆرىدۇ، بۇ، كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پاكىت. ئۇنىڭ قەلبىنى ئېرىتىشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان بىر ئۇسۇل بار، سەن مەلۇم بىر خىل ئەپچىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ كىچىك دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە چۈشەندۈر ھەمدە بۇنى چىن كۆڭلۈڭدىن ئېتىراپ قىل.

ـ دېئېل كارنېگ

▲ باشقىلارنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلمايدىغان باي يوق؛ مەلۇم جەھەتتە باشقىلارغا ئەسقاتمايدىغان كەمبەغەلمۇ يوق. تولۇق ئىشەنچ بىلەن باشقىلاردىن ياردەم سوراش ۋە باشقىلارغا مەردانىلىك بىلەن ياردەم بېرىش دەل تەبىئىتىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ـ پائالېئو X Ⅲ

▲ سەن ئالماقچى بولغان نەرسىنى ساڭا بېرىش سېنى ئىشقا سېلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلىدۇر.

ـ دېئېل كارنېگ

▲ دوستلۇق ـ بىز ھەسرەت چەككەن چاغدىكى پەسەيتكۈچى، قايناق ھېسسىياتنى بوشاتقۇچى، بىزگە بولغان بېسىمنىڭ چىقىش ئېغىزى، ئاپەتكە

www.uyghurkitap.com

ئۆچرىغان چاغدىكى پاناھىمىز، ئىككىلەنگەن چاغدىكى مەسلىھەتچىمىز، مېڭىمىزنى سەگەتكۈچى، ئىدىيىمىزنى ئازاد قىلغۇچى، شۇنداقلا پىكىر قىلىشىمىزنى چېنىقتۇرغۇچى ۋە ياخشىلىغۇچىدۇر.

- جېرېمى تايلور

▲ «ماختاشتا راستچىل، مەدھىيىلەشتە مەردانە بولۇش لازىم». مۇشۇنداق قىلغاندا، كىشىلەر سىزنىڭ سۆزىڭىزنى قەدىرلەيدۇ، ئۇنى گۆھەر دەپ قارايدۇ ھەمدە ئۆمۈرۋايەت تەكرارلاپ تۇرىدۇ. ھەتتا سىز ئۇنى ئۇنتۇپ قالساڭمۇ تەكرارلاپ تۇرىدۇ.

- دېيىل كارنېگ

▲ بىر ئادەم ھاياتلىق سەپىرىدە ئالغا ئىلگىرىلىگەندە، ھەر ۋاقىت يېڭى دوستلارنى تونىمىسا، ئۆزىنىڭ يېتىم قالغانلىقىنى تېز بايقىۋالىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق كىشى ئۆزىنىڭ دوستلۇقىنى ھەر قانداق چاغدا ئوڭشاپ تۇرۇشى كېرەك.

- ساموئىل جونسون

▲ ھەرقانداق ئەر كىشى ۋات- ۋات خوتۇندىن قاچىدۇ.

- ۋالتېر دامروسچ خانىم

▲ باللارنىڭ ئارزۇسىنى مازاق قىلماسلىق لازىم، كىشىنى مازاق قىلىشتىن ئارتۇق ئەلەم يوق. ھەجىيىش باللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مازاق قىلغانلىق بولىدۇ. ئاتا- ئانىلار بالىسىنىڭ غايىسى تولىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، ئۇنى ھەر قايسى جەھەتلەردىن مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشى، ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا، بىر ئامال قىلىپ بۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارزۇسىغا ئىگە قىلىش لازىم. ئاندىن ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلىش، ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش لازىم.

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، باللار ئۆزى قىلىپ كېتەلەيدىغان ئىشقا ياردەم بەرمەسلىك كېرەك. ئۇلارنى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان بۇ بىباھا ئىمتىياز ۋە ھەۋەستىن مەھرۇم قىلماسلىق لازىم.

- دېيىل كارنېگ

▲ تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىدىن بىرى شۇكى، ھەر كۈنى خىزمەتكە بولغان قىزىقىشنى ساقلاش ھەمدە ئۇزاققا سوزۇلغان قىزغىنلىق بولۇش، شۇنداقلا ھەر بىر كۈننى ئوخشاشلا مۇھىم دەپ بىلىش لازىم.

- ۋىليام لىتون پېلىپ

▲ ھۇرۇنلۇق- نامراتلىق زاۋۇتىدۇر.

- پې مېڭ

▲ مەن ھەرقانداق چاغدا ئۆزۈمنىڭ بوششىپ كېتىشىگە يول قويمايمەن... قىممىتى بار ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ مۇنداق ئۈچ چوڭ ئامىلى بار: بىرىنچىسى، تىرىشىپ ئىشلەش؛ ئىككىنچىسى، ئىككىلەنمەي چىڭ تۇرۇش؛ ئۈچىنچىسى، ساۋات.

- توماس. ئا. ئېدىسون

▲ ئىشچانلىق ياخشى تەلەينىڭ ئانىسى، ئىگەم ئاللا ھەممە شەيئىينى ئىشچانلارغا ئېلتىپات قىلغان.

- بېنجامىن فرانكلىن

▲ دۇنيادىكى چوڭ ئىشلارنىڭ كۆپ قىسمىنى گويا قىلچە ئۈمىد قالمىغان چاغدىمۇ داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن كىشىلەر ئورۇنداپ كەلدى.

- دېيىل كارنېگ

▲ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى بىلەن مەغلۇب بولغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇ يەردىكى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ھەمىشە خاتالىقتىن نەپ ئالالايدۇ ھەمدە ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق تەكرار ئىزدىنىدۇ.

- دېيىل كارنېگ

▲ پۈتكۈل ئۆمرۈمدە قازانغان مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەممىسى بالدۇر تۇتۇش قىلغان چارەك سائەتكە مەنسۇپتۇر.

- نېلسون كىراملىرى

▲ ئۇلۇغۋار ئىش كۆچكە تايىنىپ ئەمەس، چىدامغا تايىنىپ ئورۇندىلىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ھەر كۈنى روھلۇق قەدەم تاشلاپ ئۈچ سائەت يول يۈرسە، يەتتە يىلدىن كېيىن ئۇ باسقان مۇساپە يەر شارىنى بىر ئايلىنىپ چىققانغا تەڭ بولىدۇ.

- ساموئىل جونسون

▲ ئۆزۈڭ توغرا دەپ ھېسابلىغان ئىشنى ئىشلەۋەرگىن- چۈنكى مەيلى قانداق بولمىسۇن، سەن بەربىر تەنقىدكە ئۇچرىشىڭ مۇمكىن. ئەگەر بۇ ئىشنى قىلساڭمۇ تىل- ھاقارەتكە ئۇچرايسەن، ئۇنى قىلمىساڭمۇ تىل- ھاقارەتكە ئۇچرايسەن.

- ئېلنور روزۋېلت

▲ ئۆزۈڭنى، ئۆزۈڭنىڭ ياخشى- يامانلىقىنى چۈشەنسەڭ، تەخسكەشلەر سېنى زەخىملەندۈرەلمەيدۇ؛ ئۇ ئەكسىچە بىر خىل ئاگاھلاندۇرۇش ۋە بىر خىل يېتەكلەش بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى سەندە نېمە ئەڭ كەم بولسا، تەخسكەشلەر شۇنى ھەممىدىن بەك ماختايدۇ.

- مارتىن. پ. تۇپېر

▲ ئۆزۈڭنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىدىن غەم يەپ بىر مىنۇتنىمۇ ئىسراپ قىلمىغىن. سەن بۇ دۇنيادىكى يېڭى شەيئىي، ئىلگىرى ساڭا تامامەن ئوخشىشىدىغان ھېچكىم بولمىغان، بۇنىڭدىن كېيىن يېتىپ كېلىدىغان دەۋرلەردىمۇ ساڭا تامامەن ئوخشىشىدىغان ئادەم بولمايدۇ.

- دېيىل كارنېگ

▲ ھەممەيلەننىڭ پىكرى ئوخشاش بولۇپ كەتسە ياخشى بولمىغىنى؛ پىكىر ئىختىلابى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئات بەيگىسى كېلىپ چىققان.

- مارك تۋېن

▲ ئەگەر يېرىم ئەسىرلىك تۇرمۇش مۇساپىسى ساڭا نېمە ئۆگەتتى دەپ سورىسىڭىز، ئۇ ماڭا: «ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچنېمە ساڭا جىملىق ئەكېلەلمەيدۇ» غانلىقىنى ئۆگەتتى.

- دېيىل كارنېگ

▲ ھاياتلىقنى ھاسىل قىلغۇچى ئاساسلىق تەركىبلەر پاكىت ياكى ۋەقە ئەمەس، ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ئىدىيە جەھەتتىكى بوران- چاپقۇن، ئۇ ئۆمۈرۋايەت كىشىلەر مېڭىسىدە كېزىپ يۈرىدۇ.

- مارك تۋېن

▲ تۇرمۇشتا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئەڭ قاتتىق ئېزىدىغىنى سەمىمىيەتسىزلىكتۇر.

- ئاننى موررووۋلىند بىرگ

▲ ئۇستا يالغانچىدەك تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئۈستۈن ئادەم يوق.

- ئابراھام لىنكولن

▲ ئۆزۈڭنىڭ دۇنياسىدىنلا ئۆزۈڭنى تاپالايسەن.

- ئەرەب ھېكمىتى

▲ كىشىلەرنىڭ ساڭا بېرىدىغان باھاسىدىن غەم يەپ يۈرگىچە، ۋاقىت چىقىرىپ ئۇلار ئاپىرىن ئوقۇيدىغان ئىشلارنى ئورۇندىغىن.

- دېيىل كارنېگ

▲ ياشلىق باھارىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئەڭ شاد- خۇرام ۋاقىت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش بىر خىل سەپسەتە. ئەڭ ھەۋەسكار ئىدىيىسىنى ئويلايدىغانلار ئەڭ شاد- خۇرام كىشىلەردۇر.

- ۋىلىيام لىيئون پېلىپ

▲ ئەگەر ئۆزۈڭ قىلىۋاتقان ئىشقا ئىشەنسەڭ ھەر قانداق ئىشنىڭ ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويما. دۇنيادا ئىنتايىن ياخشى ئىشلەنگەن نۇرغۇن ئىشلار گويا مۇمكىن بولمايدىغان ئەھۋالدا ئورۇندالغان. شۇڭا بۇنىڭ توگۈنى ئىشنى ئورۇنداشتا.

- دېيىل كارنېگ

▲ تارىخ بىزگە شۇنى ئۆگەتتىكى، بىز ئىنتايىن جىددىي دەپ قارىغان مەسىلىگە جاۋاب ئېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باشقا مەسىلىلەر ئېلىشى مۇمكىن، بۇ بىر بايقاش جەريانى بولۇپ، بىزدىكى بارلىق گاڭگىراشلارنى تارمار قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

- ج. روببېرت ئوپپېنھېمېر

▲ ئەجدادلارنىڭ چېدىر- بارگاھىدا ئۇخلاۋەرمە. دۇنيا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىلگىرىلە.

- گىئۇزېپ مازىنى

▲ دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئىش، بىزنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزدا ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ قايسى نىشانغا قاراپ ماڭغانلىقىمىزدا.

- ئولىۋېر ۋېندېل ھولمېس

▲ كىشىلەر ئىدىيىۋى جاپادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەمىشە ۋاقىتلىق تەدبىرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ.

- توماس. ئا. ئېدىسون

▲ ئۆزىدىن قانائەتلەنمەيدىغانلار ئۆسىدۇ؛ ئۆزىنىڭ توغرىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەيدىغانلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايدۇ.

- جۇڭگونىڭ ھېكمەتلىك سۆزى

▲ مەڭگۈ نادانلىقتا قېلىشنىڭ مەخپىي رېتسىپى ئىنتايىن ئاددىي ۋە ئۈنۈملۈك بولىدۇ؛ ئۇ بولسىمۇ ئۆز پىكرىدىن مەمنۇن بولۇش ھەمدە ئۆزىنىڭ بىلىمىدىن قانائەتلىنىش.

- ئېلبېرت ھۇببارد

▲ ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، ئەمما، بۇ قىسقا ئۆمۈرنى پەسكەشلىك بىلەن ئۆتكۈزسەڭ، بەك ئۇزۇن تۇيۇلىدۇ.

- شېكىسپىر

▲ بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئىممىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قايسى دەرىجىدە ۋە قايسى مەنىدە ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلىشىغا باغلىق.

- ئېيىنىشتىيىن

▲ ياخشى مەرگەن دېگەن گۈزەل نامغا ئېرىشىش ئۇنىڭ ئوقياسىغا ئەمەس، بەلكى قارىغا ئېلىشىغا باغلىق.

- لىلىي

▲ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئىشقا تۇتۇش قىلغان ئادەم ئىككىلا جەھەتتە مەغلۇب بولىدۇ.

- ئېزوپ

▲ نۇرغۇن كىشىلەر ياشلىق باھارىدىكى بەختىنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بەدىلى قىلىدۇ.

- مۇزارت

▲ بەزىدە، بىر ئادەمنىڭ ئەخمەقلىقى يەنە بىر كىشى ئۈچۈن ئامەت بولىدۇ، بىر تەرەپنىڭ خاتالىقى دەل يەنە بىر تەرەپنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. خۇددى تەمسىللەردە ئېيتىلغاندەك «يىلان يىلاننى يېسە ئەجدىھاغا ئايلىنىدۇ».

- سېنېكا

▲ تاسادىپىي ئامەت كىشىنى تەنتەك ۋە تەلۋە قىلىپ قويىدۇ، ئەمما چېنىقىشتىن ئۆتكەن ئامەت ئادەمنى ئۇلۇغۋار كىشىگە ئايلاندۇرىدۇ.

- سېنېكا

▲ قىمار- ئاچكۆزلۈكنىڭ ئوغلى، نورمال بولمىغان قېرىندىشى، بەختسىزلىكنىڭ دوستى.

- ۋاشىنگتون

▲ پىتنىخورلۇق- يامان غەرەزلىكلەرنىڭ خۇشاللىقىدۇر.

- گېبېل

▲ ئادەم سۆزلىيەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن يىرتقۇچ ھايۋاندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. لېكىن سۆزنى توغرا قىلمىساڭ، يىرتقۇچ ھايۋان سەندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

- سادى

▲ كىمكى ئۆزىنى ھۆرمەتلىسە، شۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ.

- بالزاك

▲ لەقەم قويۇش مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قىلىنغان مۇلاھىزىدۇر.

- بازلىت

▲ دۇنيادا ئەڭ تېز ۋە لېكىن ئەڭ ئاستا ئۆتىدىغان، ئەڭ ئۇزۇن ۋە لېكىن ئەڭ قىسقا، ئەڭ ئاددىي ۋە لېكىن ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئاسان سەل قارىلىدىغان ۋە لېكىن كىشىلەر ئەڭ پۇشايمان قىلىدىغان نەرسە ۋاقىتتۇر.

- گوركىي

▲ ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتقا تەڭ كېلىدىغان بەختسىزلىك يوق.

- تۇرگېنېۋ

▲ زېرەكلىكتىن باشقا مۈلكى بولمىغان ئادەم ئۈچۈن ۋاقىت بىردىنبىر كاپىتالدۇر.

- بالزاك

▲ ۋاقىتتىن ۋاز كەچكەن ئادەمدىن ۋاقىتمۇ ۋاز كېچىدۇ.

- شېكىسپىر

▲ ھەسرەتنى داۋالاشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى-

بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش.

- لۇئىس

▲ غەلىبە ئەڭ ئاخىرقى بەش مىنۇتتا.

- ناپالېئون

▲ ئالىلىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلاردىن پۇشايمان يەپ ئۆزۈڭنى دەپسەندە قىلماستىن، ھازىر قىلالايدىغان ئىشلار ئۈچۈن تىرىشقىن.

- لىلىي

▲ مۇۋەپپەقىيەت ئارقىغا يانمايدىغان يۈرەكلىك بالىدۇر.

- بېنجامىن دىسرائىل

▲ ئىشنى قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەندە تېز تۇتۇش قىلىش مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر.

- بېكون

▲ قىزغىنلىق خۇددى دەرياغا، دېڭىز-ئوكيانغا ئوخشايدۇ، تېيىزلىرى شاۋقۇنلۇق، چوڭقۇرلىرى ئۈنسىز كېلىدۇ.

- رۇلى

▲ ئۈمۈشسىزلىق ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ يولىدۇر.

- بېيرۇن

▲ بەختسىزلىك ئەڭ ياخشى ئالىي مەكتەپتۇر.

- بېلىنسكىي

▲ ئاپەت كىشىلەر ئۈچۈن سىناقتۇر.

- فىرىچار

▲ ئازابلىنىشتىن ئىبارەت بۇ ساپان بىر تەرەپتىن يۈرىكىڭنى تىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھاياتىڭنىڭ يېڭى بۇلىقىنى قازىدۇ.

- رومان روللاند

▲ لۇغەتتە ئەڭ مۇھىم بولغان ئۈچ سۆز بار، ئۇ بولسىمۇ ئىرادە، خىزمەت، كۈتۈپ تۇرۇش. مەن ئۆزۈمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى پىرامىدانى مۇشۇ ئۈچ ئۇل ئۈستىگە قۇرىمەن.

- باستېر

▲ ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل كۈچ- قۇۋۋىتى سەۋرچانلىق بىلەن ۋاقىتنىڭ قوشۇلمىسىدۇر. قەيسەرلىك دېگىنىمىز ھەم ئىرادىلىك بولۇش، ھەم پەيتنى كۈتۈش دېمەكتۇر.

- بالزاك

▲ گۈزەللىك تەبىئىي بىر خىل ئەسەردۇر.

- تازوپ

▲ گۈزەللىك ئەركىنلىكنىڭ يۈرىكى ۋە ساغلاملىقىنىڭ ئوغلاندۇر.

- جېكۈي

▲ چوڭلارنىڭ خاسلىقى بالىلىق چېغىدىلا يېتىلىدۇ.

- ۋوددس ۋورت

▲ كۆڭۈل شادلىقى جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئەڭ ياخشى تازىلىقتۇر.

- گېئورگى ساند

▲ شاد- خۇراملىق ساغلاملىق دېمەكتۇر، غەم- قايغۇ كېسەللىك دېمەكتۇر.

- خالىبېرتون

▲ ھەقىقەت نوپۇزنىڭ قىزى ئەمەس بەلكى ۋاقىتنىڭ قىزىدۇر.

- بىلېيخىت

▲ دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسە مېڭىسى جايىدا، كۆڭلى تۈز دوستلارغا يەتمەيدۇ.

- ئېينىشتېين

▲ ھەقىقىي دوست سەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا، سەن ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ، ئەمما سېنى ماختىمايدۇ؛ سەن بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ياكى ھەسرەت چەككەندە ساڭا ۋاقتىدا مەدەت ۋە ئىلھام بېرىدۇ؛ سەندە كەمچىلىك يۈز بېرىپ، خاتالىشىش ئېھتىمالى كۆرۈلگەندە، ساڭا توغرا تەنقىد ۋە ياردەم بېرىدۇ.

بىز دوستلىرىمىزغا مۇشۇنداق تەلەپ قويۇشىمىز لازىم. مۇشۇنداق دوستلۇق ھەقىقىي قىممەتلىك بولىدۇ.

- م. گوركىي

▲ خەتەرلىك ئىچىدە، گۇمانلانغان دوست نىجاد يۇلتۇزى بولۇپ قالىدىغان، ئەڭ ئىشەنچلىك دوست ساتقىن بولۇپ كېتىدىغان ئەھۋال دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

- ئېزوپ

▲ ئەقىل- پاراسەت بىر گۆھەر، ئۇنىڭغا كەمتەرلىكتىن قىرچىقارغاندا تېخىمۇ نۇر چېچىپ كۆزنى چاقنىتىدۇ.

- م. گوركىي

▲ ئۆزىدىن قانائەتلەنمەسلىك ھەقىقىي تالانتلىق كىشىلەرنىڭ توپ ئالاھىدىلىكىدۇر.

- چېخوۋ

▲ قارىغۇلار ئېلىدە يەكچەشمە پادىشاھ بولۇر.

- ئېراسمورس

▲ يۈز دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراشنى سەممىيلىك بىلەن خالايمەنكى، ئۇن دوستنىڭ ساختىلىق بىلەن ماختىشىغا ئېرىشىشنى خالىمايمەن.

- پېتوفي

▲ نازاكەتلىك سۆز خۇددى چۈمبەل ئۈستىدىن سۆيگەنگە ئوخشايدۇ.

- ۋىكتور ھيوگو

▲ خۇشامەتچىلىك گۇناھنى سورۇيدىغان شامالدۇرغۇچتۇر.

- سېكىسپېر

▲ شۆھرەتپەرەسلىك ساختىلىقنىڭ بەھسۇلىدۇر.

- كارلىلىي

▲ بىر كىشىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ئۇنىڭ دۆتلۈك دەرىجىسى بىلەن تەڭ بولىدۇ.

- ئالېكساندىر پوپىۋ

▲ مۇھەببەت بىر يۈرەكنىڭ يەنە بىر يۈرەكنى چېكىپ بېقىشى ئەمەس، بەلكى ئىككى يۈرەكنىڭ تەڭ سوقۇشىدىن كېلىپ چىققان ئۇچقۇندۇر.

- ئىساكوۋىسكى

▲ ھەددىدىن زىيادە ئۆزۈن ئىسىم نېمىدېگەن ئېغىر يۈك- ھە!

- ۋولتېر

▲ كىمكى ھەر كۈنى ھېيتلىق كىيىم كىيسە ئۇنىڭ ھېيتلىق كىيىمى بولمايدۇ.

- گېرمان تەمسىلى

▲ تالانت دېمەك- سەۋرچانلىق دېمەكتۇر.

- برخۇن

www.uyghurkitap.com

▲ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرۈش ھاياتتىكى زېرىكىشلىك ۋاقىتنى غايەت زور راھەتلىك پەيتكە ئايلاندۇرغانلىق بولىدۇ.

- پىتبىداك

▲ ئادەم قانچە كۆپ پىكىر يۈرگۈزسە شۇنچە ئاز گەپ قىلىدۇ.

- مونتېسكيو

▲ ھەقىقەت دەرياسى ئۆزىنىڭ خاتالىق جىلغىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ.

- تاگور

## دانىيىل دېفو ھېكمەتلىرىدىن

### - «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزو كروزۇ»دىن ھېكمەتلەر

▲ ئۆيگە قايتىشنى (روبىنزون كروزۇنىڭ ياشلىق دەۋرىدە ئاتىسىنىڭ پايدىلىق نەسىھىتىگە كۆنمەي تەۋەككۈلچىلىك سەپىرى قىلىپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇھەررىردىن) ئويلىساملا، كاللامدىكى ياخشى نىيىتىم دەرھال نومۇسچانلىقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايتتى. مەن دەرھاللا قوشنىلارنىڭ مىنى قانداق مازاق قىلىدىغانلىقىنى، ئاتا- ئانامغا كۆرۈنۈشنىڭلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا كۆرۈنۈشنىڭمۇ قانچىلىك ئۇياتلىق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلايتتىم. بۇ ئىش كېيىنچە دائىم ماڭا كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ھەر دائىم ئۆز ئەقلىنىڭ يېتەكچىلىكىگە خىلاپ ئىش قىلىدىغانلىقىنى، ئەخلاقىي جىنايەتنى نومۇس بىلمەي، ئەكسىچە تۆۋە قىلىشنى نومۇس بىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىكىنى نومۇس بىلمەي، ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى تۈزىتىشنى نومۇس بىلىدىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى تۈزىتىش دەل باشقىلارنىڭ ئۇلارنى ئاقىل دەپ تونۇشىغا ئاساس بولىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

▲ كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭدىن يامان بىر ھالەتنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭلەشتۈرگەن ۋاقىتتا تەڭرىم ھامان ئۇلانى ئۆز تەجرىبىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇشىنىڭ قانچىلىك بەختلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسۇن دەپ ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىپ قويىدىكەن. بۇ، سۆزسىز شۇنداق بولىدىغان ۋە چوڭقۇر ئويلىنىشقا ئەرزىيدىغان بىر ئىش ئىكەن.

▲ مەمنۇنىيەت ھامان پالاكەتنىڭ ئەلچىسى بولۇپ قالىدۇ.

▲ بىز بىر يامان ئىشقا دۇچ كەلگەن ۋاقتىمىزدا چوقۇم شۇ ئىش ئۆز ئىچىگە ئالغان ياخشى ئىشنى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئىشلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم ئىكەن.

▲ دۇنيادىكى ھەرقانداق ياخشى نەرسىنىڭ ئىستىمال قىممىتىدىن باشقا ھېچقانداق قىممىتى بولمايدىكەن. ھەرقانداق نەرسە كۆپىيىپ كەتكەن ھامان ئۇنى باشقىلارغا بېرىۋېتىشكە توغرا كېلىدىكەن. بىز پەقەت ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن كېرەكلىك قىسمىدىنلا بەھرىلىنەلەيدىكەنمىز.

▲ ھەر قېتىم تاماققا ئولتۇرغىنىمدا تەڭرىمنىڭ (ئادەمسىز) چۆل بىر ئارالدا ماڭا مۇشۇنداق مول تائاملارنى ئاتا قىلغانلىقىغا يۈزمىڭ شۈكرى قىلىپ، ئۇنىڭغا ھېسابسىز ھەمدۇ- سانالار ئوقۇيتتىم. مەن ئاللىقاچانلا ئۆز شارائىتىمنىڭ پارلاق تەرەپلىرىگە كۆپرەك نەزەر سېلىپ، قاراڭغۇ تەرەپلىرىگە ئازراق نەزەر سېلىشنى؛ كۆرۈۋاتقان راھىتىمنى كۆپرەك ئويلاپ، كەم نەرسىلىرىمنى ئازراق ئويلاشنى بىلىۋالغانىدىم. مۇنداق پوزىتسىيە بەزىدە مىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل كۆڭۈل شادلىقىغا چۆمدۈرەتتى. مەن بۇ سۆزلەرنى يېزىش ئارقىلىق ھېلىقىدەك ئىنساب قىلىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمەنكى، ئۇلار ھەر دائىم ئۆزى تېخى ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرگە كۆز قىزارتىپ، شۇنىڭ كويىدىلا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، تەڭرىم ئۇلارغا ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن كەڭ- كۇشادە بەھرىلىنەلمەيدۇ. مېنىڭچە، بىزنىڭ ھامان يېتىشمەسلىك ھېس قىلىشىمىزدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئېرىشكەن نەرسىلىرىمىزگە شۈكرى قانائەت قىلمىغانلىقىمىزدا.

▲ ئۆز قەلبىڭ بىلەن گەپلەشسەڭ ھەم ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق تەڭرىم بىلەن گەپلەشسەڭ، بۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ئەتراپلىق بېرىش- كېلىشتىنمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟

▲ بىز تېخىمۇ ناچار شارائىتنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمىگىچىلا ئەسلىدىكى شارائىتىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى بىلەلمەيدىكەنمىز؛ ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالمىغىچىلا ئەسلىدىكى نەرسىلىرىمىزنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەنمىز.

▲ تەڭرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشىلىك ھاياتى نېمە دېگەن غەلىتە نەرسە. ئىنساننىڭ ھېسسىياتى ئوخشاش بولمىغان شارائىتتا قانداق ئۆزگىرىشلەرنى ياسايدۇ- ھە! بۈگۈن سۆيگەن نەرسىمىز ئەتىلا نەپرەتلىنىدىغان نەرسىمىزگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. بۈگۈن قوغلاشقان نەرسىمىز ئەتىلا قاچىدىغان نەرسىمىزگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. بۈگۈن تەلپۈنگەن نەرسىمىز ئەتىلا قورقىدىغان ھەتتا كۆرسەك يۈرىكىمىز يېرىلىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن.

▲ كىشىلەر ۋەھىمە ئىلكىگە چۈشۈپ قالغان چاغلىرىدا قانداق بىمەنە ۋە كۈلكىلىك پىلانلارنى تۈزىدۇ- ھە! ۋەھىمە كەيپىياتى كىشىنىڭ ئىدراك ئارقىلىق تاپقان چارىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىۋېتىدىكەن.

▲ خەۋپ- خەتەر توغرىلىق ئويلاش- خەۋپ- خەتەرنىڭ ئۆزىدىن مىڭ ھەسسە قورقۇنچلۇق بولىدىكەن.

ئىبادەت ئۈچۈن ۋەھىمە ۋە خاتىرجەمسىزلىك كەيپىياتى ئەمەس، بەلكى خاتىرجەملىك، مىننەتدارلىق، كۆيۈمچانلىق كەيپىياتى تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدىكەن. كىشى زور بىر بالا- قازانىڭ ۋەھىمىسىدە تۇرغىنىدا، خۇددى كېسەل ياتقاندا خاتىرجەم تۇۋا- ئىستىغپار ئوقۇيالمىغاندەك خاتىرجەم ئىبادەت قىلالمايدىكەن. چۈنكى كېسەل

كىشىنىڭ تېنىگە تەسىر قىلغاندەك، بۇ خىل خاتىرجەمسىزلىك كىشىنىڭ روھىغا تەسىر قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خاتىرجەمسىزلىك بىر خىل روھىي ئىللەت بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىبادەتكە بولغان تەسىرى جىسمانىي ئىللەتنىڭكىدىن قېلىشمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئىبادەتنىڭ جىسمانىي پائالىيەت ئەمەس، بەلكى روھىي پائالىيەت ئىكەنلىكى بولسا كېرەك.

▲ بىز ئۆز شارائىتىمىزنى ئۆزىمىزنىڭكىدىن ياخشى شارائىت بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭكىدىن ناچار شارائىت بىلەن سېلىشتۇرساقلا ئۆز تەقدىرىمىزگە شۈكۈر قىلىدىكەنمىز، ئەتىدىن كەچكىچە زارلىنىپ يۈرمەيدىكەنمىز، شۇنىڭ بىلەن كىشىلىك جەمئىيەتتىكى ئاغرىنىش سۆزلىرىمۇ تۈگەيدىكەن.

▲ بىز ھەر دائىم كىشىنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان يوللار بىلەن ھەر چوڭ بالا- قازالاردىن قۇتۇلۇپ قالىدىكەنمىز-دە، ئۇنى ئۆزىمىزمۇ تۇيماي قالىدىكەنمىز؛ بىز ئىككىلىنىپ قېلىپ، قايسى يولغا مېڭىشىمىزنى بىلەلمەي قالغان ۋاقتىمىزدا، ھامان كۆڭلىمىزدە قانداقتۇر بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇپ «مۇنۇ يولغا ماڭ» دەپ بىز ئەسلىدە ماڭغىمىز كەلگەن يولدىن باشقىچە بىر يولنى كۆرسىتىدىكەن. ھەتتا بەزىدە بىزنىڭ سەزگۈمىز، ئارزۇيىمىز ياكى ۋەزىپىمىز بىزنى مەلۇم بىر يولغا مېڭىشقا ئۈندەپ تۇرسىمۇ، قەيەردىن كەلگەنلىكى ۋە كىمدىن كۈچ- قۇۋۋەت ئالغانلىقى مەلۇم بولمىغان بىر پىكىر تۇيۇقسىزدىن كاللىمىزدا پەيدا بولۇپ، بىزنى باشقا بىر يولغا مېڭىشقا زورلايدىكەن. نەتىجىدە، ئۆزىمىز ماڭماقچى بولغان يولغا ماڭغىنىمىزدا ئاللىقاچان قۇتۇلغۇسىز بالا- قازاغا گىرىپتار بولىدىغانلىقىمىز ئىسپاتلىنىدىكەن.

▲ ھاياتىمىزدا بىز ھەممىدىن بەك قاچقان ۋە ھەممىدىن بەك قورققان بەزى ئىشلار ھامان بىزنىڭ كۈلپەتتىن قۇتۇلۇپ ئازادلىققا ئېرىشىشىمىزنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالىدىكەن.

▲ بالا- قازا ئەندىشىسى بالا- قازانىڭ ئۆزىدىنمۇ ئېغىر بولىدىكەن، بولۇپمۇ ئەندىشىدىن قۇتۇلالمىغان ۋاقتىمىزدا شۇنداق بولىدىكەن.

▲ بىر ئادەمنىڭ ئامانلىقى كۆپ ھاللاردا يەنە بىر ئادەمنىڭ ھالاكىتىدىن ئىبارەت بولىدىكەن.

▲ تەڭرىم بىزنى ھەر قانچە يامان شارائىت ۋە ھەرقانچە چوڭ بەختسىزلىك گىردابىغا تاشلىۋەتسىمۇ، بىزگە ھامان شۈكرى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى كۆرسىتىدىكەن. بىزگە ھامان بەزىلەرنىڭ شارائىتى بىزنىڭكىدىنمۇ ناچار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىكەن.

▲ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە دىگۇدەك تەڭرى ۋە تەبىئەت ئاتا قىلغان تۇرمۇش شارائىتىغا قانائەت قىلمايدىغان بىر ئىللەت بار. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تۈرلۈك كۈلپەتلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىغا شۇ ئىللەت سەۋەبچى بولىدۇ.

▲ ئىنسان بەزىدە تۈرلۈك- تۈمەن خەۋپ- خەتەرلەر ئىچىدە تۇرسىمۇ (بۇ خەۋپ- خەتەرلەرنى ئۆزى تۇيۇپ قالسا كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان بولاتتى) لېكىن تەڭرىم ئۇنىڭغا ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلدۈرمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان خەۋپ- خەتەرلەردىن قىلچە خەۋىرى يوق، تىنچ- ئازادە ياشاۋېرىدىكەن.

▲ تەڭرىم ئۆزى خالىغان چاغدا ئۆزىنىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلىپ، ئۇلارنىڭ مىللەت سۈپىتىدە ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئۈچۈن شۇ مىللەتنى ئورتاق جازاغا ھۆكۈم قىلىدۇ.

▲ ۋاپاغا ۋاپا قىلىش ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئىشەنچلىك پەزىلەت ئەمەس، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىشىنى بەلگىلەشتە ھامان ئۆزلىرى ئېرىشكەن ياخشىلىقنى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى ئېرىشمەكچى بولغان مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدۇ.

▲ بەزىدە مەلۇم بىر ئىشنىڭ سادىر بولماسلىقىغا كۆزىمىز يېتىپ تۇرغان چاغدا دىلىمىزغا قانداقتۇر بىر سىرلىق بېشارەت پەيدا بولۇپ بىزگە «خەتەرلىك» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشنى بېرىدۇ. بۇ خىل بېشارەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشقا ھەرقانداق ئادەم سەل قارىماسلىقى كېرەك. مۇشۇنداق ئىشلارغا سەل- پەل دىققەت قىلغان كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇنداق بېشارەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قوبۇل قىلىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر دۇنيادىن كەلگەن بىر خىل روھىي ئالاقە ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ بىزنى مەلۇم بىر خەۋپ- خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈنلا كەلگەن بولسا، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنى مەلۇم بىر دوستانە كۈچنىڭ ياخشى نىيەتتىكى ياردىمى، دەپ ھېسابلىمايمىز؟

▲ بۇ دۇنيادا بىز ھامان كۆز ئالدىمىزنىلا كۆرۈپ، يىراقنى كۆرەلمەيمىز؛ ئەمەلىيەتتە، بىز ئۇلۇغ تەڭرىگە خۇشاللىق بىلەن ئىشىنىشىمىز، تەڭرىنىڭ، ئۆزى ياراتقان جانلىقلارنى ھەرگىزمۇ ھالاكەت يولىغا چۈشۈرۈپ قويمايدىغانلىقىغا، ئەڭ ناچار شارائىتتىمۇ ئۇلارغا بەلگىلىك ھايات يولى بېرىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ نىجاد يۇلتۇزى ھامان ئۇلارنىڭ ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىن كۆپ يېقىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. بىز يەنە شۇنىمۇ بىلىشىمىز كېرەككى، بەزىدە تەڭرىمنىڭ كۆرۈنۈشتە ھالاكەتكە مەھكۇم قىلغىنىنى ئەمەلىيەتتە بالا- قازادىن قۇتۇلدۇرغىنى بولۇپ چىقىدۇ.

تەييارلىغۇچى: **دىلئارام قۇربان** (ئوقۇغۇچى) (M1)

www.uyghurkitap.com



# مەدەنىيەت سەنئەت گېزىتى

1998- يىل 1- سان
ئومۇمىي 26- سان

## ئۇچۇرلار

▲ بۇلتۇر ئۇيغۇر سەنئىتى ئۈچۈن شۆھرەتلىك يىل بولدى. خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغۇل- قىزلىرىدىن «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر 1997- يىل 22- ئىيۇندا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان سۇ يۈزىدىن 402 مېتىر ئېگىزلىكتىكى، 7. 640 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارغامچىدىن 13 مىنۇت 48 سېكونتتا ئۆتۈپ، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كانادالىق كوچرەين 1995- يىلى 28- ئۆكتەبىردە بۇ يەردە ياراتقان 53 مىنۇت ئون سېكونتتا ئۆتۈشتەك دۇنيا جىننىس رېكورتىنى بىراقلا 39 مىنۇت 63 سېكونت ئالدىغا سۈرۈش ئارقىلىق يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتتى؛ ناخشا- ئۇسسۇل چولپانلىرى تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان بىلەن ئايتۇرسۇن نىياز 1997- يىلى 28- ئىيۇلدىن 5- ئاۋغۇستقىچە كۇبا پايتەختى ھاۋانادا ئۆتكۈزۈلگەن 14- نۆۋەتلىك خەلقئارا ياشلار- ئوقۇغۇچىلار سەنئەت فېستىۋالىدا «كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتكارلار ئالىي مۇكاپاتى»غا ئېرىشىپ؛ دىلنار ئابدۇللا 1997- يىل 21- سېنتەبىردىن 25- سېنتەبىرگىچە ياپونىيىنىڭ دابەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا سەنئەت بايرىمىدا «ئەڭ ئالىي ئورۇنداش مۇكاپاتى»غا ئېرىشىپ؛ سېرك- سېھىرگەرلىك چولپىنى روشەنگۈل ئەبەيدۇللا 1997- يىل ئىيۇلدا ئامېرىكىنىڭ پايتەختى نيۇ- يوركتا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا بويىچە 69- نۆۋەتلىك 10 مەشھۇر سېھىرگەرنى تاللاشتا 7- لىككە ئېرىشىپ ئۇيغۇر سەنئىتىگە دۇنياۋى شەرەپ كەلتۈردى.

▲ 1997- يىل 27- نويابىردا 3- نۆۋەتلىك «شىنجاڭدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن 10 ياش»نى باھالاشتا «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر «شىنجاڭدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن 10 ياش»نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

▲ 1997- يىل 9- دېكابىردا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇكابات تارقىتىش يىغىنى ئېچىپ، 1997- يىل 21- سېنتەبىردىن 25- سېنتەبىرگىچە ياپونىيىنىڭ دابەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا سەنئەت بايرىمىدا شەرەپ قوزغاپ قايتىپ كەلگەن ئاتاقلىق موڭغۇل ناخشىچى دېدېما، ئاتاقلىق بەيزۇ ئۇسسۇلچى ياڭ لىپىڭ، ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئۇسسۇلچى دىلنار ئابدۇللا، جۇاڭزۇ ياش ئۇسسۇلچى لۇيا، تەيزۇ ئۇسسۇلچى شيەن جيالىن قاتارلىق مۇنەۋۋەر سەنئەتكارلارنى تەقدىرلىدى. ئۇلار دابەن خەلقئارا سەنئەت بايرىمىدا كامالەتكە يەتكەن ماھارىتى بىلەن پۈتكۈل سەنئەت بايرىمىنى زىلزىلىگە سالغان ھەمدە سەنئەت بايرىمىدا تارقىتىلىدىغان 1 «ئەڭ ئالىي سەنئەت مۇكاپاتى»غا، 2 «ئەڭ ئالىي ئورۇنداش مۇكاپاتى»غا، 2 «ئورۇنداش مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەنىدى.

▲ 1997- يىل 23- دېكابىردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا ئەدەبىيات- سەنئەت خىزمىتى بويىچە خۇلاسىلەش ۋە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، دۆلەت ئىچى ۋە چەتئەللەردىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى ۋە سەنئەتكارلارنى تەقدىرلىدى. يىغىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن «5 بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاپتورلار، 7- نۆۋەتلىك «مەدەنىي جۇڭخۇا» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر تىياتىرى «گۈلەمخان» ۋە ئۇيغۇر ئوپېراسى «مۇقام ئەجدادلىرى» (بۇ ئوپېرا ژۇرنىلىمىزنىڭ 1985- يىل 3- سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. مۇھەررىردىن) قاتارلىقلار ئايرىم- ئايرىم ھالدا 40 مىڭ يۈەن بىلەن؛ «مەدەنىي جۇڭخۇا مۇزىكا مۇكاپاتى»، «مەدەنىي جۇڭخۇا ئورۇنداش مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەنلەر 5000 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى. جۈملىدىن شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى ۋە بىر تۈركۈم سەنئەتكارلار، ئىجادىيەتچىلەرمۇ مۇكاپاتلاندى.

▲ دۆلىتىمىز ۋە چەتئەللەرگە مەشھۇر بولغان يارغول قەدىمكى شەھىرى خارابىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىخانىسى بۇلتۇر ئۆكتەبىردە رەسمىي پۈتتى. ب د ت پەن- مائارىپ، مەدەنىيەت تەشكىلاتى، ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ۋەكىللىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى تۇرپانغا كېلىپ تەبرىكلىدى. 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بۇ كۆرگەزمىخانا قۇرۇلۇشىنى ب د ت پەن- مائارىپ تەشكىلاتى يېقىندىن قوللىغان، ياپونىيەلىك خۇا خالىسانە ھەمكارلىق تۈرى 630 مىڭ يۈەن ياردەم بەرگەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى قۇرۇلۇشقا كونكرېت مەسئۇل بولغان. بۇ قۇرۇلۇشنى لايىھەلەش، ماتېرىيال ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاللاش، بېكىتىش ئىشلىرىنى دۆلەتلىك مۇزېي ئۈستىگە ئالغان.

▲ 1997- يىل 25- دېكابىردا، جۇڭچىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر 7- نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن رەيھانگۈل؛ جەزىرە (قازاق)، زۇلپىيە ئىجراسىدىكى ئۇيغۇرچە 3 كىشىلىك ئۇسسۇل «تەخسە ئۇسسۇلى» 1- دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، ئەسقەر رېقىپ بىلەن مۇقەددەس ئىجراسىدىكى ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «دولانلىقلار» 2- دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، زەينجان ئىجراسىدىكى تاجىكچە ئۇسسۇل «مۇزتاغ ئوغلانى»، ياسىنجان ئىجراسىدىكى ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «سابا» 3- دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

**تەييارلىغۇچىلار: رىسالەت مۇھەممەت، گۈلچېھرە ئەزىز**



شىنجاڭ ئۆزبېك مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەمئىيىتى 1997-يىل 27-نويابىردا ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى، دراماتورگى شۈكۈر يالقىننىڭ 80ياشقا تولغانلىقى، ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ 65يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «شۈكۈر يالقىن ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزدى. يىغىندا بۇ مۆتىۋەر زاتنى قۇتلۇقلاپ تون كىيگۈزۈلدى.

- سۈرەتتە (سولدىن ئوڭغا): قادىر ئەكبەر، شۈكۈر يالقىن، ئەنۋەرخانبابا، تەلئەت ناسىرى

رىشات ئەزىزى فوتوسى


《新疆文化》 （维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1998 - يىل 1 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主办:新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版:《新疆文化》杂志编辑部
地址:乌鲁木齐市胜利路 193 号
邮编:830001 电话:2856942
印刷:《新疆日报》印刷厂
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھرى غالىبىيەت يولى 193 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001. تېلېفون نومۇرى: 2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号:CN65－－1073/I
本刊代号:58－－22 定价:3元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65－1073/I
ۋەكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 3 يۈەن

● ئۇيغۇر سەنئىتىگە دۇنياۋى شەرەپ كەلتۈرگەن ناخشا چولپىنى ئايتۇرسۇن نىياز ●



ئايتۇرسۇن نىياز: ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تالانتلىق ياش ناخشىچىسى. ئۇ، 1997-يىلى 28-ئىيۇلدىن 5-ئاۋغۇستقىچە كۇبا پايتەختى ھاۋانادا ئۆتكۈزۈلگەن 14-نۆۋەتلىك خەلقئارا ياشلار-ئوقۇغۇچىلار سەنئەت فېستىۋالىدا «كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتكارلار ئالىي مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

ئالىم خالىددىن فوتوسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com